«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物

XINJIANG CIVILIZATION • СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА • シンキョウブンカ



ئەنئەنىۋى قەغەزچىلىك
مەدەنىيىتىمىزنىڭ تىرىك شاھىتى،
خوتەن قەغىزى ياساش ھۈنىرىنى
زامانىمىزغا يەتكۈزگەن تۆھپىكار، خوتەن
قەغىزى ياساش بويىچە 10- ئەۋلاد
تەۋەررۈك ئۇستىكار تۇختى باقىباچىم ئاتا
— ئادىل ئىسمائىل فوتوسى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

3

2006

ISSN 1008-6498
9 771008 649003 05>

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



«يولتۇز ئەپسانىسى»، «پۈتمەس سەترلەر»، «چاقماق»، «هاياتلىق زەنجىرى»؛ «شاراب بالاسى»، «مەنسۇرھەللاج» (بۇ ئىككى رومان نەشرىياتقا تەپشۇرۇلغان) قاتارلىق رومانلار؛ «دات باسماس قىلىچ»، «ماڭا ئىجازەت بېرىڭلار»، «قارا كۆز»، «مۇھەببەت قارىغۇ ئەمەس»، «قانلىق قىرغاق» (كوللېكتىپ توپلام) ناملىق پوۋېستلار توپلاملىرى؛ «تاشبوران»، «سىر يېشىلگەندە» ناملىق ھېكايىلەر توپلاملىرىنىڭ مۇئەللىپى، ئىستېداتلىق يازغۇچى، شائىر ئابدۇللا ساۋۇت ئەپەندى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(55 ـ يىل نەشرى)
قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2006 ـ يىل 3 ـ سان
(ئومۇمىي 279 ـ سان)



ژۇرنال تەھرىر ھەيئىتى:
مۇدىر: ئابلىز ئابدۇرېھىم
(ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت
نازارىتىنىڭ نازىرى)

ھەيئەت ئەزالىرى:
ئابلىز ئابدۇرېھىم
ئابدۇكېرىم رەھمان
ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان
ھاجى خوجىئابدۇللا ئوسمان
جاڭ خۇڭچاۋ
ئىمىن ئەھمىدىي
ئابدۇقادىر جالالىدىن
مامبەت تۇردى
ئادىل مۇھەممەت تۇران
راملە مۇھەممەتئىمىن
زۇنۇن باقى
قۇربان مامۇت
رىسالەت مۇھەممەت

مەسئۇل باش مۇھەررىر:
ئابلىز ئابدۇرېھىم (قوشۇمچە)
(ئالىي مۇخبىر)


● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىبابلىق، ئوقۇشچانلىق ●

## بۇ ساندا

### مەخسۇس ماقالە


ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىنىڭ يېڭى باسقۇچى....ئابلىز ئابدۇرېھىم 2


### مۇگداشقىلى مەن كەلدىم


سەن پۇل تاپالايتتىڭ، ساتىراش ئاكا ........................... ئابدۇللا مۇھەممەدىي 9


### مەنمۇ قارىشىمنى قويۇپ باقاي


«يەكچەشمە»نىڭ شەھرىدە بىر كۆزىمىزنى قىسىۋالامدۇق؟ ..... مەريەمگۈل قاتارلىقلار 11


### ئەدەبىيات گۈلزارى


مەشئەل كۆتۈرگەن كىشلەر.................. (پوۋېست) .................. خالىدە ئىسرائىل 12


### خەلقىنىڭ سەنئەت مەكتىپى


مەشرەپ ۋە تېلېۋىزىيە ئېكرانى ........................... نىجات نىياز خوجا 41


### تەپەككۇر كۆزى


تەپەككۇر مېۋىلىرى.................. ئادىلجان مۇھەممەت (يالقۇنىي) قاتارلىقلار 44


### بۈگۈنكى دۇنيا


ئالتۇن دەۋردىن سۇلياۋ دەۋرگىچە.............................. ئەنۋەر مەتسەئدىي 60


### قىرتاق پاراڭلار


ئۆلۈش .................. (ئەبجەش يازما) .................. تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس 65


### ئۆزۈڭنى تونۇ


ساۋاقنامە: غاپىللىقتىن نۇرلۇق تاڭغىچە ........................... ئۆمەرجان ئىسمائىل 68


### روھ چوققانلىرى


ئەركەكلىكنىڭ چىللىشى.............................. نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن 74


مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت


باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (ئالىي مۇھەررىر)
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: رىسالەت مۇھەممەت (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)
بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا تەھرىرى: قۇربان مامۇت

www.uyghurkitap.com




# ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىنىڭ يېڭى باسقۇچى

ــ شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ «11 ــ بەش يىللىق يىرىك پىلان» مەزگىلىدىكى پىلان ۋە تەسەۋۋۇرى

ئابلىز ئابدۇرېھىم
(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، ئالىي مۇخبىر)

## مەخسۇس ماقالە

ھەر مىللەت ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە سەنئەتكارلىرىنى يېتەكلەپ، يېڭى ئەسىردە ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىنىڭ يېڭى ۋە يۇكسەك پەللىسىنى يارىتىش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان ئىلمىي تەشكىلات ــ شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغان بىر يېرىم يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى، كۆچلۈك قوللاپ ــ قۇۋۋەتلىشى، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ قىزغىن مەدىتى ۋە ياردىمى، ئىلمىي جەمئىيىتىمىز ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشقان ھەر مىللەت ئالىم ــ مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئۆگىنىش تىرىشچانلىقى ئىلمىي تەشكىلات قۇرۇش يولىدا بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىشىپ، تەشەببۇسكارلىق، ئىجادىي ھەمكارلىق ئاساسىدا يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىشى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىدا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى؛ ئىلمىي تەتقىقاتتا بىر تۇتاش ماسلاشتۇرۇش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە دۇنياغا يۈزلىنىشتىن ئىبارەت ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئىلىم تەتقىقاتى خىزمىتىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە بىردەك ماسلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىنىڭ يېڭى باسقۇچىغا قەدەم قويدى.

ئىلمىي جەمئىيىتىمىز 2004 ــ يىلى 28 ــ دېكابىردا

قۇرۇلۇپ خىزمەت باشلاپ ئۇزاق ئۆتمەي، جەمئىيەت
مەسئۇللىرىنىڭ خىزمەت يىغىنى چاقىرىلىپ، سابىق شىن-
جاڭ 12 مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى، سابىق شىنجاڭ
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى،
سابىق شىنجاڭ 12 مۇقام تەتقىقات فوند ھەيئىتىنىڭ ئىل-
مىي جەمئىيىتىمىزگە ئۆزىنىڭ 16 يىللىق خىزمىتىدىن بەر-
گەن دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلۈپ، سابىق ئىككى ئىلمىي
جەمئىيەت ۋە فوند ھەيئىتىنىڭ خىزمىتى ئوڭۇشلۇق تاپ-
شۇرۇۋېلىندى. ئارقىدىنلا دائىمىي مۇدىرىيەت يىغىنى چا-
قىرىلىپ، ئىلمىي جەمئىيىتىمىزنىڭ 1 ـ قۇرۇلتىيىدا ۋەكىل-
لەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ ـ پىكىرلەرگە ئاساسەن
جەمئىيىتىمىز نىزامنامىسىغا بەزىبىر زۆرۈر تۈزىتىشلەر
كىرگۈزۈلۈپ،«نىزامنامە» يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى؛
ئىلمىي جەمئىيىتىمىزدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەت-
قىقاتى كومىتېتى، ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقات كومىتېتلىرى
تەسىس قىلىنىپ، بۇ ئىككى تەتقىقات كومىتېتى ئۇيغۇر ك-
لاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتى بويىچە ۋەكىللىك
خاراكتېرگە ئىگە نوپۇزلۇق ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەردىن
تەركىب تاپتى؛ ئىلمىي جەمئىيىتىمىزنىڭ ئۈچ نەپەر مۇئا-
ۋىن باش كاتىپى، بەش نەپەر دائىمىي مۇدىرىيەت ئەزاسى،
توققۇز نەپەر مۇدىرىيەت ئەزاسى تولۇقلاپ سايلاندى.

بۇلتۇرىيىل بېشىدا چاقىرىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاس-
سىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى مەسئۇللىرى-
نىڭ خىزمەت يىغىنىدا 2005 ـ يىلى 4 ـ ئۆكتەبىردە قەش-
قەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان «مەھمۇد قەشقەرىي تۇغۇلغانلىقى-
نىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە مەملىكەتلىك ئىل-
مىي مۇھاكىمە يىغىنى»نى ئېچىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىل-
مىي خىزمەت قارارلاشتۇرۇلۇپ، ئەتراپلىق، كونكرېت،
ئەستايىدىل، يۇكسەك تەلەپچانلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇل-
دى. ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىزنىڭ كاتىبات باشقارمى-
سى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق كاتتا
مەرىكىسىگە نىشانلانغان بۇ ئىلمىي پائالىيەتكە يۇكسەك
مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن خىزمەتكە كىرىشىپ، ئاپتونوم
رايونىمىز ۋە پايتەختتىكى «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەت-
قىقاتى ساھەسىدىكى ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر، تەتقىقاتچى-
لار، ئىلمىي خادىملار، ئىلىم ئورگانلىرى، ئالىي مەكتەپ،
ئاكادېمىيىلەر ۋەئىلمىي، ئەدەبىي تەشكىلاتلارغا «مەھمۇد
قەشقەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش بو-
يىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»نى چاقىرىش
ۋە يىغىنغا قاتناشتۇرۇلىدىغان ئىلمىي ماقالىلەرگە قويۇل-
دىغان تەلەپ ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تارقاتتى. ئۇقتۇ-
رۇش تارقىتىلغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايو-
نىمىزدىكى «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتى ساھەسى-
دىكى ھەر مىللەت ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر، تەتقىقاتچىلار
ۋە ئىلمىي خادىملار يۇكسەك ئىلمىي كەيپىيات ۋە قىز-
غىنلىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق يىل مابەينىدە «تۈركىي
تىللار دىۋانى» تەتقىقاتىدا قولغا كەلتۈرگەن تەتقىقات نە-
تىجىلىرىنى ئىلمىي جەمئىيىتىمىزگە بەس ـ بەس بىلەن
يوللاپ بەردى. ئىلمىي جەمئىيىتىمىز تاپشۇرۇۋالغان 200
پارچىدىن كۆپرەك ئىلمىي ماقالىنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئە-
دەبىياتى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ئالىم ـ مۇتە-
خەسسىسلەرنى تەشكىللەپ، يۇكسەك ئىلمىي مەسئۇلىيەت-
چانلىق بىلەن ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، تاللاپ، بېكىتىپ
چىققاندىن كېيىن، يىغىنغا تاللانغان ماقالىلەرنىڭ ئاساسىي
مەزمۇنلىرىنى تاللاپ، ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدا مەخ-
سۇس مەجمۇئە قىلىپ، قەشقەردە ئېچىلغان مەملىكەتلىك
ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ئۇلگۇرتۇپ، يىغىنغا قالتىس
ئىلمىي كەيپىيات قوشتى، ئىلمىي ئۇل سالدى؛ يەنە كاتىبات
باشقارمىسى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى خادىم-
لارنىڭ كەسپىي جەھەتتە كۈچلۈك ماسلىشىشى بىلەن
«شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي
جەمئىيىتى 1 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلەر توپلىمى» ناملىق
مەجمۇئەنى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدا يۇقىرى سۈپەتلىك
نەشرىياتچىلىق ۋە باسما تەلىپى بويىچە تەييارلاپ، قەش-
قەردە ئېچىلغان «مەھمۇد قەشقەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000
يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھا-
كىمە يىغىنى»غا ئۇلگۇرتۇپ، ئىلمىي جەمئىيىتىمىزنىڭ نە-
شانى، خاراكتېرى، رولى ھەققىدە كۈچلۈك جامائەت پىك-
رى ھاسىل قىلىپ، يىغىنغا قاتناشقان دۆلىتىمىز ۋە ئاپتو-
نوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر،
تەتقىقاتچىلار، ئىلمىي خادىملارنىڭ قىزغىن قوللىشى، ئىل-
مىي جەمئىيىتىمىز خىزمەتلىرىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىشىغا
تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق شانلىق
تويىغا مول ئىلمىي مەزمۇن، جۇشقۇن، قاينام ـ تاشقىنلىق
ئىلمىي كەيپىيات، تەنتەنە ئۇستىگە تەنتەنە قوشقان «مەھ-
مۇد قەشقەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش
بويىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئاپتونوم
رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يۇكسەك ئېتىبار
بېرىشى، كۈچلۈك قوللىشى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم
ۋە مەمۇرىي مەھكىمە، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى فۇنكسىيىلىك
تارماقلار ۋە كونىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆ-
كۈمىتىنىڭ ئەتراپلىق، پۇختا تەييارلىق قىلىشى بىلەن
2005 يىلى 4 ـ ئۆكتەبىردە قەدىمىي مەدەنىيەت شەھىرى
قەشقەردە ئاجايىپ داغدۇغىلىق ئېچىلدى. ئاپتونوم رايون
رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارت-
كومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى نۇربەكرى، ئاپتونوم رايونىنىڭ
مۇئاۋىن رەئىسى كۇرەش مەخسۇتلار بۇ كاتتا ئىلمىي

مۇھاكىمە يىغىنىغا ئالاھىدە ئىشتىراك قىلىپ، ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر ۋە يىغىن ئەھلى بىلەن قىزغىن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ، ئۇلارنى قالتىس خۇشال قىلدى، روھىنى ئۇرغۇتتى؛ پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ بىلىمگە، ئىلىم ئەھلىلىرىگە، ئىلىم تەتقىقاتىغا، جۈملىدىن، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى، غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقى، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن كۈچلۈك قوللايدىغانلىقىنى نامايان قىلدى. مەملىكەت بويىچە چاقىرىلغان بۇ كاتتا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا پايتەختىمىز بېيجىڭدىكى ئاتاقلىق ئالىم ـ پروفېسسورلار، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر، تەتقىقاتچىلار، «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتى بويىچە يېڭىدىن يېتىشىپ چىقىۋاتقان .ياش ئىزدەنگۈچىلەر قىزغىن ئىلمىي كەيپىيات ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ «دىۋان» تەتقىقاتىدىكى يۇقىرى ئىلمىي قىممەت، يېڭىچە قاراش، ئۆرنەكلىك قىممەتكە ئىگە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «دىۋان» تەتقىقاتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى؛ «دىۋان» تەتقىقاتىنى ئاپتونوم رايونىمىزدىن پۈتكۈل مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشنىڭ قۇتلۇق قەدىمىنى نەتىجىلىك باستى. ئىلمىي جەمئىيىتىمىز قۇرۇلۇپ بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە نەتىجىلىك ئاچقان مەملىكەتلىك بۇ كاتتا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ كاتتا يىغىلىشى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتى نەتىجىلىرىنىڭ كۆرەك قىلىنىشى سۈپىتىدە دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەردە زور تەسىر قوزغاپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتى بويىچە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىشقا ئاساس سېلىندى.

بۇ كاتتا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا يەنە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تەرجىمە قىلىش،تەتقىق قىلىش، نەشر قىلىش، تەشكىللەش ۋە مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەردە ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر، ھۆكۈمەت ۋە جامائەت ئەربابلىرى تەقدىرلەندى؛ مەرھۇملارنىڭ تۆھپىسى ياد ئېتىلدى؛ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئۇلارغا يۇقىرى شان ـ شەرەپ بەردى.

2005 ـ يىلى 10 ـ نويابىردا ئاپتونوم رايون رەھبەرلىكى ئۈرۈمچىدە «جۇڭگو ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ DVD پلاستىنكىلىرىنى تۇنجى تارقىتىش مۇراسىمى»نى ئېچىپ، جۇڭگو ئۇيغۇر 12 مۇقامى DVD پلاستىنكىلىرىنىڭ رەسمىي تارقىتىلغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ ئەڭ زامانىۋى ـ ئىلغار پەن ـ تېخنىكا ۋاستىسى بىلەن تۆت خىل ئاۋاز يولى، ئۇيغۇر، خەنزۇ، ئىنگلىز، ئەرەب تىللىرىدا چۈشەندۈرۈش بېرىلگەن، پۈتكۈل دۇنيا خەلقى ئاڭلاپ، ئورتاق بەھرىلىنەلەيدىغان DVD پلاستىنكىلىرىنىڭ ئىشلىنىپ پۈتۈشى بىلەن، ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ توققۇز يىلغا سوزۇلغان VCD، CD، DVD پلاستىنكىلىرىنى ئىشلەش، نەشر قىلىش خىزمىتى غەلىبىلىك تاماملاندى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى مۇراسىمغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ، «جۇڭگو ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ VCD, CD, DVD پلاستىنكىلىرىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقى، ئۇيغۇر 12 مۇقامى تارىخىدىكى بىر مۇھىم نامايەندە» دەپ، بۇ ئۇلۇغ سەنئەت قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىلىك بولغانلىقىغا يۇقىرى باھا بەردى.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۈچلۈك قوللىشى بىلەن ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ VCD, CD, DVD پلاستىنكىلىرىنىڭ ئىشلىنىپ تارقىتىلىشى، بولۇپمۇ DVD پلاستىنكىلىرىنىڭ تۆت خىل يېزىقتا ئىشلىنىشى بىلەن ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشكە تولۇق شارائىت يارىتىلدى.

مۇراسىمدا يەنە 12 مۇقامنىڭ VCD, CD, DVD پلاستىنكىلىرىنى ئىشلەشتە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان خادىملار ۋە ئورۇنلار مۇكاپاتلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئەمگىكى ۋە تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بېرىلدى.

دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچلۈك قوللىشى بىلەن بەش يىلدىن كۆپرەك جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى دۆلىتىمىز ئىلتىماس قىلىپ يوللىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بويىچە ۋەكىللىك ئەسەر سۈپىتىدە ب د ت غا يوللانغانىدى. 2005 ـ يىلى 25 ـ نويابىر پارىژدا ب د ت مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىكى ئېلان قىلىندى. بۇ، جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىگە دۇنياۋى ئىلمىي قىممەت ۋە شان ـ شۆھرەت ئاتا قىلىپ، «شەرق مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى بىباھا گۆھەر» ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى ئاتاقلىق ئالىم، مۇقامشۇناس، مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ئېيتقان «ئۇيغۇر خەلقىنى دۇنياغا، كەلگۈسىگە توناشتۇرىدىغان مۆجىزىدار ھېكمەتنامە»، «شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى مۇزىكا، ئۇسسۇل، مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ جەۋھىرى» ئىكەنلىكىنى جاھان ئەھلىگە تەنتەنە بىلەن جاكارلاپ، ئاتاقلىق شائىر، مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيېۋ بۇنىڭدىن ئاز كەم 30 يىل مۇقەددەم يازغان «مۇقام» ناملىق شېئىرىدىكى «ياپقۇسى ئىنسانىيەت شەنىگە شاھى تون مۇقام» دېگەن ئارزۇسى بۈگۈن رېئاللىققا ئايلىنىپ، ئېلىمىزنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ، دۇنيانىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مەڭگۈلۈك ئابىدە تىكلىدى. ئاپتونوم رايونىمىز 2005 ـ يىلى 4 ـ دېكابىردا تەنتەنىلىك تەبرىكلەش

سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى نۇربەكرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى يىلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەسىدىكى 70 كە يېقىن ئالىم ـ مۇتەخەسسىس بىلەن تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىندا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى»نىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىكىنى تەبرىكلەپ يازغان بېغىشلىمىلىرى، تەبرىك تېلېگراما ۋە تەبرىك خەتلىرى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىللەتلەر كلاسسىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىيات مەركىزى، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزدىكى 29 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلىك مەدەنىيەت نازارەت ـ ئىدارىلىرى، 15 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلىك سەنئەت تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر بولۇپ 49 ئورۇن تەبرىك خېتى ۋە تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. رەئىس ئىسمائىل تىلىۋالدى «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى»نىڭ ب د ت تەرىپىدىن «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىكىنىڭ دۇنياۋى ئەھمىيىتىگە يۇقىرى باھا بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ قېتىمقى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىلتىماس قىلىشنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، ئىلتىماستا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئون يىللىق قۇتقۇزۇش ۋە قوغداش پىلانى»نى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈشتىكى ئۈمىد ۋە تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ ب د ت مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈلۈشى ئىلمىي جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن ئالەمشۇمۇل خۇشخەۋەر، غايەت زور ئىلھام. بىز بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنى كۈچلۈك قوللىغان، يۈكسەك ئېتىبار بەرگەن دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، نەشر قىلىش، سەھنىلەشتۈرۈش، ئۈن ـ سىنغا ئېلىش خىزمىتى بىلەن ئۇزاقتىن بۇيان شۇغۇللىنىپ قالتىس نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇ بىباھا دۇنياۋى مەدەنىيەت مىراسىنى ب د ت غا ئىلتىماس قىلىشتا كۈچلۈك ئىلمىي ئاساس ـ كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتكەن ھەر مىللەت ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلىرى ۋە سەنئەتكارلىرىغا، ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىگە بىۋاسىتە قول سېلىپ ئىشلىگەن دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىگە، ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئاجايىپ جاپالىق ئەمما يۈكسەك ئىلمىي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلىگەن ئىلتىماس قىلىش گۇرۇپپىسىدىكى خادىملارغا ئىلمىي جەمئىيىتىمىز نامىدىن ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز، ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز.

ئىلمىي جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىختىساسلىقلار بايلىقى ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئادەمنى ئاساس قىلىش، 21 ـ ئەسىر مەدەنىيەت تەرەققىياتى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىدا ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرگەن ھالدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىدىكى نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرلىرىنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈپ، تىرىشىپ شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇپ، ئىلمىي تەتقىقاتتا باشتىن ئاخىر بىر تۇتاش ماسلاشتۇرۇش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە دۇنياغا يۈزلىنىشتىن ئىبارەت ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، تەتقىقات ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىش، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش ـ بىزنىڭ 2006 ـ يىللىقى ۋە «11 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلان» مەزگىلىدىكى ۋەزىپىمىز ۋە خىزمەت نىشانىمىز.

## 2006 ـ يىلىدا ئىشلىنىدىغان خىزمەتلەر:

1. 2005 ـ يىللىق خىزمەت پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن 500 مىڭ خەتلىك «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن تاللانمىلار» بۇ يىل ئاپرېلدا نەشرگە تاپشۇرۇلۇپ، ئىيۇلدا نەشردىن چىقىدۇ؛

2. «مەھمۇد قەشقەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»نىڭ 350 مىڭ خەتلىك «ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»

www.uyghurkitap.com

بۇ يىل ئاپرېلدا نەشرگە بېرىلىپ، ئاۋغۇستتا نەشردىن چىقىدۇ؛

3. ب د ت مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنى «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىكىدىن ئىبارەت مۇقام تارىخىدىكى دۇنيا خاراكتېرلىك دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتلىك پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىلمىي جەمئىيىتىمىز ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىش ئارقىلىق، دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشى ئاستىدا، بۇ يىل ياز ۋە كۈزدە «تۇنجى نۆۋەتلىك مۇقام بايرىمى» ئۆتكۈزۈلۈپ، «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقامى بويىچە خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ۋە مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكا ھەيكىلىنىڭ يوپۇقى ئېچىلىدۇ؛ شىنجاڭ مۇقام ئانسامبلى تەييارلاۋاتقان، ئۈچ مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىنغان، «ئۇششاق» مۇقامىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ تۇرپان، قۇمۇل، دولان مۇقاملىرى قاتارلىق يەرلىك مۇقاملار بىرىككەن «مۇقام باھارى» ناملىق چوڭ تىپتىكى مۇقام كونسېرتىغا ئىلمىي جەمئىيىتىمىز ماسلىشىپ، ياخشى ئىلمىي مەسلىھەتچىلىك قىلىپ، بۇ چوڭ تىپتىكى مۇقام كونسېرتىنىڭ بۇ يىلقى «مۇقام بايرىمى» ۋە «ئۇيغۇر مۇقاملىرى بويىچە خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»، مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكا تۇغۇلغانلىقىنىڭ 125 يىللىقىغا نىشانلانغان تۇردى ئاخۇن ئاكا ھەيكىلىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىشقا ئۈلگۈرتۈپ كەڭ تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ؛ داغدۇغىلىق مۇكاپاتلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنى ب د ت غا «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بويىچە ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈشكە ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان ئىلمىي خادىملار ئالاھىدە مۇكاپاتلىنىدۇ؛ 1992 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتى بويىچە ئېلان قىلىنغان تەتقىقات ماقالىلىرىدىن ئۆرنەكلىك قىممىتىگە ئىگە سەرخىل ـ ئېسىللىرى تاللىنىپ، «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقامى بويىچە خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»غا ئۈلگۈرتۈپ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى نەشر قىلىنىدۇ.

4. ئىلمىي جەمئىيىتىمىز ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ خىزمەتلىرىگە يېقىندىن ماسلىشىش ئاساسىدا «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى»نى قوغداش ھەققىدىكى «ئون يىللىق قۇتقۇزۇش ۋە قوغداش پىلانى» ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرگە ياخشى مەسلىھەتچىلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلمىي دەلىللەر بىلەن دەلىللەيدۇ.

5. 1980 ـ يىلىدىن بۇيان ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، نەشر قىلىش، سەھنىلەشتۈرۈش، تەشۋىق قىلىش بويىچە چاقىرىلغان تۈرلۈك مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى ئەستايىدىل يەكۈنلىنىپ، شۇ ئاساستا ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى قېزىش، رەتلەش، قوغداش، تەتقىق قىلىش، نەشر قىلىش، سەھنىلەشتۈرۈش بويىچە ئورتاق تونۇش شەكىللەندۈرۈلۈپ، بۇ ھەقتە ئەمەلىي يولغا قويغىلى بولىدىغان «ئون يىللىق قوغداش پىلانى» تۈزۈپ چىقىلىدۇ.

6. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 3 ـ يۈرۈش قانىلىدا كۆرسىتىلگەن، ئۇيغۇر 12 مۇقامى مەخسۇس تونۇشتۇرۇلغان «ئۇيغۇر 12 مۇقامىدىن ھۇزۇرلىنىڭ» ناملىق 53 قىسىملىق تېلېۋىزىيە مەخسۇس سەنئەت فىلىمىنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا بىر يىل كۆرسىتىش، تەشۋىق قىلىش قولغا كەلتۈرۈلىدۇ.

7. «مۇقام تۆھپىكارلىرى» ناملىق قامۇس بۇ يىل داۋاملىق تولۇقلاپ ئىشلىنىپ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈلىدۇ.

8. جەمئىيىتىمىزنىڭ مەسلىھەتچىلىكى ۋە ئىلمىي يېتەكچىلىكىدە «مۇقامغا مۇھەببەت» ناملىق چوڭ تىپتىكى 20 قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلىنىدۇ.

9. ئىلمىي جەمئىيىتىمىزنىڭ تەتقىقات كۈچىنى زورايتىش، كەڭ ئىلمىي نوپۇزغا ئىگە قىلىش، ئۆگىنىش تىپىدىكى تەشكىلاتقا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەزا قوبۇل قىلىش دائىرىسىنى پائال كېڭەيتىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتى بويىچە ئۈنۈملۈك ئىزدەنگەن، مول ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن، جەمئىيەتتە ۋە ئىلىم ساھەسىدە بەلگىلىك ئىلمىي، ئىجتىمائىي نوپۇزغا ئىگە پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش، ياش ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر، تەتقىقاتچىلار، ياش ئىزدەنگۈچىلەر، سەنئەتكارلار، خەلق سەنئەتكارلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىمىزگە پىلانلىق، باسقۇچلۇق ھالدا جەلپ قىلىنىدۇ ۋە ئىلمىي جەمئىيىتىمىزنىڭ مەخسۇس ژۇرنىلى بولۇش نىشانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. ئىلمىي جەمئىيىتىمىزنىڭ شىتاتى، خىزمەت ئورنى، قاتناش قورالى بۇ يىل ئىچىدە ھەل قىلىنىدۇ.

## ئىلمىي جەمئىيىتىمىزنىڭ «11 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلان» مەزگىلىدىكى خىزمەت نىشانى ۋە تەسەۋۋۇرىمىز

1. 2006 ـ يىلىدىن 2010 ـ يىلىغىچە ھەر يىلى بەش

تومدىن جەمئىي 20 توملۇق قىلىپ «نەۋائىي ئەسەرلىرى كۇللىياتى» نەشر قىلىندى. بۇ ئىلمىي خىزمەتنى نەتىجىلىك تاماملاشتا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەردىن مەخسۇس خىزمەت كومىتېتى تەسىس قىلىندى؛ ئىلمىي جەمئىيىتىمىز نامىدىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە مەخسۇس دوكلات يېزىپ، دۆلەتلىك نۇقتىلىق تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇش قولغا كەلتۈرۈلدى؛ راسخوتقا ھۆكۈمەت، تەشكىللەش ۋە ئىشلەشكە ئىلمىي جەمئىيىتىمىز مەسئۇل بولدى؛

2. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «دۆلەتلىك نۇقتىلىق مەراس كىتاب» پىلانىغا كىرگۈزگەن 10 تومدىن 20 تومغىچە بولغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئېنسىكلوپېدىيىسى» ناملىق كىتاب ئىلمىي جەمئىيىتىمىزنىڭ كەسپىي جەھەتتىن ھەمكارلىشىشى بىلەن 2006 ـ يىلدىن 2008 ـ يىلغىچە نەشر قىلىندى؛

3. ئىلمىي جەمئىيىتىمىز «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تولۇقلاپ، تۈزىتىپ قايتا بېسىش ھەققىدە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا تەكلىپ سۇندى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىشلىگەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئىندېكسىنى تېزرەك نەشر قىلىش ھەققىدە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا ئۆز تەكلىپىنى بەردى؛

4. 2007 ـ يىلى «تۈركىي تىللار دىۋانى تەتقىقاتى بويىچە خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىشنى نىشانلايدۇ ۋە بۇ يىل ئىيۇلدىن باشلاپ تەييارلىق ھەيئىتى قۇرۇپ، ئۆز خىزمىتىنى باشلايدۇ؛

5. 2009 ـ يىلى «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بويىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە» يىغىنى ئېچىشنى نەشانلايدۇ؛

6. ئىلمىي جەمئىيىتىمىز نامىدا «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تور بېكىتى» قۇرۇشنى نىشانلايدۇ؛

7. ھۆكۈمەتنىڭ مەخسۇس ھۆججىتى ئارقىلىق دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دۆلەت قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى قاتارلىق ئالاقىدار فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق چەت ئەللەردىكى مۇناسىۋەتلىك ئىلىم ئورگانلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇلاردا ساقلىنىۋاتقان قوليازمىلارنى ئېنىقلاپ، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تولۇق كاتالوگى»نى ئىشلەشنى نەشانلايدۇ؛

8. سابىق شىنجاڭ 12 مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى نەشرگە تەييارلاپ تەييار قىلغان «نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 560 يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» تىكى پەلسەپىگە ئائىت بايانلار» قاتارلىق بەش پارچە كىتاب نەشر قىلدۇرۇلدى؛

9. «مۇقام ئەنجۇمەنى» تەسىس قىلىنىپ، ئىلمىي جەمئىيىتىمىز ئەزالىرى ئارا مۇقام مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئەلمىي سۆھبەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى مۇجەسسەملەشتۈرۈلۈپ، جەمئىيىتىمىزنى ئۆگىنىش تىپىدىكى ئىلمىي تەشكىلات قىلىپ چىقىشقا ئىلمىي ئۇل سېلىنىدۇ؛

10. ئۇيغۇر مۇقاملىرى بويىچە يىلىغا ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم تۈرلۈك شەكىلدىكى ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنى چاقىرىپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ شەكىللىرى، تېكىستلىرى ۋە ۋارىسلىق قىلىش قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك تالاش ـ تارتىش ۋە مەسىلىلەر بىر ـ بىرلەپ تەتقىق قىلىنىپ ھەل قىلىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى قېزىش، رەتلەش، قوغداش، تەتقىق قىلىش، نەشر قىلىش، ۋارىسلىق قىلىش، سەھنىلەشتۈرۈشكە پۇختا نەزەرىيىۋى ئاساس سېلىنىدۇ؛

11. ئۇيغۇر 12 مۇقامى ۋە يەرلىك مۇقاملارنىڭ ھازىرقى پەرقلىق نۇسخىلىرى تەكشۈرۈپ رەتلىنىدۇ. شۇنداقلا «ئۈن ـ سىنغا ئېلىش ماس قەدەمدە بولۇش»، «تېكىست بىلەن مۇزىكىنى ماس قەدەمدە خاتىرىلەش» پرىنسىپى بويىچە، مۇقاملارنىڭ ئاھاڭ ۋە تېكىستلىرىنى خاتىرىلەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلىدۇ؛

12. ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا ۋارىسلىق قىلىش خىزمىتىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە ئۇنى قوغداش ھەققىدە مەمۇرىي نىزام تۈزۈش تەكلىپى بېرىلىدۇ؛

13. 12 مۇقامنى قايتا رەتلەپ، تولۇقلاش ئاساسىدا ئەڭ يېڭى نۇسخىسىنى ئۆگىنىپ ئورۇنداش ۋە لېنتىغا ئېلىش خىزمىتى ئىشلىنىدۇ. شۇنداقلا «ئۈن ـ سىن ماس قەدەمدە بولۇش»، «تېكىست بىلەن مۇزىكىنى ماس قەدەمدە خاتىرىلەش» پرىنسىپى ئاساسىدا، مۇقاملارنىڭ تېكىست ۋە مۇزىكىلىرىنى خاتىرىلەش خىزمىتى تاماملىنىدۇ؛

14. نوپۇزلۇق ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر ئۇيغۇر مۇقاملىرى ھەققىدە مەخسۇس ئەسەرلەر ۋە مۇقاملارنى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقلىرى يېزىشقا تەكلىپ قىلىنىدۇ؛

15. «ئۇيغۇر مۇقاملىرى خەزىنىسى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك قورال كىتاب تۈزۈپ، نەشر قىلىنىدۇ؛

16. ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك دەرسلىكلەرنى تۈزۈش، تەكشۈرۈش، بېكىتىشكە ئىشتىراك قىلىنىدۇ؛

17. ئۇيغۇر مۇقاملىرى ھەققىدە ئىشلىنىدىغان مەخسۇس سەنئەت پروگراممىلىرىغا ئەھمىيەت بېرىلىپ، جەمئىيىتىمىز تەرىپىدىن ئىلمىي دەلىللەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ؛

18. مۇقام ۋارىسلىرىنى تەربىيىلەش ۋە تۇرلۇك تارقىتىش ۋاستىلىرى ئارقىلىق ۋارىسلىق قىلىش ھەققىدىكى خىزمەتلەرگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىندۇ؛

19. 2009 ـ يىلى چاقىرىلىدىغان «ئۇيغۇر مۇقاملىرى بويىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»غا ھازىردىن باشلاپ تەشكىللىك، پۇختا، ئەتراپلىق تەييارلىق كۆرۈلىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقاملارنى تەتقىق قىلىدىغان ۋە بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتنى تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش، يېتەكلەش، پۈتكۈل مەملىكەت ۋە خەلقئارادىكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىدىكى ئىلىم ئالماشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان ئەڭ كەڭ، ئەڭ كۈچلۈك ۋەكىللىككە ۋە ئەڭ يۇقىرى نوپۇزغا، ئەڭ كۈچلۈك تەسىرى كۈچكە ئىگە ئىلمىي تەشكىلات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئىلمىي جەمئىيىتىمىز «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى»ۋە «ئادەمنى ئاساس قىلىش»تا چىڭ تۇرۇپ، ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئىلمىي جەمئىيەت ئەزالىرى ئۈچۈن ياخشى تەتقىقات شارائىتى ۋە ئۇلارنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرالايدىغان ئىلمىي، ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىش، ئىلمىي جەمئىيىتىمىزنى جۇشقۇنلۇققا، ھاياتىي كۈچكە، جەلپكارلىققا، ئۇيۇشقاقلىق، چاقىرىق كۈچىگە ئىگە قىلىش، بارلىق جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كۆڭۈل ئازادىلىكى بولغان، تىنچ، دېموكراتىك، ئىلمىي مۇھىت يارىتىلغان، ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر تەتقىقاتتا ئۆزئارا ماسلاشقان، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئۆزئارا ئۇيۇشقان، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى، ئىجادىي ھەمكارلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقى تولۇق جارى قىلدۇرۇلغان ئىلمىي كەيپىيات يارىتىشنى ئۆزىنىڭ تۈپ خىزمەت مىزانى قىلغان. بىز ئەجدادلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئەۋلادلارغا يول ئېچىپ، «11 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلان» مەزگىلىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈپ، يېڭى ۋە يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، تەشكىلىي كۈچىمىزنى كۈچەيتىشىمىز، رەھبەرلىك كوللېكتىپى قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلمىي ۋە تەشكىلاتچانلىق سالاپىتىنى ئۆستۈرۈشىمىز، ئىلمىي جەمئىيىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنە ـ ئوبرازىنى تىكلىشىمىز، دېموكراتىك ئىستىل، ئىلمىي روھ ۋە كەيپىياتنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇشىمىز، بۇنىڭدىن كېيىن باسىدىغان ھەر بىر قەدىمىمىزدە ئەجدادلارغا يۈز كېلەلىگۈدەك، ئەۋلادلارغا ئۈلگە بولالىغۇدەك ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ، غايەت زور ئىلمىي ئىجتىھات بىلەن يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزگە، بۇ ئۇلۇغۋار غايىمىزگە يېتىشىمىز ئۈچۈن غايەت زور قۇربان بېرىش روھى بىلەن ئۆمۈرۋايەت جاپالىق ئىزدىنىشىمىز، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىدا قىيىن ـ مۇرەككەپ تېمىلارغا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش روھى بىلەن يۈرۈش قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئىلمىي جەمئىيىتىمىزدىكى بارلىق ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر ۋە جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىپ، بۇ يىللىق ۋە «11 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلان» مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتى ۋەزىپىسى ۋە پىلانىنى غەلىبىلىك ئورۇنداپ، بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلارنىڭ يېڭى ۋە يۇكسەك پەللىسىنى يارىتىشقا ئىشەنچىمىز كامىل.

2006 ـ يىل 1 ـ ئاپرېل (M1)


## چەت ئەللەردىكى مۇشتەرىلەر سەمىگە

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا چەت ئەللەردىن مۇشتەرى قوبۇل قىلىشنى جۇڭگو كىتاب ئىمپورت ـ ئېكسپورت(گۇرۇھى) باش شىركىتى ۋاكالىتەن بېجىرىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM. ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولماقچى بولغان چەت ئەللەردىكى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ جۇڭگو كىتاب ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتىنىڭ ئېكسپورت بۆلۈمى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.

شىركەت ئادرېسى: جۇڭگو بېيجىڭ چاۋياڭ رايونى ئىشچىلار تەنتەربىيە سارىيى شەرقىي يولى 16 ـ قورۇ

## 告海外读者

《新疆文化》杂志向海外发行事宜由中国图书进出口(集团)总公司代理，如海外读者要订阅本刊,与中国图书进出口(集团)总公司出口部联系．本刊海外发行代号:6498BM

代理者地址:中国北京朝阳区工体东路16号

CHINA NATIONAL PUBLICATIONS IMPORT& EXPORT CORPORATION
P. O. Box 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020 China
FAX: (010)65063101

# سەن پۇل تاپالايتتىڭ، ساتىراش ئاكا!



ئابدۇللا مۇھەممەدى

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 - يىل 6 - سانى مۇقاۋىسىنىڭ 4 - بېتىگە بېرىلگەن ئادىل ئىسمائىلنىڭ «بۈگۈن پۇل تاپالمىدىم» ناملىق بەدىئىي سۈرىتىگە كۆزۈم چۈشۈشى بىلەن تەڭ سۈرەتنىڭ دەبدەبىسىز ئاددىي كۆرۈنۈشى ئىچىگە يوشۇرۇنغان چوڭقۇر مەنا قاتلىمى تەسەۋۋۇرۇمنى غىدىقلاپ، خۇددى «پۇل تاپالمىغان» ساتىراش ئاكىغا ئوخشاش سۈرەتكە تىكىلگىنىمچە تەگسىز خىيالغا پاتتىم...

ساتىراش ئاكا:

سەن - سۈرەتتىكى دوپپىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، ساتىراشلىق ئورۇندۇقىغا تەتۈر مىنىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، شۇڭقاردەك ئۆتكۈر، دېڭىزدەك كۆك كۆزلىرى يېرىم يۇمۇلغان ھالەتتە چوڭقۇر خىيالغا كەتكەن ئاشۇ كىشى بۈگۈنكى ئۇيغۇر ھۈنەرۋەن - كاسىپلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى ئىدىڭ... سەن بۈگۈن پۇل تاپالمىدىڭ. شۇ تاپتا تۇرمۇشنىڭ ئېغىر غەملىرى تۈگمەن تېشىدەك يەلكەڭدىن باسماقتا... نامراتلىق، موھتاجلىق قىينىماقتا... سەن بۈگۈن تاپقان پۇلۇڭغا نەچچە ئايدىن بېرى نېسى قالغان توك ھەققىنى تۆلەپ، توكچى كېسىۋەتكەن ئېلېكتر سىمىنى ئۇلىتىپ، 15 ۋاتلىق لامپۇچكاڭنى ئىمانغا كەلتۈرۈپ، گۆردەك قاراڭغۇچىلىقتا قالغان، نامراتلىق تۆكۈلۈپ تۇرغان غېرىب كۆلبەڭنى يورۇتماقچى... بۈگۈن تاپقان پۇلۇڭ بىلەن ئىككى بالاڭنىڭ نېسى قالغان ھەقلىق كىتاب پۇلىنى تۆلىۋەتمەكچى... بۈگۈن تاپقان پۇلۇڭ بىلەن ھاشار جەرىمانىسىنى تۆلىمەكچى... بۈگۈن تاپقان پۇلۇڭ بىلەن ئۆيۈڭگە ئۇن - ياغ ئالماقچى... بۈگۈن تاپقان پۇلۇڭ بىلەن... ئەدىڭ! بەرھەق، بۈگۈن تاپىدىغان پۇلۇڭنىڭ بېشىدا نۇرغۇن - نۇرغۇن ئوت كۆيۈۋاتاتتى... ئەپسۇس، تولىمۇ ئەپسۇس، سەن بۈگۈن پۇل تاپالمىدىڭ... شۇڭلاشقا، ھەقدادىغا يېتەلمىگەن دەرمانىڭ ئالدىدا ئارمانلىرىڭ بويۇن قىسىپ، بۈركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىڭ گۈنىسىز يۇمۇلۇپ قېلىۋاتاتتى...

ئەسلىدە سەن پۇل تاپالايتتىڭ، تاپقاندىمۇ ئائىلەڭنى بىمالال قامداپ، ئېشىنالىغۇدەك كۆپ پۇل تاپالايتتىڭ... ئەمىسە قايسى كاج پەلەك سېنىڭ رىزقى - نېسىۋەڭنىڭ يىلتىزىغا پالتا ئۇرغاندۇ؟!...

ئەتراپىڭغا قاراپ باقتىڭمۇ، ئۆزۈڭ ھەققىدە ئويلىنىپ كۆردۈڭمۇ، ساتىراش ئاكا؟! ئاتا مىراس كەسپىڭگە تىجارەت ئورنى قىلىپ تاللىغىنىڭ - ئاددىي بولسىمۇ بىرەر ئېغىزلىق سەرەمجانلاشتۇرۇلغان دۇكان ئۆي بولماستىن، رەستە يولى بويىدىكى ئاللىكىملەرنىڭ تاشلاندۇق ئەسكى تېمىنىڭ تۈۋى؛ دەسمايەڭ - ئۆزۈڭ تەتۈر مىنىۋالغان قاسماق ئورۇندۇق، ئۆڭۈپ كەتكەن كونا خالات، تىغى ئالماشتۇرۇلمايدىغان

## مۇڭلاشقىلى مەن كەلدىم

ئۇسترا، قايچا... ياش قۇرامىڭدىن قارىغاندا، 30 يىلدىن كەم تەجرىبىگە ئىگە كاسىپ ئەمەسسەن! 30 يىل ئاۋۋال تىجارەت باشلىغان شۇ دەسمىيلىرىڭ بىلەن ھېچقانداق بىر ئۆزگىرىش قىلماي، بۈگۈنكى بازارغا تىجارەت قىلىمەن دەپ چىقساڭ، قانداقمۇ پۇل تاپالايسەن؟!

ئۇدۇلۇڭدىكى ـ ناھىيە بازىرىنىڭ ئاۋات دوقمۇشىغا جايلاشقان ئاۋۇ خېرىدارلىرى يىلبويى سىيلىكمەيدىغان ئاۋات ساتىراشخانىغا نەزەر سېلىپ باقتىڭمۇ؟... ساتىراشخانا ئىچى پاكىز، ئازادە بېزەلگەن، ھاۋا تەڭشىگۈچتىن ئۇرۇلغان سوغۇق ئېقىم دۇكان ئىچىگە راھەت تۇيغۇسى بەخش ئەتكەن؛ چاچ بۇدۇرە قىلغۇچ، چاچ قۇرۇتقۇچ، چاچ پۈۋلىگۈچ... دېگەندەك ئۈسكۈنىلەر زامانىۋى ھەم يۈرۈشلەشكەن، ھەتتا تولۇق ئاپتوماتىك؛ كارىۋات ـ ئورۇندۇقلىرى ئالاھىدە لايىھىلەنگەن، كىشىگە بىر خىل ھۇزۇر بەخش ئېتىدۇ؛ چاچ يۇيۇش، چاچ بوياش سوپۇن ـ بوياقلىرى، لاك ـ سۈرمىلىرى تۈر ـ تۈر، خىل ـ خىللىرى بىلەن قاتار تىزىلغان... جۈغى كىچىك، چېچىنى ئېلان بولسۇن دېگەندەك ھەر خىل رەڭدە بويىۋالغان ساتىراش خېنىم دۇكانغا كىرگەن خېرىدارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك چىقىدۇ ـ دە، ئىللىق چىراي بىلەن «ياخشىمۇسىز؟»دەپ ئەھۋال سورىغىنىچە، بىردەمدىلا كىيىملىرىڭنى يېشىندۇرۇپ، باش كىيىملىرىڭنى ئىلغۇچقا ئېسىپ قويۇشقا ۋە قانداق مۇلازىمەت كېرەكلىكىنى سەندىن سوراپ بولۇشقا ئۈلگۈرىدۇ. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى پەرۋانىدەك چاققان. ئەگەر سەن چاچ يۇيدۇرماقچى بولساڭ، ئۇ گويا پەرداز بۇيۇملىرى دۇكىنىنىڭ پىرىكازچىكلىرىدەك بارلىق سوپۇن سۇيۇقلۇقلىرىنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ساڭا تونۇشتۇرۇپ، ئەڭ ياخشىلىرىنى تاللاپ ئىشلىتىشىڭگە تەۋسىيە قىلىدۇ. سۈپىتى يۇقىرى سوپۇنلارنى تاللىساڭ، تەبىئىكى، چاچ يۇيۇش ھەققىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. ياخشىراق ساقال مېيىنى تاللىساڭ، ئەلۋەتتە بىر ئىلىم ماي ئۈچۈن ئەللىك تىيىن قوشۇپ ئېلىشنىمۇ ئۇنۇتمايدۇ... بۇ يەرگە كىرىدىغان خېرىدار ناھايىتى كۆپ، كۆپ بولغاندىمۇ ياش ئەر ـ ئاياللار ناھايىتى كۆپ، ياشانغانلار ۋە باللار يوق دېيەرلىك. ئاياللارنىڭ چاچ پاسونلىرىنى ئۆزگەرتىپ ياساش، ھەر خىل رەڭدە بوياش... تىجارەت تۈرى نىسبەتەن كۆپرەك. بۇ ساتىراشخانا چاچ ـ ساقال ياساپلا قالماستىن، بەدەن ئۇۋۇلاش، تۇتۇپ قويۇش مۇلازىمىتىنىمۇ بىرگە ئېلىپ بارىدۇ. گەرچە ئۇۋۇلاپ، تۇتۇپ قويۇشنىڭ باھاسى قىممەترەك بولسىمۇ، بىر كۈن ئالدىراش ئۆتكەن ئاق ياقىلىق بايۋەچچىلەر بىر كۈن بولسىمۇ ھاياتنىڭ ھۇزۇرىنى پەيزىرەك سۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ پۇلىنى كۆزگە قاراپ كەتمەي، پۇتلىرىنى يۇيدۇرىدۇ، بەدەنلىرىنى ئۇۋۇلىتىدۇ، چاچلىرىنى قۇرۇق يۇيدۇرىدۇ ـ دە، يۈز نەچچە سوملاپ پۇلنى تاشلاپ بېرىپ چىقىپ كېتىشىدۇ...

ساتىراش ئاكا، ئويلاپ كۆردۈڭمۇ؟ ئاشۇنداق چاچ بويىتىدىغانلار، چېچىنى قۇرۇق يۇيدۇرىدىغانلار، چېچىنى بۇدۇرە قىلدۇرىدىغانلار يول بويىغا قويۇۋالغان ئاشۇ 30 يىل ئاۋۋالقى پەدىدىكى كونا «دۇكان»ىڭغا قەدەم تەشرىپ قىلارمۇ؟ قېرى ـ چۆرىلەردىن باشقىلار كېلەرمۇ؟ بۈگۈنغۇ پۇل تاپالماپسەن، ئەتىچۇ؟...

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلانغان بازار ئىگىلىكى قايىنمى ساڭا ئوخشاش دەۋر ئېقىمىغا ماسلىشالماي، رەھىمسىز رىقابەتنىڭ شاللىشىدىن قالغان قانچىلىغان ھۈنەرۋەن ـ كاسىپنى يول تاپالماس، پۇل تاپالماس قىلىپ، بازاردىن چىقاردى. بىز ئاتىلارنىڭ «بازار چاققاننىڭ» دېگەن ھېكمىتىنى ھەرگىز ئەستىن چىقارماي، رەھىمسىز بازارغا سەزگۈرلۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، دادىللىق بىلەن يول ئېچىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ھۈنەرۋەنلىرىمىزنىڭ بازاردىن سىقىپ چىقىرىلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب زادى نېمە؟ سەۋەب: يېڭىلىققا ئىنتىلمەسلىك، ئۆز كەسپىگە دائىر يېڭىلىقلارغا سەزگۈر مۇئامىلە قىلماي، ئۇستازىدىن ئۆگەنگەن ھۈنەر قانداق بولسا، «ئۇستام شۇنداق ئۆگەتكەن»دەپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلماسلىق، دەۋرنىڭ كەينىدە قېلىپ، دەۋر تەلىپىگە ئويغۇنلىشالماسلىق، ۋاھاكازالار. نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە، نەچچە توننا ئېغىرلىقتىكى يۈكنى كۆتۈرۈپ، نەچچە مىڭ چاقىرىم يولنى بىخەتەر بېسىشقا بولىدىغان يارىيا ھارۋىلارنى ياساپ چىققان ياغاچچى ئۇستىلارنىڭ ھازىرقى كىشىلەر مودا قوغلىشىپ بەش ـ ئالتە مىڭ سوملاپ پۇلغا بەس ـ بەس بىلەن سېتىۋېلىۋاتقان، ئىككى ـ ئۈچ يىل ئۆتمەي مودىدىن قالدى، دەپ تاشلاۋاتقان خۇرۇم كرېسلولارنى ياساشقا دىتى يەتمەسمىدى؟ بىر ئەر ئۆمرى كىيسە، مىت قىلمايدىغان ئۆتۈك ـ تۇپلىيلارنى تىكەلىگەن موزدوزلىرىمىز ھازىرقى زامان كىشىلىرىمىز مودا قىلىپ كىيىشىۋاتقان يەملىمە قىرىم ئۆتۈك، خۇرۇم تۇپلىيلارنى تىكەلمەسمىدى؟ بۇنىڭدىن مىڭ نەچچە يۈز يىل مۇقەددەم مەسچىت ـ خانىقالارنى ئالەم تاڭ قالغۇدەك بېزىيەلىگەن بېزەكچىلىرىمىز بۈگۈنكى كۈندىكى كاتەكتەك ئۆيلەرنى بېزىيەلمەسمىدى؟ جاھاندىكى مەشھۇر رەسساملارنى ھەيرەتتە قالدۇرغان سىرچى، رەسساملىرىمىز بۈگۈنكى كۈندە تام ـ تورۇسلارنى سىر ـ بوياقلار بىلەن بويىيالماسمىدى؟... يەنە تۆمۈرچىلىرىمىزچۇ؟ مىمارچىلىرىمىزچۇ؟... يەنە ئاللىقانداق كەسپتىكىلەرچۇ؟...؟؟؟

بىز قىلالايتتۇق، ھەم قىلىشىمىز كېرەك ئىدى...

تارىخىي يازمىلاردا قەيت قىلىنىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئەڭ ئاۋۋال چاقلىق ھارۋىنى ئىختىرا قىلغانلىقى مەلۇم. مىڭ ئەپسۇسكى، ئەجدادلىرىمىز ھارۋىنى قانداق ئىجاد قىلغان بولسا، تاكى يېقىنقى زامانلارغىچە ئەينەن شۇ پېتىچە ئىشلىتىپ كېلىۋەردۇق، ھەتتا تورمۇز چاغلىق بىر نەرسە سەپلەپ باقمىدۇق؛ شۇنىڭ بىلەن ئەجدادلىرىمىز ئىجاد قىلغان ھارۋىغا 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە، ئامېرىكىلىقلار تەرىپىدىن ماتور ئورنىتىلىپ، رول سەپلىنىپ، ئاپتوموبىل سانائىتى ئىنقىلابىنى قوزغاپ، ئامېرىكىنىڭ ھازىرقىدەك قۇدرەت تېپىشىغا تۈرتكە بولدى ھەم بولۇۋاتىدۇ. ئامېرىكىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىشىدا جىپ ماشىنىسىنىڭ ئوينىغان رولىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە زور بولغانلىقى ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە سىر ئەمەس... چاق ئىجادچىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان بىز بولساق، يەنىلا شۇ يارىيا ھارۋىنى تۇرمۇشىمىزغا ھەمراھ قىلىپ ياشاپ كېلىۋاتىمىز.

دېمەككى، بىز ھۈنەر ـ كەسپنى زامانغا لايىق تەرەققىي قىلدۇرمىساق، زېھنىمىزنى ئۆز كەسپىمىزدە يېڭىلىق يارىتىش، ئىجاد قىلىشقا سەرپ ئەتمىسەك، كەسپىمىزنى كېڭەيتىشكە، زامانىۋى شىركەت، گۇرۇھلىشىشقا يۈزلەندۈرمىسەك، مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ ئىناۋەت ـ ئابرۇيىنى ماركا ئارقىلىق دۇنياغا تونۇتمىساق، ھازىرقى رەھىمسىز رىقابەتكە، كەسكىن خىرىسقا تولغان بۇ دۇنيادا پۇل تاپالمايلا قالماستىن، بەلكى، شەپقەتسىزلەرچە بازاردىن سىقىپ چىقىرىلىمىز.

ئورنىڭدىن دەس تۇرغىن، ساتىراش ئاكا! ئەسكى ئورۇندۇقنى تاشلا ـ دە، زامانغا لايىق دۇكان ـ سايمان، جابدۇق ـ سەرەمجان سېتىۋال، قەددىڭنى رۇسلاپ، بازارغا دادىل نەزەر سال، ئۇ ۋاقىتتا ساڭا غەمگە پېتىپ ئولتۇرغۇدەك ۋاقىتمۇ چىقماي قالىدۇ...

ياراتقۇچى ساڭا تېخىمۇ تېرەن ئەقىل، كەسپىڭگە تېخىمۇ مول بەرىكەت ئاتا قىلسۇن!

2006 ـ يىل 8 ـ ئاپرېل، كۇچا

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە دۆلەت باج ئىدارىسى چىمەن بازار باج پونكىتىنىڭ باشلىقى (M2)



# «يەكچەشمە»نىڭ شەھرىدە بىر كۆزلىمىزنى قىسىشقا لايمدۇق؟

—مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2004 - يىللىق سىنىپتىكى بىر قىسىم ستۇدېنتلارنىڭ «يەكچەشمىنىڭ شەھرىگە بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىسۋال» دېگەن ماقال - تەمسىل ھەققىدىكى بەھس - مۇنازىرىسىدىن

**مەريەمگۈل:** ساۋاقداشلار، سىلەر، «يەكچەشمىنىڭ شەھرىگە بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىسۋال» دېگەن تەمسىلگە قانداق قارايسىلەر؟

**تۇرسۇنئاي:** بۇ، جاھاننىڭ رەپتارىغا بېقىپ ئىش تۇتىدىغانلارنىڭ ياشاش پەلسەپىسى، ئۇ ھەم يەنە ئىش ئۇقىدىغانلىقنىڭ ئىپادىسى. شۇڭا بۇ تەمسىلگە «بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنىشى» بويىچە قاراش كېرەك.

**مەريەمگۈل:** مەن بۇ تەمسىلگە قوشۇلمايمەن. بۇ تەمسىل ئاتا - بوۋىلىرىدىن بىزگە قالغان. ئۇ، شۇلار ياشىغان - ئاۋام پۇقرا ئاجىز - بىچارە، ھوقۇقتىن مەھرۇم، جاھالەتلىك دەۋرلەردە ئېيتىلغان تەمسىل. ئۇ زاماندا كىشىلەر زامان زۇلۇمى ئالدىدا ساق بېشىغا بالا كېلىشىدىن قورقۇپ، ھۆكۈمرانلار ئالدىدا «خوش - خوش» دەپ ياشىمىسا، ئۇلارنىڭ رەزىللىكلىرىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتمىسە بولمايتتى. بۇ، شۇ دەۋرلەرگە ماس كېلىدۇ. ئۇ چاغلاردا ئادىل قانۇن يوق، ئاۋام پۇقرا ئۆز بېشىنى ساقلاش ئۈچۈن ئامالسىز مۇشۇ تەمسىل بويىچە ئىش كۆرگەن. ئەمما دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق، ئىنسانىي ھوقۇق، كىشىلىك قەدىر قىممەت ئىجتىمائىي - سىياسىي ئاتمۇسفېراغا ئايلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈنىمىزدە بىزگە ماس كەلمەيدۇ. مەنچە بولغاندا، «يەكچەشمە» سۆزى بۇ يەردە كۆچمە مەنىدە كەلگەن، سەلبىي مەنىگە ئىگە. شۇڭا، بىزمۇ «يەكچەشمە»نى دوراپ بىر كۆزىمىزنى قىسماسلىقىمىز، بەلكى «يەكچەشمە»نىڭ شەھرىگە بېرىپ قالساق، ئۇلارنىڭ يەنە بىر كۆزىنىمۇ يوغان ئېچىپ، يورۇق ئالەمنى تولۇق كۆرەلىشىگە ياردەم قىلىشىمىز لازىم. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساق، ھەقىقىي «يەكچەشمە» ئۇلار ئەمەس بەلكى بىز بولىمىز.

**تۇرسۇنئاي:** لېكىن ئۇ «يەكچەشمە»لەرنىمۇ تەڭرى ياراتقان. بىز ئۇلارنىڭ ئەما بولغان يەنە بىر كۆزىنى ئېچىپ بولالمايمىز. ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ «يەكچەشمە» كۆزلىرىنى ئېچىشقا قىستىساق، ئۇلارنى قايتا تۇغۇلۇشقا مەجبۇرلىغان بولىمىز. بۇ قۇدرەت بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ. تەڭرى ھەممە ئادەمگە ئۆزىگە تۇشلۇق ھايات بەرگەن.

**مەريەمگۈل:** دۇرۇس، ئۇلارنىمۇ تەڭرى ياراتقان. لېكىن تەڭرىمۇ «يارىتىشنى مەن ياراتتىم، يارىلىش ئۆزۈڭدىن» دېگەنىكەن. دېمەك يەكچەشمىلىكنى ئۇلار ئۆزى ياراتقان، ئۇلارنى چوقۇم ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. تاشقى مۇھىتنىڭ تەسىرىي كۈچىنى بەزىدە سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. تىرىشسىلا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق.

**ياسىنجان:** مەنچە بۇ تەمسىل توغرا. «يەكچەشمە»لەرنىمۇ ئۆزگەرتىشكە جەريان كېرەك. شۇڭا باشتا «يەكچەشمە»لەرنى دورىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئۇلارنى ئاستا - ئاستا ئۆزگەرتىش كېرەك. مەسىلەن: سىز نامەلۇم ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن ئۇچراشسىڭىز، ئۇ مۇھىت بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىڭىزغا جەريان كېتىدۇ. بەزىدە مۇھىت سىزنى ئۆزگەرتسە، بەزىدە سىز مۇھىتنى ئۆزگەرتىسىز. ئۇ ئىجتىمائىي مۇھىت ناچار بولسا، سىزدە چوقۇم مۇھىتنى ئۆزگەرتەلىگىدەك ئىقتىدار بولۇشى كېرەك. بۇ ئىقتىدار ئەمەلىيەت جەريانىدا توپلىنىدۇ.

**رىزۋانگۈل ھۈسەيىن:** بۇ تەمسىلدە ئىرادىسىز كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن پوزىتسىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

**بۈۋسارە مۇھەممەتئىمىن:** بۇ، كونىلاردىن بىزگە قالغان سۆز. بۈگۈندىن بىز شارائىتقا قاراپ ئىش تۇتۇش كېرەكلىكىنى بىلەلەيمىز. بۇنىڭ ھەم ياخشى ھەم يامان تەرىپى بار.

**ھەبىبە ئىسمائىل:** بۇ تەمسىلگە قوشۇلمايمەن. مەن سىلەرگە مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرەي: بۇرۇن بىر سازلىق بولغانىكەن. ئۇنىڭ كىرىش ئېغىزىدا ئاياغ ئىزى بار ئىكەن. شۇڭا بۇ سازلىقنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتمەكچى بولغان نۇرغۇن كىشى بۇ ئاياغ ئىزىنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ يەردىن باشقىلار مېڭىپتىكەن، شۇڭا بىزمۇ ماڭايلى دەپ خاتىرجەم سازلىققا چۈشىدىكەن. نەتىجىدە ئۇزاق ئۆتمەي سازلىقتا پاتقاققا چۆكۈپ ھالاك بولىدىكەن. بۇ قىسمەت تالاي قېتىم نۇرغۇن بەختسىز - شورپېشانە «يەكچەشمە» دە تەكرارلىنىپتۇ. دېمەك «يەكچەشمىنىڭ شەھرىگە بارغاندا بىر كۆزىنى قىسۋالغان»نىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدۇ.

---

* ماۋزۇ مەسئۇل مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى. (M1)

## مەنمۇ قارشىمنى قويۇپ باقاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# مەشئەل كۆتۈرگەن كىشىلەر

(پوۋېست)

خالىدە ئىسرائىل

1857 ـ يىلى ئەنگلىيە ئىشچىلىرى دۇنيا بويىچە تۇنجى پۇتبول كۇلۇبى ـ شېفىرد كۇلۇبىنى قۇردى.

1863 ـ يىلى ئەنگلىيىدىكى 11 پۇتبول كوماندىسى بىرلىشىپ تۇنجى پۇتبول جەمئىيىتىنى قۇردى.

1870 ـ يىلى ئەنگلىيە پۇتبول جەمئىيىتى ئەنگلىيە ھەم دۇنيا بويىچە تۇنجى پۇتبول مۇسابىقىسى ـ «يەڭگۈچى» پۇتبول مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەنگلىيىدە پۇتبول ھەرىكىتى كەڭ قانات يېيىپ، ئاۋسترىيە، ئاۋستىرالىيە، ئىسپانىيە، ئىتالىيە، فرانسىيە، بېلگىيە، ھوللاندىيە قاتارلىق ئەللەرگە تارالدى.

## ئەدەبىيات گۈلزارى

1896 ـ يىلى پۇتبول ھەرىكىتى خەلقئارا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ بىر تۈرى قىلىپ قوشۇلدى.

1904 ـ يىلى مايدا پارىژدا خەلقئارا پۇتبولچىلار بىرلەشمىسى «FiFA» قۇرۇلدى.

1928 ـ يىلى خەلقئارا پۇتبولچىلار بىرلەشمىسى 1930 ـ يىلدىن باشلاپ تۆت يىلدا بىر قېتىم دۇنيا پۇتبول لوڭقىسىنى تالىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى...

1870 ـ يىللىرى ئەنگلىيىنىڭ مانچېستېر شەھىرىدىكى باغچا، مەيدانلاردا توپ تېپىپ يۈرگەن پىرىستان ئىشچىلىرى ئارىسىدا بىر ئۇيغۇر يىگىتمۇ بار ئىدى. بەستلىك، چاققان، ئىنتايىن زېرەك بۇ يىگىت يېڭىلا ئۆگىنىۋالغان بىر نەچچە ئېغىز ئىنگلىزچە سۆزگە تايىنىپ بۇ يەردىكى ئىشچىلار بىلەن چىقىشىۋالغان ۋە پۇتبول ئويناشنى ناھايىتى ئوبدان ئۆگەنگەنىدى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن: «سەن قەيەرلىك؟»

دەپ سورىسا، ئۇ ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ:

– مەن ئۇستۇن ئاتۇشلۇق، ئۇستۇن ئاتۇشنىڭ ئىكساق دېگەن يېرىدىن، – دەپ جاۋاب بېرەتتى. ھەممە ئىشقا قىزىقىدىغان ئەنگلىيەلىكلەر دۇنيا خەرىتىسىدىن ئۇستۇن ئاتۇش، ئىكساق دېگەن شەھەرلەرنى ئىزدەپ ئاۋارە بولۇشاتتى.

ئۇ چاغلاردا ئۇستۇن ئاتۇش قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق كىچىككىنە بازار ئىدى. ئۇنى دۇنيا خەرىتىسىدىن ھەقىقەتەن تاپقىلى بولمايتتى.

بۇ يىگىت ئاشۇ ئۇستۇن ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىلىك ھاشىم بالىخان دېگەن يېتىم ئوغۇل ئىدى.

ئاتا – ئانىسىدىن كىچىك قالغان ھاشىم بالىخان ھاممىسىنىڭ قولىدا چوڭ بولدى. ئۇ، ھاممىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى بىلەن «قۇرئان» ساۋادىنى چىقارغاندىن باشقا، كۆچەت ئۇلاقچىلىقىغا ئۇستا بولۇپ يېتىلدى. ئايىغى چاققان، پاكىز، چىرايلىق كىيىنىپ يۈرۈشنى ياقتۇرىدىغان، ھەرقانداق ئىشنى ئېپىگە كەلتۈرۈپ قىلىدىغان ھاشىم بالىخانغا ھاممىسىلا ئەمەس، قولۇم – قوشنىلىرىمۇ ئامراق ئىدى. سۆزمەن – قىزىقچىلىقى، چىقىشقاقلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆرگەنلا ئىشنى قىلىپ باققۇسى كېلىدىغان ھەردەم خىيال مىجەزىنىمۇ ئەيىبكە بۇيرىمايتتى. ئۇ ھەقتە سۆز ئېچىلسا بوۋايلار كۈلۈشۈپ: ««ئوغۇل بالا شوخ بولسا، شوخ بولمىسا يوق بولسا»، دەپتىكەن، ھاشىم بالىزە شوخ، كېلىشىملىك ئادەم بولدى، ئۇ ئاشۇ مىجەزى بىلەن ھەر قانداق يەرگە بارسا نېنىنى تېپىپ يېيەلەيدۇ» دېيىشەتتى.

ھاشىم بالىخان 17 – 18 ياش ۋاقىتلىرىدا ياشىنىپ قالغان ھاممىسى بىلەن ئىلىغا چىقىپ كەتتى. ھاممىسى ئىلىدا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن كارۋانلارغا ئەگىشىپ ئەنجانغا، ئۇ يەردىن تۈركىيىگە باردى. ئىزمىردا مۇساپىرلىق ۋە يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتىپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا زەرىف بەي دەيدىغان كىشىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، خەلقئارا يۈك پاراخوتىنىڭ ياردەمچى مال تىزىملىغۇچىسى بولدى ۋە پاراخوت بىلەن ئەنگلىيىنىڭ مانچېستېر شەھىرىگە بېرىپ، ئۇ يەردە بىر يىل تۇرۇپ قالدى. ئىككىنچى يىلى تۈركىيىگە قايتىپ مويىنا (ياۋايى ھايۋان تېرىسى) ساتىدىغان بىر دۇكاندا ئىشلەپ بىر مەزگىل ئۆتكەندە، خوجايىنىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن مال سېتىۋالغۇچىلارغا يول باشلاپ سىبىرىيىنىڭ بىر قىسىم جايىغا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئالمۇتا، روسىيىنىڭ شەمەي شەھەرلىرىگە، كېيىن يەنە قازانغا باردى.

قازان ئەينى دەۋردە غەرب ۋە شەرق ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم ئىقتىسادىي تۈگۈن بولۇپلا قالماي، مەدەنىيەت – مائارىپ ۋە ئىلىم – پەن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان، غەرب دۇنياسى بىلەن شەرق دۇنياسىغا تەۋە خىلمۇخىل دىن ۋە مەدەنىيەت ھادىسىلىرى، پىكىر ئېقىملىرى ئۆزئارا ئۇچرىشىپ توقۇنۇشىدىغان ھەم بىر – بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان، گۈللەنگەن زامانىۋى شەھەر ئىدى. رىقابەت تۇسى قويۇق، قىزىقارلىق تەنتەربىيە تۈرى بولغان پۇتبول بۇ يەردىكى مەكتەپلەردە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنىۋاتاتتى.

ھاشىم بالىخان قازاندىكى بۇ يېڭىلىقنىڭ ئاكتىپ تەشەببۇسچىسى ۋە قاتناشقۇچىسى بولدى. ئۇ بۇ يەردىكىلەرگە ئەنگلىيىچە ئويناش قائىدىلىرىنى ئۆگەتتى، مۇسابىقىلەرگە قاتناشتى ۋە ناھايىتى تېزلا بۇ يەردىكى داڭلىق توپچىلاردىن بوپقالدى. شۇ مەزگىلدە ئۇ سودا ئىشى بىلەن قازانغا كەلگەن بىر يۇرتلۇقى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى داڭلىق باي – باھاۋۇدۇن ھاجى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار ياش – قۇرامى تەڭ، زېھنىي كۈچى، پىكىر – ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرغان يىگىتلەر ئىدى، ئىككىسىلا يۇرتىنى، ئەكساقنى قىزغىن سۆيەتتى، نامراتلىق، نادانلىق ئىلكىدە ياشاۋاتقان يۇرتداش، قان – قېرىنداشلىرىنى، ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى كۆپ ئويلايتتى. شۇڭا، ئوي – پىكرى كۆپىنچە بىر يەردىن چىقاتتى. ھاشىم بالىخان ئۇزاق يىل مۇساپىرلىق دەردىنى تارتىپ يۇرتىنى سېغىنغانلىقىنى، يۇرتقا كەتكۈسى بارلىقىنى، مۇشۇ يەردىكى باللارغا پۇتبول ئويناشنى ئۆگەتكەندەك، يۇرتىدىكى ھوشۇق ئويناپ يۈرگەن باللارغىمۇ پۇتبول ئويناشنى ئۆگەتكۈسى بارلىقىنى ئېيتقاندا، باھاۋۇدۇنباي كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئۇمۇ يۇرتىدىكى قاراڭغۇ مەدرىسەلەرنى ئىسلاھ قىلىش، ئوقۇتۇش مەزمۇنىغا پەننىي دەرسلەرنى كىرگۈزۈش، شارائىت يارىتىپ، بۇ يەردىكىدەك يېڭىچە مەكتەپلەرنى قۇرۇش، تەن تەربىيىسىنى يولغا قويۇش قاتارلىق خېلىدىن بېرى ئوي – خىيالىنى چىرماپ، يۈرىكىدىن چىقماي كېلىۋاتقان ئارزۇ – ئارمانلىرىنى سۆزلىدى. ئۇلار كۆپ قېتىم ئەنە شۇنداق سىرداشىپ، ئارزۇ – ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ پىلانلىرىنى تۈزۈشتى. باھاۋۇدۇنباي ھاشىم بالىخاننى يۇرتىغا قايتىدىغان كارۋانلار بىلەن يولغا سالىدىغان چاغدا ئۇنىڭغا ئۈچ پۇتبول توپى بىلەن بىر ناسوس يوللۇق تۇتتى. بۇ توپلار پامىر تاغلىرى ئارىسىدىكى تىك – خەتەرلىك مۇز داۋانلاردىن ساق – سالامەت ئۆتۈپ ھاشىم بالىخان بىلەن بىللە ئىكساققا يېتىپ كەلدى. تەۋەككۈلچىلىك روھىغا باي ئىكساق دېھقانلىرى پۇتبولنى ياقتۇرۇپ قالدى.

1880 – يىللاردا ئىكساقنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پۇتبول كوماندىسى بارلىققا كەلدى. ئۇلار دەسلەپتە تۆت ئادەم

بىر گورۇپپا بولۇپ ئوينايتتى. ھاشىم بالىخان، تاياخۇن، ئامانكام، خەلامكام، نەسپاخۇن، سوپىكام، نۇدۇككام، نەبىكام قاتارلىق توپچىلار ئىكساق پۇتبولچىلىق تارىخىنىڭ تۇنجى قۇرلىرىنى يازدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى، تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق ئۆزگىرىشلىرىگە ئەگىشىپ پۇتبول ھەرىكىتى يېڭىلىق - تەرەققىياتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئىكساقلىقلارنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس بىرلىشىپ كەتتى.

* * *

1927 - يىلىنىڭ ئاپرېل ئايلىرى. قەدىمىي شەھەر قەشقەرنىڭ نوبېشى دەرۋازىسىدىن ھېيتگاھقا قاراپ سوزۇلغان ئوڭغۇل - دوڭغۇل يولدا ئەنگلىيىنىڭ كىچىك بايرىقى قادالغان تۆت چاقلىق ئىنگلىزچە پەيتۇن ئىرغاڭلاپ تېز كېتىۋاتاتتى. ئانچە كەڭ بولمىغان بۇ كوچىدا ئات - ئۇلاغ ۋە يولۇچىلارنىڭ كۆپلۈكىگە قارىماي ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان پەيتۇن ئالدىدىن پات - پاتلا دوڭغاقلاپ مېڭىپ ياشانغان بوۋايلار، ئىشتانسىز كىچىك بالىلار ياكى پەرەنجىلىك ئاياللار ھودۇقۇپ يۈگۈرۈپ ئۆتۈشەتتى. كوچىدىكى ئادەملەر چاڭ توزىتىپ يىراقلاپ كېتىۋاتقان بۇ ئالىپتە پەيتۇنغا ھەيرانلىق، قىزىقسىنىش، ئەيمىنىش ۋە نەپرەت ئارىلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ ھېسسىيات ئىچىدە قارىشىپ قالاتتى.

تار كوچىدىن ئۇزۇن پەرەنجىگە يۆگەنگەن ياش، نازۇك بىر قىز يەرگە قارىغىنىچە ئاستا مېڭىپ چىقىپ كەلدى. قارىغاندا ئۇ چوڭقۇر خىيالغا پاتقاندەك قىلاتتى، بولمىسا ئارقىسىدا كوچىنى بىر ئېلىپ  تاراقلاپ باستۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۈچ ئاتلىق پەيتۇننى بايقىغان بولاتتى. ئەمما ئۇ ھېچ نەرسىنى سەزمەيلا قالماستىن، پەرەنجىسىنىڭ گىرۋەكلىرىنى نازۇك بارماقلىرىغا يۆگەپ تۇتقىنىچە يولنىڭ قارشى تەرىپىگە قاراپ قەدەم تاشلىدى. كىشىلەر ۋارقىرىشىپ كەتتى. شۇ چاغدىلا قىز ئارقىسىغا قاراپ ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىۋاتقان يوغان ھارۋىنى، ئۆزىنىڭ يوغان قارا ئاتنىڭ ئېگىز كۆتۈرۈلگەن پۇتلىرى ئارىسىغا كىرىپ قالغانلىقىنى بايقىدى. ئاشۇ ئاخىرقى دەقىقىلەردە ئۇ كىمنىدۇر ئىزدىگەندەك كەينىگە قارىدى. ئۇنىڭ تاتارغان، ئەمما تەڭداشسىز گۈزەل چىرايىنى، ئۈمىدسىزلىكتىن خىرەلەشكەن قارا كۆزلىرىنى كۆرگەنلەر «ۋاي ئېسىت!» دەپ قېلىشتى.

دەل شۇ پەيتتە مۆجىزىدەك بىر ئىش يۈز بەردى. نەدىندۇر بۈركۈتتەك ئېتىلىپ كەلگەن ياشقىنە يىگىت قىزنى ئارقىسىدىن قۇچاقلىغىنىچە يولنىڭ چېتىگە قاراپ يۇمۇلدى. ئاتلار ئۈركۈپ، پەيتۇننى تاراقشىتىپ سۆرەپ كەتتى. ھەيران قالغان ھەم ھاياجانلانغان كىشىلەر قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. بۇ كوچىدىكى كىشىلەر قىزنىڭ چوڭ بىر باينىڭ يالغۇز قىزى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار يىگىتنى «سەن كىم؟ قەيەرلىك سەن؟»، «سەن ئۆزۈڭ قۇتۇلدۇرغان بۇ قىزنىڭ كىملىكىنى بىلەمتىڭ؟» دېگەندەك سوئاللارغا كۆمۈپلىۋەتتى.

- مەن بىر يولۇچى، - دېدى يىگىت ۋە كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ سوئالىنى جاۋابسىز قويۇپ يولىغا راۋان بولدى. قىز بولسا ئاللىقاچان بايا چىققان تار كوچىغا قېچىپ كىرىپ كەتكەنىدى.

پەيتۇندا ئولتۇرغان ئەنگلىيە كونسۇلىنىڭ خانىمىمۇ بۇ كۆرۈنۈشتىن ھاياجانلانغانىدى. بولۇپمۇ يىگىتنىڭ چەبدەسلىكى ئۇنىڭغا بەك ياراپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوقتەك كېلىپ قىزنى قۇچاقلاپ يۇمۇلغان ھالىتى خانىمغا ئەنگلىيىدە پات - پات ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان پۇتبول مۇسابىقىلىرىنى، داڭلىق پۇتبولچىلارنىڭ چەبدەسلىك بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ توپنى ئېلىپ مېڭىشلىرىنى ئەسلەتتى. بۇ ئەنگلىيە ئەمەس، بۇ يەردە پۇتبول مۇسابىقىسىنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، بۇ بىر خەتەرلىك ھادىسە، بايىلا بۇ يەردە ياش بىر قىز ھاياتىدىن ئايرىلغىلى تاس قالدى. شۇنداق چىرايلىق بىر قىز...

گېلىلئان خانىم خونزالىق ① پەيتۇنكەشكە نارازىلىق ئارىلاشقان ئەندىشە ئىچىدە قاراپ قويدى. قارا چاچ، تېرىسى سارغۇچ قارامتۇل كەلگەن، ياڭاق سۆڭەكلىرى بورتۇپ چىقىپ تۇرىدىغان 30 نەچچە ياشلاردىكى بۇ ئادەم تېپىك ئاسىيالىق ئىدى. ئەمما ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان ئاق تەنلىكلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتكەنلىكتىن بولسا كېرەك، ئاسىيالىقلارنى، بولۇپمۇ قەشقەرلىكلەرنى پەس كۆرەتتى. پەيتۇننى ئۇچقاندەك تېز ھەيدەپ، بۇ غەلىتە ھارۋىغا ھاڭۋاققىنىچە قاراپ قېلىپ، ئۆزىنى چەتكە ئېلىشنى ئۇنتۇغان كىشىلەرنى، بولۇپمۇ سەھرالىقلارنى «چۆچۈتۈپ» قويۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ، قورقۇنچتىن ئالاق - جالاق بوپكەتكەن كىشىلەرنىڭ يېنىدىن تېز سۈرئەتتە، سۈركىشىپ دېگۈدەك ئۆتۈپ كېتەتتى ۋە ئۆزىنىڭ ماھارىتىدىن سۆيۈنۈپ نەچچە كۈنگىچە كۆرەڭلەپ يۈرەتتى. ئەمما بۇ سىناق داۋاملىق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇۋەرمەيتتى. بىر قېتىم ئېشەكلىك بىر بوۋاي ئېشىكى بىلەن پەيتۇن تېگىدە قالدى. يەنە بىر قېتىم بالا كۆتۈرۈۋالغان بىر ئايال يىقىلىپ، بالىسى نەچچە مېتىر يىراققا ئۇچۇپ چۈشكەنىدى. ھەر قېتىم ھادىسىگە ئۇچرىغۇچىنىڭ تۇغقانلىرى بۇ ئىشنى خۇدادىن كۆرۈپ، كىشىنى

① خونزا - كەشمىردىكى كىچىك بىر خانلىق. 1891 - يىلى ئەنگلىيىگە مەجبۇرىي بويسۇنغان.

www.uyghurkitap.com

ھەيران قالدۇرغىدەك سەۋر ـ تاقەتچانلىقنى ئىپادىلەيتتى.
ھەتتا كونسۇل گېللىئان ئەپەندى ھال سوراش يۈزىسىدىن
بەرگەن پۇللارنىمۇ قايسى بەگ، قايسى قازىنىڭ يانچۇقىغا
چۈشۈپ كەتكىنىنىمۇ بىلمەيتتى. گېللىئان خانىم قىزىل جى-
يەكلىك فورما كىيىپ، پەيتۇندا گىدىيىپ ئولتۇرىدىغان پەي-
تۇنكەشنىڭ مۇنداق ئىشلىرىدىن نارازى ئىدى. ئۇنىڭ پەي-
تۇننى پاكىز تۇتىدىغانلىقى، ئاتلارغا ياخشى قارايدىغانلىقى
ئۇچۇنلا ئۇنى ئىشتىن بوشىتىۋېتىشكە قىيمىغانىدى. شۇڭا
داۋاملىق ئۇنىڭغا پەيتۇننى ئېھتىيات بىلەن ھەيدەشنى جې-
كىلەپ تۇراتتى: ـ بۇلارمۇ ئادەمغۇ. تۇرمۇشنىڭ قىيىنلىقى،
تىرىكچىلىك شارائىتىنىڭ ناچارلىقى بۇ ئادەملەرنى مۇشۇ
ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان. ئىنچىكىلەپ قارايدىغان بولسىڭىز
بۇلاردا بىر خىل ئېسىل سۈپەتلىك بار. ئاۋۇ ئاپئاق ساقال-
لىق بوۋاينىڭ سالاپىتىگە قاراڭ، ئۇنىڭ پېشانىسى خۇددى
سوقراتنىڭكىگە ئوخشايدىكەن... ئاۋۇ ئىشكتە تۇرغان ئا-
يالنى كۆردىڭىزمۇ، لوندوندا بولىدىغان بولسا چوقۇم داڭ-
لىق گۈزەللەردىن ھېسابلانغان بولاتتى. بالىلىرىنى دېمەمە-
سىز، نېمىدېگەن سۆيۈملۈك، نېمىدېگەن چېچەن ـ ھە. مەن
ئۇيغۇر بالىلىرىنى بەك ياخشى كۆرىمەن...

خانىم ئەنە شۇنداق سۆزلەپ كېتەتتى. ئوچۇق زەڭگەر
كۆزلىرىنى سىرتقا تىكىپ، «مىڭبىر كېچە» چۆچەكلىرىنى
ئەسلىتىدىغان بۇ ئاجايىپ يۇرت ۋە ئۇنىڭدا ياشايدىغان
كىشىلەر توغرىسىدا تىنىماي مۇلاھىزە قىلاتتى.

پەيتۇن قەشقەرنىڭ ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل كوچىلىرىدا بىر
پەس ماڭغاندىن كېيىن ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئەنجان رەستە-
سى تەرەپتىكى بۇرجىكىگە كېلىپ توختىدى. ھېيتگاھ جامە-
سىنىڭ ئالدىدىكى كەڭرى مەيدان ھەر قاچانقىدەك يې-
مەك ـ ئىچمەك، يەل ـ يېمىش، كىيىم ـ كېچەك ساتىدىغان
ئۇششاق تىجارەتچىلەر، خېرىدارلار، ئىش كۈتۈپ تۇرۇشقان
ھامبال ـ مەدىكارلار، چۆرىدىشىپ ئولتۇرۇپ جېمى جا-
ھاننىڭ پارىڭىنى سوقىدىغان بىكارچىلار، ساپايى چېلىپ
تىلەمچىلىك قىلىدىغان قەلەندەرلەر بىلەن تولغانىدى. جا-
مەنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېگىز تېرەكلەرنىڭ سايىسى
چۈشۈپ تۇرىدىغان سۇپىلاردا يوغان سەللىلىك، ئاپئاق
ساقاللىق موللىلار قاتار ئولتۇرۇشۇپ قىزىق سۆھبەتكە
چۈشكەنىدى. دوپپىلىق، تۇماقلىق، بەقەسەم ياكى چەكمەن
تون كىيىپ، بەللىرىنى بەلباغ بىلەن باغلىغان ئەركىشلەر-
نىڭ ئارىسىدا كەڭ، ئۇزۇن پەرىجە كىيىپ، يۈزىنى ياپقان،
بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈۋالغان ئاياللار ئاندا ـ ساندا كۆرۈ-
نۈپ قالاتتى. لىق گىردە تولدۇرۇلغان يۇملاق، يوغان
تەۋەڭنى بېشىغا ئېلىپ ئۇستا سېركچىدەك مىغ ـ مىغ ئا-
دەملەر ئارىسىدا خىرامان ئايلىنىپ يۈرگەن شاگىرت بالا،
ھېلىلا بازاردىن سېتىۋالغان قىزىل خورىزىنى قولتۇقىغا
قىستۇرۇۋالغان تاغلىق دېھقان ئالاھىدە كۆزگە تاشلىناتتى.
قاما تۇماق، تاۋار تون كىيگەن، چىرايى پارقىراپ تۇرىدى-
غان، كەينىدە چاپارمەنلىرى ئەگىشىپ يۈرگەن بايۋەچچىلەر
ئالامان ئىچىدە سوقۇشقاق خورازلاردەك گىدىيىشىپ يۈ-
رۈشەتتى. ھېيتگاھنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چوڭ يولىدىن
ئېسىل ئاتلار قوشۇلغان ياسداق مەپىلەر قوڭغۇراقلىرىنى
جىرىڭلىتىپ توختىماي ئۆتۈپ تۇراتتى. كاتتىراق بىرەر مەپە
ئۆتكەن چاغدا، بىكارچىلاردىن بىرەرسى: كۆردۈڭلارمۇ،
پالانى ھاجىمنىڭ ياكى پالانچى بەگنىڭ مەپىسى، دەيتتى.
قالغانلار بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ تاكى مەپىنىڭ قارىسى
يىتكىچە قارىشاتتى، ئارقىدىن تىلىنى چاكىلدىتىپ ئاتنى ياكى
مەپىنىڭ بېزەكلىرىنى بىر ھازا ماختىشاتتى، تېخىمۇ ئىچكە-
رىلەپ مەپە ئىگىسىنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرلىرىغىچە سۆزلىشىپ
كۆڭلىنى خۇش قىلىشاتتى. ئەجنەبىيچە پەيتۇن ئەلۋەتتە بۇ
يەردە ھەممىدىن زور قىزىقىش قوزغىدى. بىردەمدە پەيتۇن
ئەتراپىدا بىر مۇنچە بىكار تەلەپ بىلەن تىلەمچى پەيدا
بولدى. پاكار، دوغىلاق، قىزىل يۈزلۈك قاسساپ ئۆزىدىن
داۋاملىق گۆش ئالىدىغان پەيتۇنكەشنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ
يېتىپ كەلدى ۋە تەزىم قىلىپ، ئۇنىڭغا شەرەت ئارىلاش بىر
نەرسىلەرنى دېگىلى تۇردى. چىرايى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ
كەتكەن ئەر كىشىلەر باشلىرىنى ئېگىپ پەيتۇن ئىچىدە
ئولتۇرغان ياش خانىمغا قىزىقىپ قارىشاتتى ۋە كۈلۈشۈپ
بىر ـ بىرىگە بىر نەرسىلەرنى دەيتتى. بەزىلىرى پەيتۇننىڭ
ئۇ يەر، بۇ يېرىنى تۇتۇپ سىلاپ بېقىشاتتى. خانىم ئەنگلە-
يىدىن يېڭى كەلگەندە كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قاراپ كۈلۈشە-
كىنىنى كۆرۈپ ئۇيغۇرچە سۆزلەشنى بىلىدىغان كاتىپتىن:
«ئۇلار نېمە دەيدۇ؟» دەپ سورىغىنىدا، كاتىپ ئۇنىڭغا:
«كەچۈرىسىز خانىم، ئۇلار سىزنى مايمۇنغا ئوخشايدىكەن
دەۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

پەيتۇنكەش قاپقىنى تۇرۇپ ئەتراپتىكىلەرنى قوغلاشقا
باشلىدى. دېمىسىمۇ بۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئاجايىپ چې-
ۋەر ئوغرىلار بار ئىدى. ئۇلار پۇرسەت تاپسىلا پەيتۇندىن
قولىغا چىققان نەرسىنى ئوغرىلاپ كېتىشەتتى. ئۇلارنىڭ ئا-
دەمنى قارىتىپ تۇرۇپ ئاشۇ نەرسىلەرنى قانداقلارچە شۇن-
چە تېز ئوغرىلاپ كەتكىنىگە ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى.

كوچا ئاغزىدا تىقىلىشىپ تۇرغان بىر نەچچە مەپە جا-
يىدىن قوزغىلىپ ئەنجان رەستىسىگە ئۆتىدىغان يول ئې-
چىلدى. پەيتۇنكەش ئەتراپتىكىلەرنى «ھارامتاماق ئوغرى-
لار، يالقاۋلار» دەپ تىللاپ، پەيتۇننى ئەنجان رەستىسىگە
قاراپ ھەيدىدى. ئەنجان رەستىسى قەشقەردىكى كەڭرەك،
رەتلىكرەك كوچىلارنىڭ بىرى ئىدى. كوچا ئۈستى ياغاچ،
بورىلار ياكى ئىككى ياقتىكى ئۆيلەرگە ئارتىلدۇرۇپ سې-
لىنغان بالىخانا ئۆيلەر بىلەن يېپىلغان بولۇپ، ئۆيەر ـ بۇ-
يەردىن چۈشۈپ تۇرغان كۈن نۇرى كوچىنى خىرە يورۇتۇپ
تۇراتتى. كوچىنىڭ ئىككى يېقىدا ئۆزبېك، ھىندى ۋە يەرلىك
باي سودىگەرلەر، جازانىخورلارنىڭ ئىككى قەۋەتلىك خىش
ئۆي ۋە دۇكانلىرى، بىر ـ بىرىگە ئۇلۇشۇپ كەتكەن

زەرگەر بازىرى بار ئىدى. بۇ دۇكانلاردا چەت ئەللەرنىڭ ئېسىل رەخت، موينا، كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن تارتىپ ئىران گىلەملىرى، خاڭجۇ ۋە خوتەننىڭ يىپەك رەخت، ئەتلەسلىرى سېتىلاتتى. يەرلىك زەرگەرلەر ياسىغان ئالتۇن ـ كۈمۈش، زىبۇ ـ زىننەتلەرمۇ خېلى سېپتا ئىدى. گېللىئان خانىم پەيتۇننى بازارنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر تار كوچىنىڭ ئاغزىغا توختاتتى. ئاشۇ تار كوچىدا خېلى چوڭ بىر يىپەك مال دۇكىنى بار ئىدى. دۇكان خوجايىنى ئەزەلدىن چەت ئەللىكلەر بىلەن سودا قىلىپ كەلگەن ئوقۇمۇشلۇق يەرلىك سودىگەر ئىدى. دوقمۇشتا قىزىل سىرلانغان ئېگىز چاقلىق، ئىشىكىگە چىلتەكلىك تاۋار پەردە تۇتۇلغان مەپە توختىتىلغانىدى.

مەپە ئالدىدا قوراللىق ئىككى ئەسكەر تۇراتتى. سەل نېرىدا يەرلىك كىشىلەردىن بىر توپ ياش ئەر بىلەن ئۇششاق باللار تاماشا كۆرۈپ تۇراتتى. تار كوچىغا پىيادە كىرمەكچى بولۇپ تۇرغان خانىم ئەسكەرلەرنىڭ رەتلىك قەدەم تۇۋشى، ئوفىتسېرنىڭ بۇيرۇق ئاۋازى، ملتىقنىڭ شاراق ـ شۇرۇق قىلغىنىنى ئاڭلاپ جايىدا تۇرۇپ قالدى. تار كوچىدىن يەتتە ـ سەككىز ئەسكەر يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ مەپىنىڭ ئەتراپىدا ئىككى قاتار بولۇپ ھۆرمەتتە تۇردى. ئارقىدىنلا بىر نەچچە ياش ئوفىتسېرنىڭ ھەمراھلىقىدا قىزىل، ھاۋارەڭ تاۋار كۆڭلەك، زەرلىك تاۋار كەمزۇل، كىچىك پۈتلىرىغا گۈل بېسىلغان خەي كىيگەن، ئالتۇن ـ كۈمۈش، قاشتېشى زىبۇ ـ زىننەتلەرنى بولۇشىغا تاقاپ، قېنىق گىرىم قىلغان ئىككى ياش خېنىم ئەركىلەپ، تولغىنىپ چىقىپ كەلدى. تاماشا كۆرۈپ تۇرغان ياش ئەرلەر بىلەن ئۇششاق باللار ئۇلارنى كۆرۈپلا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. ئەرلەرنىڭ چىرايىدا ئاشكارا بىر ھەۋەس، ئېچىرقاش ئىپادىلىنەتتى. بولۇپمۇ توپنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرغان كىيىملىرى جۇل ـ جۇل، يۈز ـ كۆزىنى قاسماق باسقان، گومۇش چىراي بىر ئەر ياش خېنىملارغا قاراپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ھەڭگىيىپ كۈلۈۋىدى، قىلىن لەۋلىرىنىڭ بۇرجىكىدىن سىرغىغان شۆلگىيى يىپتەك ئۈزۈن سوزۇلۇپ، كىردىن پارقىراپ كەتكەن توننىڭ ياقىسىغا ئېقىشقا باشلىدى. ئەركە ـ نايناق خېنىملاردىن بىرى ئۇنى كۆرۈپ:

ـ ئەيىيۇ، جىگى سىڭكو! ئېشىن سىلي، ـ دىيىشىگە، ئوفىتسېرلار بىلەن ئەسكەرلەر يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ھېلىقى گومۇشنى يەرگە يىقىتىپ مۇشتلاپ، دەسسەپ كېتىشتى. بۇنىڭ بىلەن پۇخادىن چىقماي ئەتراپتا تۇرغانلاردىن ئۈچ ـ تۆتىنى تارتىپ ئەكېلىپ ملتىقنىڭ پايىنىكى بىلەن ئۇرۇپ، باش ـ كۆزىنى قانغا بويىدى...

بۇ ۋەقە كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يۈز بەردى. ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر ئىككى خېنىمنى يۆلەپ مەپىگە چىقىرىپ، مەپىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ، بىردەمدە كۆزدىن غايىب بولدى. بۇ ۋەقەنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە ھېلىقى گومۇش تېخىچە يەردە ئىڭراپ ياتاتتى. تاياق يېگەن بىر نەچچىسى دەلدەڭشىگىنىچە «ۋايجان ـ ۋايىيەي»دەپ نالە قىلىشاتتى. دۇكان خوجايىنلىرى، خېرىدارلار، بايىقى بىر توپ تاماشا كۆرگۈچى بۇ يەردە ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك، ھېچقانداق ئىشنى كۆرمىگەندەك بىر خىل سوغۇق ئىپادىدە قاراپ تۇرۇشاتتى. بۇ سوغۇقلۇق تىنىشسىزكىدۇر ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرەتتى...

گېللىئان خانىم بىردىنلا كەينىگە ياندى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىشقاندەك بولدى. ئۇنىڭ بۇ يەردىن مال سېتىۋالغۇسى كەلمىدى، بۇ كوچىدىن، بۇ كوچىدىكى، بۇ شەھەردىكى ئادەملەردىن رايى يانغانىدى.

* * *

چىنباغ ـ ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى جايلاشقان باغلىق قورۇنىڭ نامى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئىسىم قويۇشقا ماھىر قەشقەرلىكلەر بۇ باغنىڭ پەلەمپەيسىمان يەر شەكلىنى ۋە جانان چىنىدەك چىرايلىق، كۆركەملىكىنى سۈپەتلەش ئۈچۈن چىنباغ دەپ ئاتىغانكەن. چىنباغ ھەقىقەتەن گۈزەل بىر باغ. بۆكتىدە دەل ـ دەرەخلەر ئارىسىغا جايلاشقان ئىنگلىز پوسۇنىدىكى ئىمارەتلەر ۋە راۋاق شەھەر سېپىلىغا ياندىشىپ پۈتكۈل قەشقەر شەھىرىگە ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى چەكسىز ئېتىز ـ باغلارغا، ئەگرى ـ بۈگرى كەتكەن دەريا ـ ئېقىنلارغا، يىراقتا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان پامىر تاغلىرىغا نەزەر سېلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇ، جاھاننىڭ تەرەپ ـ تەرەپلىرىدىن قەشقەرگە كەلگۈچىلەر ئۈچۈن ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ سۈت ئۇيۇقىسىدا ياتقان بۇ قەدىمي شەھەردىكى زامانىۋى مەدەنىيەتكە، بۇ شەھەرنى يىراقتا تاشلاپ كېتىۋاتقان شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك كەڭ دۇنياغا ۋە تەرەققىياتقا ۋەكىللىك قىلىدىغان كىچىككىنە ئارال، چۆل ـ جەزىرىدىكى خىيالىي جەننەت ھېسابلىنىدۇ.

پەيتۇن ئەنگلىيىنىڭ قالقان شەكىللىك دۆلەت گېربى قادالغان كونسۇلخانا دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلگەندە سوكنودىن فورما كىيگەن، قىزىل سەللىلىك، بومبۇر ساقال ئىككى ھىندى ئەسكەر تىك تۇرۇپ كونسۇل خانىمغا سالام بەردى.

دەرۋازا ئىچىدىكى توپ مەيدانىدا ياللانما خادىملار بىلەن پۇتبول ئويناۋاتقان ياش ياردەمچى كونسۇل جورج. شېرىف ئەپەندى خانىمغا يىراقتىن ئېھتىرام بىلدۈردى. پەيتۇن يولنىڭ ئىككى يېقىدىكى رەتلىك سېلىنغان ياللانما خىزمەتچىلەر ئۆيى، ھىندىستان ئەمەلدارىنىڭ، كونسۇلخانا دوختۇرىنىڭ ئۆيىدىن ئۆتۈپ دۆڭدىكى ئىچكىرىكى قورۇنىڭ ئالدىدا توختىدى. پەيتۇنكەش ئاۋۋال سەكرەپ چۈشۈپ پەيتۇننىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، خانىمنىڭ پەيتۇندىن چۈشۈشىگە ياردەملەشتى.

گېللىئان خانىم دەرەخلەر ئارىسىدىكى بالكونلۇق،

يوغان دېرىزىلىرى كۆن نۇرىدا ۋاللىداپ تۇرغان كونسۇل-
خانا بىناسىغا نەزەر سالغىنىدا ھەر قاچانقىدەك كۆڭلىدە
مەمنۇنلۇق ۋە قانائەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ئۇ، پەي
قىستۇرۇلغان شلەپىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئاق تور پەلىيىنى
يەشكەچ كەڭ پەلەمپەيگە چىقتى. قولىدىكى نەرسىلەرنى
ئىشىكنى ئېچىپ بەرگەن ھىندىستانلىق خىزمەتكارغا بېرىپ:
- ئەپەندىم ئۆيدە بارمۇ؟ - دەپ سورىدى.
- ئەپەندىم ھازىرلا ئاتلىق چىقىپ كەتكەنىدى، - دېدى خىزمەتكار ھۆرمەت بىلەن. ئۇ، خىزمەتكارنىڭ
سۆزىگە ئىشەنمىگەندەك، تاملىرىغا ھايۋان مۈڭگۈزلىرى
ۋە باش سۆڭەكلىرى، چوڭايتىلغان سۈرەتلەر ئېسىلغان
قوبۇلخانىنى، تورۇسى ئېگىز، تېپتىنچ، سۈرلۈك ئىشخانى-
لارنى، ئىككىنچى قەۋەتتىكى چىرايلىق بېزەلگەن، ئوتتۇ-
رىسىغا بىليارد شىرەسى، پاتېفون، تام بويلاپ ئېگىز
ئەينەكلىك كىتاب ئىشكاپلىرى قويۇلغان چوڭ ئۆينى ئا-
رىلىدى. ئۇ شۇ تاپتا گېللىئان ئەپەندىنى بۇ يەردە كۆ-
رۈشنى، بۈگۈن بازاردا كۆرگەنلىرىنى، كالللىسىدىكى خىلمۇ
خىل ئوي - پىكرىنى ئېيتىپ بېرىشنى، ئۇنىڭ تەسەللىي
سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلىدىكى غەشلىكلىرىنى ئۇنتۇپ
كېتىشنى شۇ قەدەر خالايتتى - ھە. ھەر قاچان، ھەر قاد-
داق ئىشتا بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ مەنپەئىتى
نۇقتىسىدىن پىكىر يۈرگۈزىدىغان گېللىئان ئەپەندى ھەد-
دىدىن ئارتۇق ھېسسىياتچان خانىمىنى بىر نەچچە ئېغىز
ماختاپ ئۇچۇرۇش ۋە يېنىككىنە تەنبىھ بىلەنلا پەسكويغا
چۈشۈرۈپ قوياتتى. خانىممۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قايىل
بولاتتى ۋە ئۇنىڭدىن تەسەللىي تاپاتتى.
ئۇ، كىتاب ئىشكاپىنىڭ ئالدىغا بېرىپ كىتابلارنىڭ
يۇقىرىسىغا چاپلانغان «ئوتتۇرا ئاسىياغا ئائىت قىممەتلىك
ھۆججەتلەر ۋە ئەسەرلەر»، «ئوۋچىلىق قامۇسى»،
«رازۋېدكا رومانلىرى»دەپ يېزىلغان كىچىك باغاقچى-
لارغا بىر دەم قاراپ تۇردى. ئارقىدىن ئۆينىڭ ئوتتۇرد-
سىغا كېلىپ، كىچىك شىرەدىكى پاتېفون پلاستىنكىلىرىنى
ئاختۇرۇشقا باشلىدى. نېمىدېگەن قىزىق - ھە! قەشقەر-
لىكلەر پاتېفوننى «شەيتان نەغمىسى»دەپ ئاتىشىدۇ.
ئۇ، پاتېفوننى ئېچىپ كونا بىر پلاستىنكىنى قويدى،
ئۇ، موزارتنىڭ مۇزىكىسى ئىدى. بۇ يەردە - قەشقەردە
موزارتنىڭ مۇزىكىسنى ئاڭلاش تولىمۇ غەلىتە تۇيۇلاتتى.
ئۇ، تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا مۇھەببەت كۈيلەنگەن يې-
قىملىق مۇزىكىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ نېمىشقىدۇر نوبېشى
كوچىسىدىكى ھېلىقى كىچىككىنە قىستۇرمىنى - نازۇك،
لاتاپەتلىك، گۈزەل قىز بىلەن ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتۇل-
دۇرغان بۈركۈتتەك چەبدەس يىگىتنى كۆز ئالدىغا كەل-
تۈرۈپ ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى.

*　　*　　*

ئۇ يىگىت شۇ تاپتا قەشقەردىن ئاتۇشقا قاراپ سو-
زۇلغان يولدا چاپىنىنى مۈرىسىگە سېلىپ تېز قەدەملەر بې-
لەن كېتىۋاتاتتى.ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ، يۇمۇلاقراق كەلگەن
يۈزىگە يارىشىپ، ئەقىل ۋە ھېسسىياتقا بايلىقىنى ئىپادىلەپ
تۇرىدىغان ئۇزۇن كىرپىكلىك يوغان قارا كۆزلىرىگە چوڭ-
قۇر خىيال ۋە مۇڭ چۆككەن، يۈرىكى ھاياجانغا تولغانىدى.
سېھىرلەنگەندەك ئالدىدىكى نامەلۇم بوشلۇققا تىكىلگەن
كۆزلىرى گويا قانداقتۇر خىيالىي بىر ئىشنى كۆرۈپ تۇر-
غاندەك ياكى كىم بىلەندۇر سۆزلىشىۋاتقاندەك گاھ غەزەپ-
تىن ئوتتەك چاقناپ كەتسە، گاھ مۇھەببەتتىن مۇلايىم،
خۇمارلىق جىلۋىلىنەتتى، لەۋلىرى نېمىلەرنىدۇر پىچىرلا-
ۋاتقاندەك بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى... ئەجەب بىر
ئىش بولدى - ھە. خۇددى بىرسى ئىتتىك بول، دېگەندەك،
پېشىمدىن تارتقاندەك يۈگۈرۈپ كەلگەنىدىم. بىر قەدەم
كېچىككەن بولسامزە... كارامەتلىك خۇدا، ئىككىمىزنىڭ
دىلىغا بۇ ئوتنى باشتا ئۆزۈڭ سالغان، بۈگۈن بۇ يەردە
مېنى بىر سىنىماقچى بولغانمىدىڭ؟ سىنىقىڭدىن ئۆتكەن
بولسام ئىشىمنى ئۆزۈڭ ئاسان قىلغايسەن، يېتىم بەندەڭنى
مۇرادىمغا يەتكۈزگەيسەن، ئاھ، خۇدا!
ئۇ بۈگۈن قەشقەرگە ئاشۇ قىزنى بىر كۆرۈۋېلىش
ئۈچۈن كەلمىگەنىدى، ئۇنىڭ كوچىسىنى، ئۆيىنىڭ ئەت-
راپىنى نەچچە ئايلانمىغانىدى. ئاخىر قىزنى كۆرۈش
ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ھېيتگاھنى بىر پەس ئايلىنىپ قايتىپ
كەتمەكچى بولدى. ئاشۇ چاغدا كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇي-
غاندەك، بىر نەرسە ئۇنى ئاشۇ مەھەللە تەرەپكە تارتقان-
دەك بولدى. ئۇ ئاشۇ يۈگۈرۈك پۇتلىرىغا تايىنىپ قىزنى
ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىدىن تارتىۋالدى. ئۇ قىز ئۈچۈن ئۆز
ھاياتىنى قۇربان قىلىشقىمۇ رازى ئىدى.
ئۇ، قىزنىڭ يۇمران تېنىنىڭ ھارارىتىنى، قاتتىق ھا-
سىراپ، ئوق تەگكەن كىيىكتەك تىپىرلاشلىرىنى سەزگىنى-
دە، بىردىنلا قاتتىق ھودۇقۇپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي
قالدى. قىز ئۇنىڭ قولىدىن ئاجراپ، ئۇنىڭغا لەپپىدە بىر
قاراپ قويدى - دە، تېزلىكتە ئۆزىنى ئوڭشاپ ئۆيى بار
تار كوچىغا قېچىپ كىرىپ كەتتى.
ئۇ، قىزنىڭ قىزارغان يۈزىنى، ھاسىراشتىن نازۇك
گەۋدىسىنىڭ تىترەشلىرىنى، كۆزلىرىدىكى ۋەھىمە ۋە ھايا-
جانىنى، ئۇياتچانلىقىنى شۇنچە يېقىندىن كۆردى. ئۇنىڭ ئاشۇ
لەپپىدە بىر قاراپ قويۇشى ئۇنىڭ يۈرىكىگە چوڭقۇر ئور-
ناپ كەتتى. ئۇ ھېسابسىز مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قاراش
ئىدى، ئۇنى تىل بىلەن تەسۋىرلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
پەقەت ئاشىق يۈرىكى ئارقىلىق سېزىۋالالايتتى. شۇ تاپتا ئۇ
خۇددى بېخىل پۇل پارچىلىغاندەك قىزنىڭ ئاشۇ قارىشىنى
ئۆز خىيالىدا پارچىلاپ، ئۇنىڭ ھەر بىر بۆلىكىدىن ئۆزگىچە
زوق - لەززەت ئالاتتى. بۇ زوق ۋە لەززەت تەڭداشسىز
كۈچ - قۇۋۋەتكە ئايلىنىپ ئۇنى قاناتلاندۇراتتى. ئۇنىڭ
خۇشلۇقى ئىچ - ئىچىگە سىغماي، كۆز ئالدىدىكى يېشىل

www.uyghurkitap.com

دالنى، يەر ۋە ئاسمانى قۇچاقلىماقچىدەك، قوللىرىنى كېرىپ شامالغا قارشى يۈگۈرۈپ كېتەتتى. ئەگرى ـ توقاي يوللار، ئېگىز ـ پەس سارغۇچ دۆڭلەر، كۆكىرىشكە باشلىغان ئوت ـ چۆپ، چاتقاللار، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سۈرەتتەك رەڭدار تاغلار، ھەزرەت، ئاۋات، بەشكېرەمنىڭ باغلىرى ئۇنىڭ ئۇچقۇر تاپانلىرى ئاستىدىن ئۆتۈپ يىراقلاپ كەتتى. ئەمدى ئۇ ئۇستۇن ئاتۇشنىڭ تاغ باغرىنى بويلاپ بىر ـ بىرىگە تۇتۇشۇپ كەتكەن يۇرت ـ مەھەللىلىرى ئىچىدە كېتىۋاتاتتى... ئەنە، ھەمرابايىنىڭ خۇۋەيىنى ئۆرۈكلۈك باغلىرىمۇ كۆرۈندى. بىر چاغلاردا بۇ باغنىڭ ئېگىز ئەنجان تاملىرى ئۈستىدىن ئۇ ياخشى كۆرىدىغان قىزنىڭ زىل ئاۋازدا ئېيتقان ناخشىلىرى ئاڭلىناتتى. قىز قەشقەرگە كەتكەندىن تارتىپ بۇ چوڭ باغ ئۇنىڭ كۆزىگە چۆلدەرەپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان بولدى.

يىراقتىن ھەزرىتى ھەبىب ئەجەم مازىرىنىڭ ئېگىز مۇنارىسى كۆرۈنگەندە ئۇ قەدىمىنى تېزلەتتى. ھەبىب ئەجەم مازىرى يېنىدىكى ئاددىي قەبرىدە ئاجايىپ بىر ئادەم مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ياق، ئۇنىڭ جىسمى ئۆلگەن بىلەن روھى ھاياتتۇر، ئوغۇللىرى قىلىۋاتقان خاسىيەتلىك ئىشلارنى ئەشۇ روھ ئۇلارنىڭ دىلىغا سىڭىپ تۇرىدىغاندۇ...

مازارغا يانداپ سېلىنغان بىر كورپۇس ئاپئاق بىنا، قاپقاقلىرى ھاۋارەڭ سىرلانغان چوڭ دېرىزىلىك سىنىپلار، ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسى، يېڭىدىن سېلىنغان ئوقۇتقۇچىلار ياتاقلىرى، تاش مۇنچا، تىياتىرخانا، كەڭ كەتكەن توپ مەيدانى... مانا بۇ ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى مازارلار بىلەن تولغان بىر سەھرادا يۈز بەرگەن مۆجىزە ـ «ھۈسەينىيە» مەكتىپى ئىدى. ئىللىق چىرايىدىن سەبىيلىك، ئاق نىيەت پارلاپ تۇرغان بۇ يىگىت بولسا مۇشۇ مەكتەپنىڭ بالا ئەپەندىسى ئىدى.

* * *

قىز بىلەن يىگىت ئەسلىدە بىر مەھەللىدە ـ ئۈستۈن ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە بىللە ئويناپ چوڭ بولغان بالىلار ئىدى. ئوغۇلنىڭ ئىسمى كېرەم بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى دادىسى كىچىكئاخۇننىڭ ئىسمىنى قوشۇپ كېرەم كىچىك دەپ چاقىرىشاتتى. قىزنىڭ ئىسمى مەرىگۈل ئىدى. كىچىك ۋاقىتلىرىدا مەھەللىنىڭ ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرىدە چۆمۈلۈپ، لاي ئويناپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئۇلار باراۋەر ئىدى. كېرەم مەرىگۈللەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنى ئوينىغىلى چاقىرىپ چىقاتتى ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئاشۇ جەننەتتەك باغ ئىچىدە ئەتىدىن ـ كەچكىچە بىللە ئوينايتتى. ئۇلار ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولدى. مەرىگۈلمۇ باشقا قىز بالىلاردەك ئۆيىدىن تالاغا چىقمايدىغان، ئۇلار كۆرۈشمەيدىغان بوپقالدى. مەرىگۈلنىڭ دادىسى پات ـ پات تاغ ئارقىسىغا سودا قىلغىلى بېرىپ تۇرىدىغان چوڭ سودىگەر ئىدى. ئۇنىڭ قەشقەردىمۇ كاتتا دۇكانلىرى، ئۆيلىرى بار ئىدى.

كېرەمنىڭ دادىسى كىچىكئاخۇن بولسا كېرەم قورساقتا چاغدا كارۋانلارغا ئەگىشىپ ئەنجان تەرەپلەرگە چىقىپ كەتكەنچە خەت ـ خەۋىرى بولمىغانىدى. ئانا ـ بالا ئىككىسى مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى كىچىك بىر ھويلىدا يالغۇز ياشايتتى. كېرەم ناھايىتى كىچىك ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا ئانىسىغا ياردەملىشىشكە باشلىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن بىر ـ ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتىكى جاڭگالدا كېرەمنىڭ چوڭ ئانىسىنىڭ ئۆيى بار ئىدى. ئانىسى ھەر كۈنى ئاشنى تاۋاقتا ئۇسۇپ، داستىخانغا چىڭ چېگىپ: «ئوبدان بالام، يۈگۈرۈپ ماۋۇ ئاشنى چوڭ ئاناڭغا ئاپىرىپ بەر. ئاش سوۋۇپ كەتسە چوڭ ئاناڭنىڭ دۇئاسىنى ئالالماي قالىسەن، يۈگۈرۈپ بېرىپ، يۈگۈرۈپ كەل!» دەيتتى. قۇلىقى يۇمشاق كېرەم ئاشنى ئىسسىق پېتى ئېلىپ بارىمەن دەپ پىلدىرلاپ يۈگۈرۈپ ماڭاتتى. چوڭ ئانىسى ئىسسىق ئاشنى ئىچىپ، ئۇنىڭغا ۋە ئانىسىغا ئاتاپ دۇئا قىلىپ بولۇپ «تاتلىق نەۋرەم، قارا كۆز نەۋرەم» دەپ ئەركىلەتتى. قولىغا قۇيماقتەك ساپسېرىق، شېرىن قاقلارنى تۇتقۇزۇپ: «بىچارە ئاناڭ ئەنسىرەپ قالمىسۇن، يۈگۈرۈپ ـ يۈگۈرۈپ ئۆيۈڭگە كەتكىن، بىر كىملەر ئېتىڭنى چاقىرسا ئالدى ـ كەينىڭگە قارىمىغىن» دەپ تاپىلايتتى. كېرەم ئانىسىنىڭ چۆچەكلىرىدىكى دەرەخ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇۋالىدىغان، مەھەللىدىكى ھەممە ئادەمنىڭ ئېتىنى بىلىدىغان جىنلارنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىدىن قورقۇپ، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي ئۇدۇل ئۆيى تەرەپكە چاپاتتى. ئۇ يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى مۇسا ھاجىمنىڭ ئوغۇللىرى ئاچقان «ھۈسەينىيە» مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردى. ئۇ مەكتەپكە كىرگەن تۇنجى كۈنى تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئۇنى يېتىلەپ ئىسسىق مۇنچىغا ئەكىرىپ يۇيۇندۇرغىنى، سارغۇچ ماتادا تىكىلگەن مەكتەپ فورمىسىنى كىيدۈرۈپ قويغىنى ئۇنىڭ ئېسىدىن زادى چىقمايدۇ. ئۇ، مەكتەپ ھاياتىغا تېزلا ئۆزلىشىپ كەتتى. بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ يۈگۈرۈك، چەبدەسلىكى بىلەن تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيىتىدە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈندى. مەكتەپ مۇدىرى تۇرسۇن ئەپەندى تۈركىيىنىڭ داڭلىق بىلىم يۇرتلىرىدا ئون يىللاپ ئوقۇپ كەلگەن ئالىي مەلۇماتلىق، بىر نەچچە خىل چەت ئەل تىلىنى پىششىق بىلىدىغان، ھەممە ئادەمنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر كىشى ئىدى. ئۇ يەنە چېنىققان تەنتەربىيىچى، ئۇستا توپچى ئىدى. بىر قېتىم كېرەم كىچىك 100 مېترغا يۈگۈرۈشتە بىرىنچىلىكنى ئالغاندا، شۇ ئەپەندىم ئۇنىڭ باش ـ كۆزىنى سىلاپ: «بارىكاللا ئوغلۇم، ئاتاڭغا رەھمەت، خۇدا خالىسا مۇشۇ يۈگۈرۈك پۇتلىرىڭ بىلەن ھەممە مۇراد ـ مەقسىتىڭگە يېتىسەن» دەپ پېشانىسىدىن سۆيگەنىدى. ئۇ سەل چوڭ بولغاندا تۇرسۇن ئەپەندى ئۇنى قولىدىن يېتىلەپ ئاپىرىپ مەكتەپ پۇتبول كوماندىسىدىكىلەرگە: «مانا بۇ يىگىت ئۇزاققا بارمايلا ناھايىتى ياخشى بىر ھۇجۇمچى بوپقالىدۇ» دەپ

تونۇشتۇردى. ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنىڭ ئەس ـ يادى
پۇتبولغا باغلاندى. ئۇ، «كېرەم توپچى» دېگەن نامغا ئاشۇ
مۇشتتەك ۋاقتىلىرىدىلا ئېرىشتى. تۇرسۇن ئەپەندى ئۇنىڭ
ئۈچۈن بۇ دۇنيادىكى ئەڭ مېھرىبان، ئەڭ قەدىرلىك،
شۇنداقلا كۆز يەتكۈسىز ئۇلۇغ ئادەم ئىدى.

ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئانىسى نامازغا قوپقاندا كېرەم كى-
چىكمۇ تەڭلا ئورنىدىن تۇراتتى. ئالدىراپ ناشتا قىلىۋېلىپلا
مەكتەپكە يۈگۈرۈيتتى. ئۇ ئەمدى جىندىن قورقمايدىغان
بوپقالغانىدى. مەكتەپكە بالدۇرراق بېرىش ئۈچۈن باغلار-
نىڭ شورىلىرىدىن ئۆمىلەپ كىرەتتى. قاشالاردىن ئاتلاپ،
ئۆستەڭلەرنى كېچەتتى. بەزىدە ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدىن يو-
غان بۆرە ئىتلار چىقىپ ئۇنى قوغلاپ كېتەتتى. تاپانلىرى
يەرگە تېگەر ـ تەگمەي دېگۈدەك يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان كې-
رەمنىڭ ئارقىسىدىن بىردەم قوغلاپ بېقىپ، ئۈمىدسىزلەن-
گەندەك توختاپ قېلىشاتتى. تاڭ نۇرى ھەزرىتى ھەيبى
ئەجەم مازىرىنىڭ ئاسمانپەلەك پەشتىقىنى، پەشتاق يېنىدىكى
ئاپئاق ئاقارتىلغان سىنىپلارنى، توپ مەيدانىنى، مەكتەپ ۋە
مەيدان ئەتراپىدىكى قويۇق تېرەكلەرنى غۇۋا يورۇتۇشقا
باشلىغاندا ئۇ مەكتەپكە يېتىپ كېلەتتى. ئۇ ھەرقانچە بالدۇر
كەلسىمۇ مەيداندا ئۆزىدىن بۇرۇن كەلگەن تۇرسۇن ئەپەن-
دىنى كۆرەتتى. ئاق كۆڭلەك كىيگەن، ئوتتۇرا بوي، خۇش-
پىچىم كەلگەن تۇرسۇن ئەپەندى ئۇنى كۆرۈپ:

ـ تىنچ قوپۇپسەنمۇ ئوغلۇم؟ ـ دەپ سورايتتى.

ـ تىنچ قوپتۇم، ئەپەندىم، سىزمۇ تىنچ قوپۇپسىز-
مۇ؟ ـ دەپ سورايتتى كېرەم كىچىك بېشىنى كۆتۈرۈپ قا-
راپ. تۇرسۇن ئەپەندى ئۇنىڭ جاۋابىدىن مەمنۇن بولۇپ
كۈلۈپ كېتەتتى. كېرەم يۈگۈرۈپ بېرىپ دەرەخكە ئېسىپ
قويۇلغان توپ خالتىسىدىن توپنى ئېلىپ كېلەتتى. بۇ، تۇر-
سۇن ئەپەندى ئۆزى قەشقەردىكى موزدوزلارغا بۇيرۇتۇپ
تىككۈزگەن سارغۇچ تېرە توپ ئىدى. خالتىدا يەنە توپچى
بالىلارنىڭ ئانىلىرى كونا تۇماق، بۆكلەرنىڭ ئىچىگە سامان،
زىغىر پاخلى سېلىپ تىكىپ بەرگەن توپلارمۇ بار ئىدى.
ئادەتتە توپ ئوينايدىغان ھەرقانداق بالىنىڭ چەكمەن چاپان
تىكىدىغان قىل`رەختتە ياكى قېلىن ماتادا تىكىلگەن توپى
بولاتتى. ئۇلار ئۇنى ھويلىدا، يوللاردا، خاماندا تېپىپ ئوي-
نايتتى. مەھەللىدىكى ئۇششاق بالىلارمۇ ئۇلارنى دوراپ
ئانىلىرىغا ھەرخىل پۇرۇچ رەختتىن گۈل تەپچىلىگەن توپ-
لارنى تىكتۈرۈپ ئويناپ يۈرۈشەتتى.

تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن كېرەم كىچىك بىر ـ بىرىگە
پاس بېرىپ، توپنى پۇت، بەل، مۈرە، باش بىلەن توسۇشنى
مەشىق قىلاتتى.

تۇرسۇن ئەپەندى توپنى پىرقىرىتىپ پۇتىنىڭ ئۇچى،
دۈمبىسى، تىزى، تاپىنى بىلەن تەپكۈچ تەپكەندەك تېپىپ،
گاھ تىزىنىڭ ئارىسىدىن، گاھ مۈرە، قولتۇقىدىن چىقىرىپ

ھۈنەر كۆرسىتەتتى. توپ خۇددى ئۇنىڭ بەدىنىگە چاپلى-
شىپ، ئۇنىڭغا ئۇنىسىز ئىتائەت قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.
مەيداننىڭ ئىككى بېشىدا كېسەك بىلەن ياسالغان ۋاراتا بار
ئىدى. تۇرسۇن ئەپەندى توپ تەپسە، كېرەم ۋاراتار بولات-
تى. كىچىكلىكىگە، بوينىڭ پاكارلىقىغا باقماي يىقىلىپ ـ
قوپۇپ، دومىلاپ يۈرۈپ توپنى تۇتىۋېلىشقا تىرىشاتتى. ئۇ
توپ تەپكەندە تۇرسۇن ئەپەندى ۋاراتار بولۇپ، ئۇنىڭ
ھەر بىر توپ، ھەر بىر ھەرىكىتىنى ماختاپ ياكى تۈزىتىپ
تۇراتتى. بارا ـ بارا مەيدانغا ئابدۇرەھمان ئەپەندى، ئابلىز
ئەپەندى، مەسئۇد ئەپەندىلەر، پۇتبول كوماندىسىدىكى
ئەنۋەر، ئىبراھىم، غوپۇر، پەخرىددىن، تۇرسۇن قارىي، بې-
شىراخۇنلار يىغىلاتتى. ئابدۇرەھمان ئەپەندى بىلەن ئەن-
ۋەرمۇ قالتىس توپچىلاردىن ئىدى. بولۇپمۇ قاش ـ كۆزى
تۈكلۈپ تۇرىدىغان، مەڭزى قىزىل كەلگەن ئەنۋەرنىڭ
تەپكەن توپى زايا بولمايتتى. شۇڭا ھېچقانداق مۇسابىقە
ئەنۋەرسىز قىزىمايتتى.

يىغىلغانلار ئادەم سانىغا قاراپ بەش ـ ئالتىدىن ياكى
سەككىزدىن كوماندا بولۇپ مۇسابىقىگە چۈشۈپ كېتەتتى.
بەزىدە مۇسابىقىنى كۆرگىلى كەلگەن دېھقان ياشلارمۇ مەي-
دانغا چۈشەتتى. ئادەم بارغانچە كۆپىيىپ، مەيدان قىقاس ـ
چۇقان، باركاللا سادالىرى بىلەن قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆ-
مۈلەتتى.

ئەتىگەن سائەت سەككىزدە مەكتەپنىڭ بىر كۈنلۈك
مەشغۇلاتىنىڭ مۇقەددىمىسى بولغان گىمناستىكا باشلىناتتى
ھەر بىر ئوقۇغۇچى مەيداندىكى مۇقىم ئورنىنى تېپىپ
رەتلىك تىزىلاتتى. ئابدۇرەھمان ئەپەندى باشچىلىقىدىكى
دۇخۇۋۋي مۇزىكا ئەترىتى ناغرا ـ سۇناي، نەي چېلىپ
مەيدانغا كىرەتتى. ئوقۇغۇچىلار مۇزىكا ساداسىغا تەڭكەش
قىلىپ گىمناستىكا ئوينايتتى. گىمناستىكىدىن كېيىن نۆۋەت-
چى ئەپەندىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ ئالدىنقى كۈندىكى ئوقۇ-
تۇش، تەرتىپ ـ ئىنتىزام، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدىن خۇ-
لاسە چىقىراتتى، ئەلاچى ـ ئىلغار ئوقۇغۇچىلار تەقدىرلە-
نەتتى، سەۋەنلىكلەر تەنقىد قىلىناتتى. خۇلاسە ئاياغلىششى
بىلەن يەنە مۇزىكا ياڭراپ ئوقۇغۇچىلار:

قوپ ئى ئاداش تۇر،
ئەتراپىڭغا باق.
باق نە كۆرەرسەن،
ئويلىغىن ئۇزاق!

. . .

دېگەن مارش ساداسى ئىچىدە سىنىپلارغا قاراپ ماڭات-
تى. «ھۆسەينىيە»نىڭ يېڭى بىر كۈنى ئەنە شۇنداق باش-
لىناتتى.

«ھۆسەينىيە»دە شۇ ۋاقىتنىڭ ئادىتى بويىچە شەنبە
ھەپتە بېشى ھېسابلىنىپ، جۈمە كۈنى ئارام ئېلىناتتى.

چارشەنبە ئەتىگەندە قۇرئان تەجۋىد ئۆتۈلۈپ، پەيشەنبە پۈتۈن كۈن «قۇرئان» ئوقۇلغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا شىپاھىيە (گرامماتىكا)، ياد ئىملا، ھېساب، يۇرت تەھسىلى (تارىخى)، تەبىئەت، رۇس تىلى، ئەرەب تىلى، جۇغراپىيە قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلەتتى. تۇرسۇن ئەپەندى شىپاھىيە، ياد ئىملا ۋە تارىخ ئۆتەتتى. ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ دەرسىنى ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئاڭلايتتى، قاچان تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ دەرسى كېلەركىن، دەپ تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈشەتتى. تۇرسۇن ئەپەندى «ئانا تىلنى تولۇق بىلىش، توغرا قوللىنىش ھەر بىر ئىنسان پەرزەنتى ئۈچۈن پەرز ۋە قەرزدۇر. بىزنىڭ چىرايلىق، يېقىملىق ئانا تىلىمىز بولغاچقا، بىز ئۆزىمىزنىڭ تىلىدا ئانا، دادا دەپ چاقىرىشنى، باشقىلار بىلەن ئالاقىلىشىشنى، جاھاندارچىلىق قىلىشنى ئۆگەندۇق. ئانا تىلىمىز بىلەن خۇدانى، دۇنيانى بىلدۇق. دۇنيادىكى، ئىنسانچىلىقتىكى نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئىشنى چۈشەندۇق. ئانا تىلىمىز بىلەن شۇنداق چىرايلىق ناخشىلارنى ئاڭلىدۇق ھەم ئېيتتۇق. ئانا تىلىمىز بىلەن بوۋاقلارنى ئېغىزلاندۇرۇپ، ئۆلگەنلەرنى ئۇزاتتۇق. ئانا تىلىمىز بولمىغان بولسا بىز بىر بىچارە خەلق بوپقالغان بولاتتۇق. شۇڭا ئانا تىلنى ياخشى ئۆگىنىشىمىز، ئۇنى بېشىمىزغا ئېلىپ، ئەتىۋارلىشىمىز كېرەك» دەيتتى. دەرسنى بەك ئەستايىدىل ئۆتۈپلا قالماي، ئىملا ۋە تىل قائىدىسى جەھەتتە تەلەپنى قاتتىق قوياتتى. ئۆزى خەتنى چىرايلىق، ئۆلچەملىك يازاتتى. ئوقۇغۇچىلاردىنمۇ شۇنداق يېزىشنى تەلەپ قىلاتتى. تارىخ ئۆتكەندە، دۇنيادىكى، يىراق ئەللەردىكى زور ئىشلارنى خۇددى مۇشۇ يۇرتتا بولغان ئىشلاردەك قىزىقارلىق، چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتى. دۇنيانى سۆزلەپ بولۇپ شىنجاڭنى، قەشقەرنى، ئاتۇشنى، سەلتەنەتلىك، ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك ھەم ئېچىنىشلىق تارىخنى، ئەركىنلىك، ئازادلىق يولىدا كۈرەشكەن، قان تۆككەن باتۇر ـ ئەزىمەتلەرنى، داڭدار بىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلىرىنى سۆزلەپ، ئۆز نۆۋىتىدە مۇشۇ يۇرتتىن چىقىپ جاھان كېزىپ، كۆزى ئېچىلىپ پۇل ۋە يۈز تېپىپ زور ئىشلارنى قىلغان كاتتا بايلارنى بىر ـ بىرلەپ ساناپ، «ئەشۇلار بىزنىڭ يۇرتلۇق، بىر مەھەللىلىك قان ـ قېرىنداشلىرىمىز ئىدى، ئۇلار قىلغاننى بىز قىلالامدۇق؟» دەپ باللارنىڭ كۆڭلىگە بىر ئوتنى سېلىپ قوياتتى. يۇرتنى، ۋەتەننى، ئۇنىڭ تارىخىنىلا ئەمەس، تاغ ـ دەريالىرىنىمۇ چۈشىنىشنى، بىلىشنى، يۇرت كۆرۈپ، شەھەر، دۆلەت ئاتلاپ دۇنيانى چۈشىنىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. بىر قېتىم ئۇ قەشقەر توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ ئوقۇغۇچىلاردىن:

ـ ئاراڭلاردا قەشقەرگە بېرىپ باققانلار بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

13 ـ 14 ياشلارغا كىرىپ قالغان بۇ باللار كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئۈندىمەي ئولتۇرۇشتى. ئۇ يەنە:

ـ قەشقەرگە بېرىشنى خالايدىغانلار بارمۇ؟ ـ دېدى.

ـ مەن خالايمەن!

ـ مەنمۇ خالايمەن!

ـ مەنغۇ خالايتتىم، لېكىن شۇ... ئاشۇ...

پەيشەنبە كۈنى تۇرسۇن ئەپەندى باشلىق ئون نەچچە بالا ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە يېپىنچا ئېلىپ پىيادە قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. قەشقەردە تۇرسۇن ئەپەندى ئۇلارنى باشلاپ ھېيتگاھ جامەسى، خانلىق مەدرىسە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى، بۇلاقبېشى، قىلىچ بۇغراخان مازىرى، ھەزرەت قاتارلىق جايلارنى ئايلاندۇردى. قەشقەرنىڭ ئاۋات بازىرى، مىغ ـ مىغ ئادەملەر ئىكساقلىق باللارنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىۋەتتى. شۇ كۈنى كېرەم كىچىك بىلەن ئەنۋەر ئېگىز بوي، سېرىق چاچ، كۆزلىرى كۆپكۆك بىر ئادەمنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتىن ئاغزىنى ئاچقىنىچە ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈرۈپ يولدىن ئېزىپ قالغاندا، تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە خانلىق مەدرىسەنى ئىزدەپ ـ سوراپ يۈرۈپ ھەمراھلىرى بىلەن ئاخىر تېپىشقانىدى. شۇ قېتىمقى سەپەردىن كېيىن بۇ سەپەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن باللار بىردىنلا چوڭ بوپقالغاندەك بولدى. تۇرسۇن ئەپەندى ئۇلارغا قازان، ئىستانبۇل، پارىژ، بېرلىن دېگەندەك شەھەرلەرنىڭ قەشقەردىن نەچچە ھەسسە چوڭلۇقى، ئۇ شەھەرلەردىكى كىشىلەرنىڭ رادىئو ئارقىلىق دۇنيادىكى يېڭىلىقلاردىن خەۋەردار بولالايدىغانلىقى، ئايروپىلان، ئاپتوموبىل، پويىز، پاراخوتلارنىڭ سۈرئىتى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەندە، بۇ سۆزلەر ئۇلارغا چۆچەكتەك تۇيۇلمايدىغان بولدى.

تەبىئەت دەرسنى مەسئۇد ئەپەندى، جۇغراپىيىنى ئەمرۇللا ئەپەندى ئۆتەتتى. مەسئۇد ئەپەندى ياز كېچىلىرى ئوقۇغۇچىلار بىلەن مەكتەپ مەيدانىدا تۈنەپ، ئۇلارغا قاپقاراڭغۇ ئاسمان بوشلۇقىدىكى سامان ۋە يۇلتۇزلار چېچىلىپ كەتكەن يېزا يولىغا ئوخشاش ئاقىرىپ كۆرۈنىدىغان ساما يولى ھەققىدە، يۇلتۇزلار، ئاي، كۈن، چولپان يۇلتۇزى ۋە ئۇلارنىڭ جايلىشىشى، ھەرىكىتى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى. مۇنداق ئۆتۈلگەن دەرسلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېسىدىن ئۆمۈرۋايەت چىقمايتتى. جۇغراپىيە ئۆتىدىغان ئەمرۇللا ئەپەندى دۇنيادىكى داڭلىق يانار تاغلارنى ۋە يانار تاغلارنىڭ پارتلاش سەۋەبىنى ئۆتكەندە كەنت سىرتىدىكى قۇمساڭ يەرگە دورا كۆمۈپ، ئۈستىگە تاغ شەكلىدە قۇم دۆۋىلەپ، دورىنى پارتلىتىش ئارقىلىق يانار تاغ ھادىسىسىنى جانلىق چۈشەندۈرگەندى.

ئابدۇرەھمان ئەپەندى قاشلىرى قاپقارا، قاڭشارلىق، ئېگىز بوي، جانلىق، تېتىك يىگىت ئىدى. ئۇ، تەنتەربىيىنى قىزغىن سۆيەتتى. ئۆزى تەنتەربىيە دەرسى بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيەتتى. ئۇلارنى دائىم

www.uyghurkitap.com

دالىغا، ئۈستەڭ بويلىرىغا ئېلىپ چىقىپ يۈگۈرۈش، سۇ ئۈ-
زۈش، چېلىشىش پائالىيەتلىرىگە تەشكىللەيتتى. ئوقۇغۇچى-
لارنى يۈگۈرۈتۈپ ئاق تاغقا ئاپىرىپ تاغقا چىقىش، توشقان
قوغلاشتا مۇسابىقىگە سالاتتى. ئۇ بەك ھېسسىياتلىق، كۆڭلى
يۇمشاق ئىدى، ھېرىپ قالغان، مىجەزى يوق بوپقالغان با-
لىلارنى ھاپاش قىلىپ كۆتۈرۈۋالاتتى. كەمبەغەل ـ نامرات
باللارنى كۆرسە چىداپ تۇرالماي، قولىدا نېمە بولسا بې-
رىۋېتەتتى. بىر قېتىم ئۇ بالىلارنى باشلاپ تاغقا چىقىپ كې-
تىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىدىن بىر كىيىك چىقىپ
قالدى. باللار ئۇنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ قوغلاپ چوڭقۇر
بىر جىراغا قاپسىۋالدى. ئابدۇرەھمان ئەپەندى ئۆزى جى-
راغا چۈشۈپ كىيىكنى تۇتۇپ چىقتى. كىيىكنىڭ پۇت ـ قولى
باغلاندى. باغلاققا چۈشكەن كىيىك دىر ـ دىر تىترەيتتى،
ياش تولۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان قاپقارا كۆزلىرى بە-
لەن ئەتراپقا غەمكىن تەلمۈرۈپ قارايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن
ئۇلار تاغ ئۈستىدە دەم ئېلىپ ئولتۇرغاندا ئابدۇرەھمان
ئەپەندى نېمىشقىدۇر ئېچىلالماي خىيال سۈرۈپ قـالـدى.
كىيىكنى سويۇپ، گۆشىنى كاۋاپ قىلىشقا تەقەززا بولۇپ
تۇرغان باللارمۇ مۇئەللىمگە قاراپ شوخلۇقلىرىنى قىلالماي
شۈكلەپ قېلىشتى. ئابدۇرەھمان ئەپەندى بـىـر دەم جـىـم
ئولتۇرغاندىن كېيىن بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ:

ـ باللىرىم، كىيىكنى قويۇۋەتسەك رازى بولامسىلەر؟
دەپ سورىدى.

بالىلار بىر ـ بىرىگە قاراشتى. «قويۇۋېتىمىزمۇ؟ ئەمە-
سە نېمىشقا جاپا تارتىپ تۇتتۇق؟ قورساق ئېچىپ تۇرغاندا،
تەييار كاۋاپنى نېمىشقا يېمگۈدەكمىز؟» باللارنىڭ سەبىي
كۆزلىرىدىن ئەشۇ مەنا ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

ـ بۇ بىچارە تۇتقۇنغا قاراڭلار. مۇشۇ تاغدا ئەركىن
ياياپ يۈرگەن بۇ جانىۋار بىزنىڭ نەپسىمىز تۈپەيلى ئەر-
كىنلىكىدىن ئايرىلدى، ئەمدى جېنىدىنمۇ ئايرىلىش ئالدىدا
تۇرىدۇ. ئۇنىڭمۇ ئاتا ـ ئانىسى، ئاكا ـ ئىنى، ئاچا ـ سى-
ڭىللىرى باردۇ، ئۇلار شۇ تاپتا بۇ بىچارىنىڭ يولىغا قاراپ
تۇرۇشقاندۇ...

كېرەم كىچىكنىڭ يوغان، قاپقارا كۆزلىرىگە ياش تول-
دى.

ـ ئەپەندىم، قويۇۋېتەيلى، ـ دېدى ئۇ تىترەك ئاۋازدا.

ـ قويۇۋېتەيلى! ـ دېيىشتى قالغان باللارمۇ.

كىيىك باغلاقتىن ئازاد بولۇپ تاقلاپ ـ تاقلاپ قىيالار
ئارىسىدا غايىب بولدى. ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىك
يوقاپ، كۆڭۈللىرى ئېچىلىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار
تاغقا چىقسا توشقان، كىيىك ئوۋلىمايدىغان بولدى.

* * *

بىر كۈنى كېرەم ئاغىنىلىرى بىلەن يولدا توپ تېپىپ

ئويناپ كېتىۋېتىپ تاغىسى ئىمىن مەزىنگە ئۇچراپ قالدى.
توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ تەپكەن توپى دەل تاغىسىنىڭ
قاڭشىرىغا بېرىپ تەگكەندى. مەزىن تاغىسى ئۇنى قۇلىقى-
دىن تارتقىنىچە ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپ قوللىرىنى
شىلتىپ، كۆزلىرىنى ئالايتىپ، ئاغزىدىن شالىلىرىنى چاچ-
راتقىنىچە تىللاپ كەتتى:

ـ ھۇ جۇھۇد، مۇرتەد! ئىمانسىزلارنىڭ ئارقىسىدا يۈ-
رۈپ يولدىن چىققان نانقېپى! جېنىڭ ئېچىڭگە پاتماي قال-
غان بولسا، مۇشۇ ئەسكى توپنى تېپىپ يۈرگىچە ئېتىزغا
چىقىپ كەتمەن چاپساڭ بولماسمىدى!

ئىمىن مەزىن يېڭىچە مەكتەپلەرگە ۋە ئەپەندىـلـەرگـە
جېنىنىڭ بارىچە ئۆچلۈك قىلاتتى. يۇرت بېگى ۋە بىر قىسىم
قازى ـ قوزاتلار بىلەن بىرلىشىپ: «مۇسابايلار باللىرى-
مىزغا پەرەڭلەرنىڭ ئىشلىرىنى ئۆگىتىپ نېمە پايدا تاپتى.
باللار ئەتىدىن كەچكىچە ئەپەندىلەرنىڭ ئارقىسىدا شەي-
تاننىڭ توپىنى تالىشىپ يۈرۈپ مۇسۇلمانچىلىقنىڭ يولىدىن
چىقىپ كەتتى. بۇ ئەسكى توپتىن ئاش ـ نان چـىـقـامـدى-
كەن؟» دەپ ۋەز ئېيتاتتى. تاغىسى كېرەمنى نەدە كۆرسە
تۇتۇۋېلىپ پەندى ـ نەسىھەت قىلاتتى ياكى تىللاپ ۋەز
ئېيتىپ قورقۇتماقچى بولاتتى. كېرەمنىڭ ئانىسى ئاكىسىغا
بولۇشۇشنى ياكى ئوغلىغا بولۇشۇشنى بىلەلمەي مىشىلداپ
يىغلايتتى. ئاكىسىنىڭ دېگەنلىرىمۇ ھەق. دېمىسىمۇ مۇشۇ
مۇشتۇمدەك بالىغا نېمە جىن چاپلاشتىكىن، ئولتۇرسا، قوپسا
تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن توپنىڭ گېپىدىن باشقا گەپ قىل-
مىغان. كېچىلىرى نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىراپ جۆيـلـۈپ
ئادەم قورقۇتىۋاتقان، چۈشەكەپ، توپ تەپتىم دەپ يوتقاننى
تېپىپ، يوتقان توشاتمىغان... ئۇ، ئاكىسىنىڭ مەسلـىـھـەتى
بويىچە ئوغلىنى ئوقۇتۇپ، دېمىدە سۈيى ئىچكۈزۈپمۇ باق-
تى، نەسىھەت قىلىپمۇ، ئۆيگە سولاپ قويۇپمۇ باقتى، لېكىن
كار قىلمىدى، ھېچ نەرسە كېرەمنى يولىدىن قايتۇرالمىدى.
تېخى، بىر جۈمە كۈنى نامازدىن يانغاندا ، ئەپەندىلىرىم
سېنى مەكتەپكە كەلسۇن دەيدۇ، ھەممە بالىنىڭ ئانىلىرى
بارىدىكەن، دەپ مەكتەپكە باشلاپ باردى. ئەسلىدە ئۇ
كۈنى چوڭ مۇسابىقە بولغانىكەن. كېرەمنىڭ ئانىسى ئۆزىگە
ئوخشاش يۇزنى ياپقان بىر توپ ئاياللىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇ-
رۇپ، ئوغلىنىڭ مەيداندا ئوقتەك تېز يۈگۈرۈپ، توپنى ۋا-
راتا قانداق تېپىپ كىرگۈزگىنىنى، توپ كۆرۈۋاتقانلارنىڭ
«كېرەم كىچىك، ياشاپ كەت!»، «ئوغالبالا!» دەپ تۇۋ-
لاشقانلىرىنى كۆردى ھەم ئاڭلىدى. ئۆزىمۇ ھاياجانلىنىپ،
گاھىدا ئوغلىدىن ئەنسىرەپ نەچچە قېتىم ۋارقىراپ سالغى-
نىنى تۇيمايلا قالدى. مۇسابىقىدىن كېيىن تۇرسۇن ئەپەندى
ئوتتۇرىغا چىقىپ، كېرەمنى مۇرىسىگە ئولتۇرغۇزۇۋېـلـىـپ:
«خالايىق، بۈگۈندىن ئېتىبارەن كېرەمنىڭ ئېتى كـېـرەم

www.uyghurkitap.com

توپچى بولسۇن!» دېگەنىدى، ھەممە ئادەم چاۋاك چېلىپ ئالقىشلاپ كەتتى. ئانىسى شۇنىڭدىن كېيىن كېرەمنى توسمايدىغان، تېخى ئۆزىگە ئوخشاش ئانىلار بىلەن توپنىڭ، مۇسابىقىنىڭ پارىڭىنى سىلىشىدىغان، ئوغلىدىن پەخىرلىنىدىغان بولدى. كېرەم بىر كۈنى ئۇنىڭغا: «ئانا، ئاڭلىسام پەرەڭلەرنىڭ توپى بىزنىڭكىدىن قاتتىق ئىكەن. مەن ھەرقانداق قاتتىق توپنىمۇ تېپەلەيدىغان بولسام دەيمەن. سەن ماڭا زىغىر پاخلىنىڭ ئارىسىغا شېغىل ئارىلاشتۇرۇپ بىر توپ تىكىپ بەرگىنە» دېگەندە، نەچچە كۈن باش قاتۇرۇپ ئوغلى دېگەندەك توپتىن بىرنى تىكىپ بەردى. بۇ توپنى تەپكەن دەسلەپكى كۈنلەردە كېرەمنىڭ يالىڭاياغ پۇتلىرى قىزىرىپ، قاناپمۇ كەتتى. بىراق بىر مەزگىلدىن كېيىن قانىماس بولدى، ئانىنىڭ كۆڭلىمۇ جايىغا چۈشتى. كېرەم ئەنە شۇنداق توپ تېپىپ يۈرۈپ چوڭ بولدى. مەكتەپ پۈتتۈرۈپ تېخى شۇ مەكتەپكە ئەپەندى بولدى. توپ تېپىپ يۈرۈپ مۇشۇ يۇرتتىكى ئەڭ چىرايلىق قىزنىڭ مۇھەببىتىگىمۇ ئېرىشتى.

بىر كۈنى كېرەم ئاغىنىلىرى بىلەن كونا تۇماقنى ئۆزگەرتىپ ياسىۋالغان توپنى تېپىپ ئويناۋاتاتتى. كىمدۇر بىرىنىڭ كۈچەپ تېپىشى بىلەن توپ يول بويىدىكى ئەنجان تاملىق چوڭ باغنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. باغنىڭ تاملىرى ئېگىز ئىدى. تام بويلاپ ئاسمانپەلەك قەد كۆتۈرگەن قويۇق سەگۈ تېرەكلەر باغنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ تۇراتتى. كېرەم توپنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن باغنىڭ شورىسىدىن ئۆمىلەپ كىردى. باغدا ئۇ باينىڭ قىزى مەرىگۈلنى كۆردى. ئۇ، قىزنىڭ قولىدىكى توپنى ئېلىۋالماقچى بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

ـ كېرەم كىچىك، سىنى قەشقەرگە بېرىپ ئوقۇيدىكەن دەيدىغۇ، راستمۇ؟ ـ دەپ سورىدى مەرىگۈل بۇلاقتەك كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ.

ـ ئەپەندىم مېنى قەشقەردە ئوقۇتماقچى بولغان، لېكىن ئانامنى يالغۇز قالدۇ دەپ بارمايدىغان بولدۇم. ئەپەندىم ئۇنداق بولسا سېنى ئۆزۈم تەربىيىلەيمەن، دېدى، ـ دېدى كېرەم مەغرۇرلۇق بىلەن.

ـ قەشقەرگە ئاناڭنىمۇ بىللە ئەكەتسەڭ بولىدىغۇ؟

ـ ئانام ئۇنىمايدىكەن. سەھرادا ئازادە ياشاپ ئۆگىنىپ قالغان ئادەم شەھەرگە كۆنەلمەيمەن، دەيدۇ. مەن توغۇلمىغان ۋاقتىمدا دادام بىلەن قەشقەرگە بېرىپ، شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا ئېسىلغان ئادەملەرنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپتىكەن، قەشقەرنىڭ گېپى چىقسا ھازىرمۇ تىترەپ كېتىدۇ.

ـ ئۇغۇ راست، مەنمۇ قەشقەرگە كۆنەلمەيمەن،ـ مەرىگۈل شۇنداق دەۋېتىپ ناھايىتى چىرايلىق ھەم چەبدەس ھەرىكەت بىلەن توپنى باغ سىرتىغا قارىتىپ تەپتى. توپ ئېگىز ئەنجان تېمنىڭ ئۈستىدىن ھالقىپ، كۆكۈش پارقىراپ تۇرغان سەگۈ تېرەكلەر ئارىسىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى.

ـ نېمە، سەن... سەن...؟

ـ قانداق، مەندىن باشقا ئادەم توپ ئوينىيالمايدۇ، دەپ قالغانمىدىڭ، ـ دېدى مەرىگۈل لەۋلىرىنى دومسايتىپ ۋە بىردىنلا ئېچىلىپ كۈلدى، ـ مېنىڭمۇ بىر توپۇم بار، ئاۋۇ بۇلۇڭدا بىر ۋاراتامۇ بار تېخى.

ـ ئوغال بالا بوپقالساڭمۇ بولاپتىكەن، ـ شۇنداق دەپ كېرەممۇ كۈلۈۋەتتى.

كېرەم باغ ئىشىكى تەرەپكە كېتىۋېتىپ، بىردىنلا توختاپ مەرىگۈلدىن سورىدى:

ـ راست، سەن ھېلىقى مېنى قەشقەرگە بارىدىكەن دېگەن گەپنى نەدىن ئاڭلىدىڭ؟ مەن ھېچكىمگە دېمىگەنتىم.

ـ كالۋا، ـ مەرىگۈل سەدەپتەك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ يەنە كۈلدى، ـ ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا سېنىڭلا گېپىڭ، تېخى سېنى ئەنجانلىق بىر ئەپەندى بىلەن ئەنجانغا كېتىدىكەن دېگەن گەپمۇ بار!

. . .

كېرەملەر شۇنىڭدىن كېيىن دائىم مۇشۇ باغنىڭ تۈۋىدە توپ تېپىدىغان بوپقالدى. كېرەم ھەر قېتىمدا بىر ـ ئىككى نۆۋەت توپ ئېلىپ چىققىلى باغقا كىرىپ تۇردى. كېرەم ھەر قېتىم باغقا كىرىپ كەتسە نېمىشقا پات چىقمايدىغانلىقىغا ئەجەبلەنگەن ئاغىنىلىرى باغنىڭ شورىسىدىن ئۆمىلەپ كىرىپ كېرەمنىڭ مەرىگۈل بىلەن ئېرىق بويىدا يانمۇيان ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىكساقتىكى ياش باللارنىڭ ئارىسىدا بىر ناخشا تارىلىپ كەتتى. ناخشىنىڭ نامى «گۈلمەرەم» ئىدى. بۇ ناخشا شۇنچىلىك مۇڭلۇق، گۈزەل ئىدىكى، ئاڭلىغانلا كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ، ئۇزاققىچە ئېسىدىن چىقمايتتى.

بىر كۈنلەردە مەرىگۈلنىڭ دادىسى ھەمراباي قىزى بىلەن كېرەم توپچى توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ نومۇس ۋە غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكىدەك بولدى. «نى ـ نى بەگزادىلەرنى قىزىمىزغا لايىق كۆرمەي يۈرسەك، قىزىمىز بىر يالاڭتۆش يېتىم ئوغلاق بىلەن تېپىشىپتىمۇ. ۋاي ئېست، قىز بالا دېگەننىمۇ باقامدىغان!» دەپ نالە ـ پەرياد چېكىپ، خوتۇنىغا يەتكىچە كايىپ، ئاخىر خوتۇنى بىلەن قىزىنى قورۇقچىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەردىكى پىنھان قورۇ ـ جايىغا يولغا سالدى. كېرەمنىڭ پۇتلىرى ئالدىدا قەشقەرنىڭ يولى قانچىلىك يول ئىدى! ئۇ ھەپتە، ئون كۈندە بىر قەشقەرگە بېرىپ نو بېشى تەرەپتىكى كوچىلارنى ئارىلايتتى. مەرىگۈلمۇ بەزىدە يالغۇز، بەزىدە بىر قېرى خوتۇننىڭ ھەمراھلىقىدا كوچا تەرەپكە چىقىپ قالاتتى. ئۇ، پەرەنجىگە يۆگەلگەن قىزنىڭ بۇرۇلۇپ لەپپىدە بىر قارىشىدىن، نازۇك

بەدىنىنىڭ ئالاھىدە بىر قىياپەتلىرىدىن ئۆزىنى كۆرگىنىنى سېزەتتى ۋە ئۆزىچە قىزىرىپ، ھاياجانلىنىپ، شېرىن خىياللار ئىلكىدە ئارقىسىدىن ئۇزاق قاراپ قالاتتى. قىزنى يىراقتىن بولسىمۇ بىر كۆرەلىگەن چاغلىرىدا ئۇنىڭغا يولنىڭ يىراقلىقى، ھارغىنلىق ۋە ئاچلىق، ۋىسال ئارزۇسىنىڭ بىقارارلىقى بىلىنمەي قالاتتى.

* * *

ئاق تاغ خۇددى ئاسماندىن توككىدە چۈشۈپ قالغاندەك ياكى يەر تېگىدىن ئۆسۈپ چىققاندەك ئىكساقنىڭ جەنۇبىدىكى قۇم ـ تاشلىق چۆلدە سىرلىق قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. قاراڭغۇ كېچىلەردە، تاڭ سەھەردە ۋە گۇگۇم پەيتىدە ئۇ سۈكۈت ئىچىدە زېمىنغا نەزەر سېلىپ تۇرغان مويسىپىتقا ئوخشىسا، ئايدىڭ كېچىلەردە ياكى ئاپتاپ قايناغان ياز كۈنلىرىدە كرىستالدەك يالتىراپ نۇر چاچىدۇ. تېخىمۇ يىراقتىن نەزەر تاشلىغاندا ئۇ خۇددى ئىكساقتىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي يۇرتنىڭ بېشىدىكى ئوتىغاتتەك كۆرۈنىدۇ. تارىختىن بۇيان شېغىل تاشلىق بۇ يۇرتتا، بۇ يۇرت ئەتراپىدىكى كىچىك ـ كىچىك بوستانلىقلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە بىر قوۋمى ياشىغان. بۇ يۇرت خەلقىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى جاھان كېزىش بولسا كېرەك.

يېرىنىڭ ئۇنۇمسىز، قۇرغاقلىقى ۋە قىستاڭچىلىق ئۇلارنى باشقىلاردىن تىرىشچان، چىدامىلىق قىلىپ يېتىلدۇرۇپلا قالماي، جاھان كېزىپ باشقىچە تىرىكچىلىك يولى تېپىشقا مەجبۇر قىلغان. نەتىجىدە ئۇلار ئەۋلادمۇئەۋلاد تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ، چۆل ـ باياۋان، دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن ھالقىپ دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە ئاياغ ئىزلىرىنى قالدۇرغان. بارغانلا يېرىدە روناق تېپىپ، ئۆز يۇرتىدىكىدىن كۆپ ياخشى ياشىغان. ئەمما ئۇلار ئاشۇ كىچىككىنە نامرات، تاشلىق زېمىننى زادى ئۇنتۇپ قالمىغان. شۇڭا ئۇ يەر ئۇيغۇرلار يۇرتىدىكى تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئەڭ زىچ، دۇنيادىكى يېڭىلىقلار ئەڭ ئاسان ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان كۆزنەك بولۇپ، پۈتكۈل ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە تەقدىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن. تارىختا شۇنداق بولغان، بۈگۈنمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ مۇسابايلار ئاچقان «ھۈسەينىيە»، «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن» مەكتەپلىرى، مەرىپەتپەرۋەر بايلار ئاچقان ۋە ئېچىۋاتقان تېخىمۇ كۆپلىگەن مەكتەپ خۇددى قاراڭغۇلۇق قوينىدا لاۋۇلداپ يانغان مەشئەلدەك كىشىلەرنى ئويغىتىۋاتىدۇ، ئۈمىدلەندۈرۈۋاتىدۇ، تېخىمۇ گۈزەل مەنزىلگە ئىنتىلدۈرۈۋاتىدۇ... لېكىن، دۇنيادا ياخشى، گۈزەل ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى نەقەدەر مۇشكۈل، ئۇنىڭ رەقىبلىرى نەقەدەر كۆپ ۋە رەزىل ھە...

يۇرت بېگىنىڭ ئۆيىدىن ئاتلىق چىقىپ كەلگەن تۇرسۇن ئەپەندى چوڭقۇر خىياللارغا پاتقانىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن چىرايى غەزەپتىن قىيسىيىپ، ساقاللىرى تىترەپ تۇرغان يۇنۇس بەگ ۋە بەگنىڭ مېھمانخانىسىدا تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ سۆزلەپ «ھۈسەينىيە»نىڭ ئوقۇتۇشىغا، تەربىيە ئىشلىرىغا، بولۇپمۇ چوڭ ـ كىچىك ھەممە ئادەمنىڭ پۇتبول ئويىنىشىغا تىل ـ ئاھانەت ياغدۇرۇۋاتقان قازى ـ قۇززات، ئىشان ـ مەزىنلەر بىر ـ بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى.

ـ كونىچە مەدرىسەلىرىمىزنىڭ نېمىسى يامان؟ باللىرىمىزنى قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش ـ يۇمشاق، تەقۋادار مۇسۇلمان قىلىپ تەربىيىلەپ كېلىۋاتقىنى، ئاشۇ مەدرىسە ئەمەسمۇ!

ـ پەننىي دەرس دەپ دىنىمىزغا، «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس مۇبارەككە خىلاپ پەتىۋالارنى تارقىتىپ يۈرسە جاھاننىڭ ئىشلىرى ئىزىدىن چىقىپ كەتمەمدۇ! يەر دېگەننى خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بىر كالا مۈڭگۈزىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ نېرىسىدىكى ئىشلارنى بىر خۇدايىمنىڭ ئۆزى بىلىدۇ. جەدىت ئەپەندىلەر يەر يۇمىلاق ـ توپىغا ئوخشايدۇ، توختىماي چۆرگىلەپ تۇرىدۇ، دەپ دەرس ئۆتكىدەك. ئەگەر ئۇلار دېگەندەك بولسا ماۋۇ پىيالىدىكى چاي نېمىشقا مىدىرلىمايدۇ، تۇرسۇن ئەپەندى قانداقچە يۇمىلاپ كەتمەي بىزنىڭ يېنىمىزدا بەخۇدۇك ئولتۇرالايدۇ، ھا... ھا... ھا...

ـ بىر ئوبدان باللىرىمىزنى تاغمۇتاغ، باغمۇباغ چاپتۇرۇپ يۈرۈپ ياۋايىلاشتۇرۇۋەتتى بۇ ئەپەندىلەر. ھېلىقى پەرەڭلەرنىڭ شەيتان توپى ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتتى. نەگە قارىسا شۇ، كىمنىڭ ئاغزىغا قارىسا شۇنىڭ گېپى. ھەتتا خاتۇن خەقلەرمۇ چەتتە قالمىدى. باللار خەلپەتلەرنىڭ گېپىنىلا ئەمەس، ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ گېپىنىمۇ ئاڭلىمايدىغان بوپكەتتى.

ـ ئاۋۇ ئەمرۇللا بەگنى خېلى ئوڭلۇق ئادەم دەپ يۈرسەك، ئۇششاق باللارنى باشلاپ تاش مەسچىتنىڭ يېنىدىكى قۇملۇققا مىلتىق دورىسى كۆمۈپ پارتلىتىپ، «يانار تاغ» مۇشۇنداق پارتلايدۇ، دەپ يۈرۈپتۇ. جاھاننىڭ ئىشلىرى خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولامدۇ يا ئەمرۇللا ئەپەندىنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولامدۇ! سىلى دەپ باقسىلا تۇرسۇن ئەپەندى، سىلى چوڭ يەرلەردە ئوقىغان، چوڭ ئىشلارنى كۆرگەن ئادەم. بىزنىڭ يۇرتتىكى بۇ ئىشلار قالايمىقانچىلىق، دەھرىيلىك بولماي نېمە؟! بۇ ئىشلارنى دوتەي ئالىيلىرى ئاڭلاپ قالدىغان بولسىغۇ، كۆرگىلىكى بار بۇ ئەپەندىلەرنىڭ.

ئېگىز پاپاخ، ئاق كۆينەك ئۈستىگە بەدىنىگە چىپپىدە كېلىدىغان خورمىرەڭ تون كىيگەن تۇرسۇن ئەپەندى يوغان سەللىلىك، پار ـ پۇر تونلۇق، يوغان قورساق قازى ـ قۇززاتلارنىڭ ئارىسىدا چاقچاق، خۇشپىچىم كۆرۈنەتتى. ئۇ بىر

قېشىنى سەل ئېگىز كۆتۈرۈپ، نېپىز لەۋلىرىنىڭ بۇرجىكىدە سۇسقىنە كۈلۈمسىرىگەن پېتى ئۇلارنىڭ قايناشلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇردى. ئۇ ئۇلارغا بۇنىڭدىن 430 يىللار ئىلگىرى پەرەڭلەرنىڭ ئىتالىيە دېگەن يېرىدە دىنىي ئۆلىمالار بىلەن بىر ئالىم ئوتتۇرىسىدا دەل مۇشۇنداق مۇنازىرىلەرنىڭ بولغانلىقىنى، كوپېرنىك ئىسىملىك بۇ ئالىم يەر شارى قۇياشنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدىغان ئادەتتىكى بىر پلانېت دېگەن قارىشىدا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت نەزەربەند ئىچىدە ياشاپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەن ئالىم گالىلېنىڭمۇ كوپېرنىك تەلىماتىنى ياقلىغانلىقى تۈپەيلى كوپېرنىك بىلەن ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولغانلىقى، 1600 ـ يىلى گىئوردانو برونو ئىسىملىك بىر ئالىمنىڭ كوپېرنىك تەلىماتىنى تەشۋىق قىلغانلىقى تۈپەيلى رىم مەيدانىدا ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى... لېكىن، بۇ نەزەربەند ۋە كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈشلەر بىلەن بۇ ئىلمىي يەكۈن يوقالمايلا قالماستىن، بۇلۇتلارنى يېرىپ چىققان قۇياشتەك چاقناپ، ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى بىلىشىنى ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى زور بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلەتكىنىنى... دەپ بەرگىسى كەلدى. ئەمما ئۇ ئۇلارنىڭ چىرايىغا بىر ـ بىرلەپ نەزەر سېلىپ بۇ نىيىتىدىن ياندى. ئاچ كۆزلۈك، تەمە ۋە نادانلارچە مەنمەنلىك قاپلىغان بۇ چىرايلار ئۇنىڭ رايىنى قايتۇرغانىدى. ئۇلار سۆزلەپ ھارغاندا ئۇ ئالدىرىماي گەپ باشلىدى:

ـ ھەرقايسىلىرى يۇرتىمىزنىڭ مۆتىۋەرلىرى، كاتتىلىرى. ھەرقايسىلىرى كېچە ـ كۈندۈز پۇقرانىڭ، يۇرتنىڭ غېمىنى يېيىشىدىلا. ھەرقايسىلىرىنىڭ نەسىھەت ـ تەلىملىرىگە ئەمەل قىلماي ھەددىمىز ئەمەس، چوقۇم ئەمەل قىلىمىز، لېكىن بىزمۇ ھەرقايسىلىرىنىڭ ئىككى ئېغىز گېپىمىزنى ئاڭلاپ قويۇشلىرىنى ئۆتۈنىمىز. ھەرقايسىلىرى ئاق تاغقا چىقىپ باققان بولۇشلىرى مۇمكىن. تاغدىن پەسكە قارىساق بىزنىڭ بۇ ئىكساق ئالىقانچىلىكلا كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭغا ئەتراپىدىكى قايراق، بەيساق، تاقۇت، يولچىلارنى قوشقاندىمۇ ھەتتا پۈتكۈل ئاتۇش، قەشقەرنى قوشقاندىمۇ ئۇ يەنىلا ئالىقانچىلىك يۇرت. دۇنيادا تاغنىڭ نېرىسىدا تاغ، يۇرتنىڭ نېرىسىدا يۇرت، دەريانىڭ نېرىسىدا دەريا، ھەتتا قاتمۇقات دېڭىز ـ ئوكيانلار بار. ئاشۇ تاغلارنىڭ، دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ نېرىسىدا ھېسابسىز نۇرغۇن ئادەم بار. ئاشۇ ئادەملەر نى ـ نى ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ، ئاجايىپ يوغان دۇربۇن، تېلېسكوپلارنى ياساپ يۇلتۇزلارنىڭ سىرىنى ئېچىۋاتىدۇ، يەر ئاستىدىن خىلمۇخىل بايلىقلارنى قېزىۋاتىدۇ. ماشىنا، ئايروپىلان، پاراخوت، پويىزلارنى كەشىپ قىلىپ ئالتە ئايلىق يولنى بىر كۈندە بېسىۋاتىدۇ. ئۇلار بۇنى ئىلىم ـ پەنگە، مائارىپقا تايىنىپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار ياراتقان ئىلىم ـ پەن نەتىجىلىرىگە كۆز يۇمغىلى، شەك كەلتۈرگىلى بولماس. بىز مۇشۇ يۇرتتىن چىقماي ئولتۇرۇۋېلىپ، ئاكاڭ قارىغاي ھەممىدىن كاتتا، دەپ جاھاندىكى ھەممە ئىش، ھەممە يەر بىر قېلىپتا دەپ قارىساق بولماس. مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللام بۇخارايى شەرىفنىڭ ئۆلىمالىرىدىن «ئۇسۇلى جەدىت ۋاجىب» دېگەن پەتىۋانى ئېلىپ كەلمىدىمۇ؟! يۇرتىمىزدىن چىققان مۇسا ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى چەت ئەللەرنى كۆرۈپ، يۇرتنى ئويلاپ، خەلقىمىزنىڭ كۆزى ئېچىلسۇن، جاھالەتتە قالمىسۇن، دەپ «ھۇسەينىيە»نى بەرپا قىلمىدىمۇ؟! ئەمدى تەنتەربىيىگە كەلسەك، ئۇسۇلى جەدىت ئەقلىي تەربىيە بىلەن بەدەن تەربىيىسىگە تەڭ ئېتىبار بېرىدۇ. بەدەن چېنىقتۇرغاندا روھىي ۋە جىسمانىي ئىللەتلەردىن خالىي بولغىلى بولىدۇ. جۇشقۇن روھ ۋە ساغلام بەدەنسىز ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولماس. ھەرقايسىلىرىمۇ باللىرىمىزنىڭ، دېھقانلىرىمىزنىڭ روھىدىكى جۇشقۇنلۇقنى كۆرۈۋاتىدىغانلا. پېقىرنىڭ قارىشىچە بۇ يامان ئىش ئەمەس. بىز خەلقنى سۇغا ئوخشاتساق، توختام سۇ چىرىندە بىلەن تولغان ئۆلۈك سۇدۇر. ئېقىپ تۇرغان جۇشقۇن سۇلا ساپ، تازا ۋە تىرىك سۇ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋەجىدىن ئالغاندا بەدەن چېنىقتۇرغانىنىڭ نېمىسى يامان؟ ئۇ نېمە سەۋەبتىن ھەرقايسى زاتى مۇبارەكلىرىمىزنىڭ كۆزىگە سىغماي قالدىكىن؟

يۇرت چوڭلىرى بىر پەس بىر ـ بىرىگە قارىشىپ جىم بولۇشۇپ كەتتى. كېيىن ئۆزئارا كۇسۇرلىشىپ، دىمىقىنى قېقىپ، گاللىرىنى قىرىپ تۇشمۇتۇشتىن سۆز باشلاشتى:

ـ تۇرسۇن ئەپەندىم، سىلىنىڭ دېگەنلىرىنى بىزمۇ بىلىمىز. ئۇ يەرلەرگە بارمىساقمۇ، بارغانلاردىن ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز. لېكىن ئۇلار كىم؟ بىز كىم؟ بىزنىڭ دىنىمىزمۇ، ئۆرپ ـ ئادىتىمىزمۇ، تۇتقان يولىمىزمۇ ئۇلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. شۇنچە يىلدىن بۇيان بىز ئۇلارسىزمۇ ياشاپ، يولنى ئوڭ مېڭىپ كەلدۇق. ئەمدى بۇگۈنگە كەلگەندە خەقنى دورايمەن دەپ ئوڭدا چۈشمەيلى يەنە! بۇ ئالەمنىڭ ئىشلىرىنىڭمۇ بەك كايىپ كەتكۈچىلىكىمۇ يوق. خۇدايىم بىزگە بۇ دۇنيالىقنى بەرمىگەندىكىن، بىز خەق نامىزىمىزنى ئوقۇپ، شەرىئەت يولىنى تۇتۇپ، سىڭگەن نانىنى يەپ، تىنچ ئۆتسەك بولارمىكىن.

ـ ئۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيا دەپلا مۇشۇ كۈنگە قالغان خەق بىز. ئۇنداق بولسا خۇدايىم بىزنى بۇ دۇنياغا ـ مۇشۇنداق گۈزەل، باي ـ باياشات بىر زېمىن ئۈستىگە نېمىدەپ ياراتتى؟ ياراتقۇچى مەن، يارالغۇچى ئۆزۈڭ دېمىدىمۇ! بىزمۇ ئادەمغۇ! بولدى، بۇ گەپلەرنى مۇشۇ يەردە قويۇپ ھەرقايسىلىرىغا مۇھىم بىر خەۋەرنى يەتكۈزەي. باھاۋۇدۇن ھاجىم چەت ئەللەردىكى زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ پات ئارىدا يۇرتقا يېتىپ كەلگىدەك. ھاجىم كەلسىغۇ قاراپ تۇرماس. لېكىن بىز ھازىر تازا ئۆزۈكچىلىك ئىچىدە

www.uyghurkitap.com

تۇرۇۋاتىمىز. بالىلىرىمىز قىينىلىپ قالمىسا بولاتتى. ھەرقايسىلىرىغا ئايان بولغىنىدەك، يېقىندىن بۇيان مەكتىپىمىزدە ئوقۇيدىغانلار ھەسسىلەپ كۆپەيدى، خىراجەت بولسا يەنە بۇرۇنقىدەك. شۇڭا ھەرقايسىلىرىنى جامائەت ئىسكەلاتىدىن بېرىلىدىغان ياردەمنى مۇۋاپىق كۆپەيتىپ بەرسە دېگەن ئۈمىدتە بىز. بولسا، جاۋابىنى ھازىر ئېلىپ كەتسەم.

يۇرت چوڭلىرى يەنە بىر نۆۋەت جىم بوپكېتىشتى. بۇ جىمجىتلىق خېلى ئۇزاق سوزۇلدى. ئۇلارنىڭ رايىچە بولسا خىراجەتنى كۆپەيتىش ئەمەس، بەلكى پەقەتلا بەرگىسى يوق ئىدى. ئەمما باھاۋۇدۇن ھاجىم راستىنلا كېپقالسا ئۇ كىشىگە يۈز كەلگىلى بولمايدۇ-دە. ئۇ دېگەن ئۇنداق-مۇنداق ئادەم ئەمەس، دۇنيانىڭ يېرىمى تونۇيدىغان كاتتا باي. ھېلىغۇ قەشقەردىكى چوڭلار ئىكەن، ئۆلكىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭغا ھۆرت-پۈرت دېيەلمەيدۇ، ئاشۇنداق بىر ئادەمگە ھاجىتىم چۈشمەيدۇ، دەپ ھېچكىم ئېيتالمايدۇ...

باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىشى بىلەنلا ھەممە نارازىلىقلار قايناپ تۇرغان قازانغا سۇ قۇيۇلغاندەك بېسىقىپلا قالماي، خىراجەت ئىشىمۇ ھەل بولدى. تۇرسۇن ئەپەندى دەيدىغانلىرىنى دەپ، مەقسىتى ھەل بولغاندىن كېيىن ئۇلارنى ئۇچچە قالدۇرۇپ، ئۇززە سوراپ قايتىپ چىقتى...

تونۇگۈن ئاتچىلار ئەۋەتكەن كىشىدىن باھاۋۇدۇنباينىڭ يۇرتقا كېلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن تارتىپ تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ كۆڭلىدە ئىللىق بىر سېزىم، بىر خۇشلۇق پەيدا بولدى. ئەينى يىللىرى باھاۋۇدۇنباي مۇشۇ يۇرتلۇق ئون نەچچە بالىنى تۈركىيىگە ئوقۇشقا يولغا سالىدىغان چاغدا ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، پېشانىسىدىن سۆيگەنىدىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئاشۇنداق ئىللىق سېزىم، خۇشلۇق پەيدا بولغانىدى. ئۇ چاغلاردا باھاۋۇدۇنباي ياش، قاۋۇل ئىدى. مەخمەلدەك قويۇق، قاپقارا قاشلىرىنىڭ قويرۇقى بېشىدىكى ئېگىز پاپاخىنىڭ ئىچىگە قەدەر سوزۇلغان بولۇپ، ئوتتەك چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن، كىشىگە سەممىمىي، ئىللىق بېقىشلىرىدىن، گەپ-سۆزلىرىدىن بىر خىل ئاق كۆڭۈللۈك، مېھرىبانلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ:

— بالىلىرىم، تىرىشىپ ئوقۇپ، يۇرتىمىز، خەلقىمىزگە كېرەكلىك ھەممە نەرسىنى ئۆگىنىۋېلىڭلار، بىز سىلەرنى تۆت كۆزىمىز بىلەن كۈتىمىز، ئاتۇش خەلقى سىلەرنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتىدۇ... دېگەنىدى.

ئۇ بىر كەتكەنچە تۈركىيىدە ئون يىلچە تۇرۇپ قالدى. دەسلەپتە قىسقا كۇرسلاردا، كېيىن ئالىي بىلىم يۇرتى «سۇلتانىيە» دە ئوقىدى. بۇ جەرياندا باھاۋۇدۇنباي تاپىلىغانىدەك، ئۆزى يۇرتىمىزغا كېرەكلىك دەپ قارىغان ھەممە نەرسىنى — ھېساب، تىل — ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، رەسىم، مۇزىكا، ئاسترونومىيە، ھېسابات باشقۇرۇشنى، تۈركچىنىلا ئەمەس، ئىنگلىز، فرانسۇز تىللىرىنىمۇ ئۆگەندى. تەنتەربىيە، توپ تۇرلىرىنىڭ ھەممىسىگە ماھىر بولۇپ يېتىشتى. ئاخىر ۋاقتى — سائىتى كېلىپ ۋەتەنگە قايتىدىغان چاغدا تۈركىيىدە تونۇشقان، ئارىلاشقان دوستلىرى، خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭغا چىدىماي قېلىشتى. ئىپست، ئاشۇ چەت، قالاق يەرگە سەندەك ئادەم بىكار كېتىسەن، دەپ ئەپسۇسلىنىشتى. ئۇنى كاتتا خىزمەتلەرگە تونۇشتۇرۇشتى. ئەمما ئۇ ئاشۇ بىلىم — ماھارەتلىرىنى يۇرتى، خەلقى ئۈچۈن ئۆگەنگەنىدى. ئۇ ئۆگەنگەنلىرىنىڭ بىرىنى قالدۇرماي يۇرتى ۋە خەلقىگە تەقدىم قىلىشى كېرەك ئىدى. شۇنچە يىلدىن بېرى ئۇ بۇ ئەقىدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆيۈپ پىشتى، ھەريان چاپتى، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىدى. ئۇۋالچىلىق، ھاقارەت، زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچرىغاندىمۇ، ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغاندىمۇ ئۆز يولىدىن تەۋرىنىپ قالمىدى. ئۇ، مائارىپنىڭ مەنىلىك، ئۇلۇغ ئىش ئىكەنلىكىگە چىندىن ئىشىنەتتى. مائارىپ بىلەن ئۆز يۇرتنىمۇ ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتەتتى. شۇڭا ئۆز تەقدىرىنى، بارلىق ئارزۇ — ئارمىنىنى، بەخت ۋە ئازابىنى «ھۆسەينىيە»نىڭ ئىشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

«ھۆسەينىيە» ھەقىقەتەنمۇ بىر مەشئەلگە ئوخشايتتى. ئۇ، جاھالەت، نادانلىق قاپلىغان بۇ زېمىندا نەچچە ئەۋلاد مەرىپەت تارقاتقۇچىلارنىڭ جانىنى جانغا ئۇلاپ قولدىن قولغا يەتكۈزۈشى بىلەن 40 يىل ياندى. ھەر قېتىم ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ، دەھشەتلىك بوران — چاپقۇن كۆتۈرۈلگەندە ئۇ سۇسلاپ ئۆچۈپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالسىمۇ، بوران توختاپ، سۈزۈك ئاسمان يۈز ئاچقاندا تېخىمۇ يالقۇنجىدى، لاۋۇلداپ ئۇلغايدى.

تۇرسۇن ئەپەندى بېشىنى كۆتۈرۈپ يىراقلارغا، ئېگىز سەگۈ تېرەكلەرنىڭ نېرىسىدىكى شېغىل تاشلىق چۆللەرگە، ھەيۋەتلىك ئاق تاغقا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئاق تاغ چوققىسىدا راستىنلا بىر مەشئەل لاۋۇلداپ يېنىۋاتقاندەك، مەشئەلنىڭ ئارقىسىدا نۇرغۇن دېھقان بالىسى تىقما — تىقما بولۇپ ئالغا ئىنتىلىپ تۇرغاندەك كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر قولىدا قەلەم، بىر قولىدا توپ بار ئىدى. قەلەم ئۇلارنى ئىلىم ئۆگىنىشكە ئۈندىسە، توپ ئۇلاردا غۇرۇر ۋە ئىشەنچنى، ھەر بىر كىشى كۆپچىلىك ئۈچۈن، كۆپچىلىك ھەر بىر كىشى ئۈچۈن دەيدىغان جەڭگىۋار بىرلىكنى يېتىلدۈرگەنىدى.

تۇرسۇن ئەپەندى ئارقا تەرىپىدىن چېپىپ كېلىۋاتقان ئاتنىڭ تۇياق تىۋشىنى ئاڭلاپ سەگەكلەشتى. بىر قېتىم كۆپكۈندۈزدە ئاشۇنداق بىر ئاتلىق ئارقا تەرىپىدىن كېلىپ ئۇنى چوماق بىلەن ئۇرۇپ يىقىتماقچى بولغان، ئەنە

www.uyghurkitap.com

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يالغۇز ۋاقىتلىرىدا ئەتراپىدىكى شەپىلەردىن ھوشيار تۇرىدىغان بوپقالغانىدى. ئۇ، يولنىڭ چېتىگىرەك چىقىپ، كېلىۋاتقان ئاتلىققا يول بەردى. ئاتلىق تېز كېلىۋاتاتتى. ئۇ يېقىنلاپ كېلىپ: «تىنىچ - ئامانلىقمۇ موللا ئاكا. مەن سەندىن ئەنسىرەپ بەگنىڭ ئۆيىگە بارسام، سېنى كەتتى دېيىشتى. كەينىڭدىن ئالدىراپ يېتىپ كېلىشىم...» دېگەندىلا، تۇرسۇن ئەپەندى كەينىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇ مۇشۇ كەنتلىك مۇسا پالۋان دېگەن يىگىت ئىدى. ئۇلار ئۈچ ئاكا - ئۇكا بولۇپ، ھەممىسىلا سۇۋادان تېرەكتەك بوي - بەستلىك، پالۋان يىگىتلەردىن ئىدى. ئۇلار تۇرسۇن ئەپەندىنى بىر تۇغقان قېرىندىشىدەك كۆرۈپ، ئۇنىڭغا كۆز - قۇلاق بولۇشاتتى.

— تىنىچلىق، رەھمەت ساڭا مۇسا. كەلمىسەڭمۇ بولاتتى. ھە، توپخانىدا مۇسابىقە باشلىنىپ كەتكەندۇ؟

— سېنى ساقلاپ قېلىشتى، ئەپەندىم ئۆزى باش بولۇپ بەرسە دېيىشىۋاتىدۇ.

— تېزرەك ماڭايلى ئەمسە، — ئۇلار ئاتنى قامچىلاپ ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى.

* * *

ئاپرېل كىرىشى بىلەن چىنباغ ئاجايىپ گۈزەللىشىپ كەتتى. باغ ئەتراپىدىكى تېرەكلەر پوتلا تاشلاپ، نازۇك يېشىل يوپۇرماقلارنى چىقاردى.

يول بويلىرىغا تىكىلگەن تۇخۇمەك دەرەخلىرى، قارىياغاچ، سىدە، ئەرمۇدۇن دەرەخلىرى تۈگۈچلىرىنى يېشىپ، خىلمۇخىل شەكىللىك يېشىل يوپۇرماقلىرىنى يېيىشتى. يول بويلىرىدىكى بوش يەرلەرگە ياتقۇزۇلغان چىملار يېشىل مەخمەلدەك تاۋلىناتتى. باش باھاردىكى بۇ يېشىللىق كۆزگە ۋاللىدە كۆرۈنۈپ، كۆڭۈللەرنى يايرىتىدىغان بىر خىل پاك، يۇمران يېشىللىق ئىدى.

گېللىئان خانىم كۈنگەي تەرەپتىكى بىر تۈپ ئۆرۈكنىڭ چېچەكلىگىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدىكى خۇشلۇقىدىن ھۇزۇرلىنىشقا تېخى ئۈلگۈرمىگەنىدى. ئەتىسىلا قورۇدىكى ۋە باغدىكى ئالما، ئۆرۈكلەر غۇچچىدە چېچەكلەپ كېتىشتى.

پاكار، ۋىجىك، مىسرەڭ چىرايى قات - قات قورۇقلار بىلەن تولغان باغۋەن گۈللۈكتە ئىشلەپ يۈرەتتى. ئۇ ئىگىشىپ تۇپراقتىن ئەمدىلا بىخ يېرىپ چىققان يۇمران مايسىلار بىلەن گەپلىشىۋاتقاندەك بىر نېمىلەرنى دەيتتى. گېللىئان خانىم تەرجىماندىن سوراپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ گۈللەرگە: «تىنىچ - ئامان ئۈنۈپ چىقىۋالدىڭلارمۇ بالىلىرىم؟ قورقماڭلار، ياخشى كۈنلەر ئەمدى كېلىدۇ، ئاپتاپتا ئىتتىك - ئىتتىك ئۆسۈڭلار...» دېگەنلىكىنى بىلىپ نەچچە كۈنگىچە كۈلۈپ يۈردى. باغۋەن كونسۇلخانىدىكى چەت ئەللىكلەرگە ئۆزىچە ئۇيغۇرچە ئىسىملارنى قويىۋالاتتى ۋە شۇنداق چاقىراتتى، بۇ ئىسىملار بارا - بارا ئومۇملىشىپمۇ قالاتتى. ئۇ گېللىئان خانىمنىڭ مارگارېتا دېگەن ئىسمىنى ئېغىزغا كەلمەيدىكەن، دەپ ياراتماي، «مەريەمخان» دەپ چاقىراتتى. گېللىئان ئەپەندىنى جېلىلئاخۇن، كونسۇلخانىغا تولا كېلىدىغان ئىسمى بەكمۇ مۇرەككەپ بىر قېرى مىسسىئونېرنى «گىلدىڭباش ئەپەندى» دەيتتى. گېللىئان خانىم ئۇنىڭ بۇنداق گەپلىرىگە ئامراق ئىدى.

گېللىئان خانىم باھار مەنزىرىسىدىن ئىلھاملىنىپ بۈگۈنگە چاقىرىپ قويغان مېھمانلارنى باغدا كۈتمەكچى بولدى. خىزمەتكارلار ئۇنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن سېپىل تەرەپتىكى چوڭ بىر تۈپ ئۆرۈكنىڭ ئاستىغا ئۈستەل - ئورۇندۇقلارنى تىزدى. ئۈستەلگە پاكىز ئاق داستىخان سېلىپ، سالفېتكا، تەخسە، ۋىلكا - قوشۇق، رۇمكىلارنى تىزىپ تەييار قىلدى. لوندوندىكى داڭلىق ئۇستىنىڭ قولىدىن چىققان سۇس كۈلرەڭ شىم - كاستۇمنى كىيىپ، گالستۇك تاقىغان كونسۇل گېللىئان ئەپەندى بىلەن ياقا ۋە مەيدىسىگە تور تۇتقان، ئۆرە ياقىلىق ئاق كوپتا، ئۇزۇن قاتلاق يوپكا كىيگەن، مۈرىسىگە نېپىز تور يېپىنچا تاشلاپ، سېرىق چىنگىلەك چاچلىرىنى ئارقىسىغا تۈرىۋالغان گېللىئان خانىم مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئىنگلىز پاسونىدىكى ئېگىز يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلارغا باشلىدى. بۈگۈنكى مېھمانلار ياردەمچى كونسۇل شرىف ئەپەندىدىن باشقا كونسۇلخانىنىڭ دائىملىق مېھمىنى بولغان شۋېتسىيىلىك دىن تارقاتقۇچىلار ئۆمىكى دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى يوھان. ئاندىسىن ئەپەندى، شۋېتسىيىلىك مىسسىئونېر، داڭلىق ئۇيغۇرشۇناس راكويتس ئەپەندى، ئەنگلىيىلىك ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، 1 - دۇنيا ئۇرۇشى جەڭ مەيدانىدىكى قاداقتۇر كەچۈرمىشلىرى تۆپەيلى ھەربىي ئىشلار ۋە سىياسىيدىن قول ئۈزۈپ، تەقۋادار خرىستىئانغا ئايلانغان، ئەنگلىيىدىكى راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇشىنى تاشلاپ قەشقەرگە كېلىپ شۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرى ئۆمىكىدە دىن تارقاتقۇچى بولغان مان ئەپەندى، يەنە شۇ شۋېتسىيەلىكلەر بىلەن بىللە ئىشلەۋاتقان ئەنگلىيىلىك رېچىر خانىم، ئەنگلىيىلىك ساياھەتچى ۋە مۇخبىر مېچىل ئەپەندى، پامىر ئېگىزلىكى ۋە تەڭرىتاغلىرىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنى تەكشۈرۈپ تۈرگە ئايرىش خىزمىتى بىلەن كەلگەن ئۆسۈملۈكشۇناس فرانك. لودىلو، ھىندىستان ئارقىلىق قەشقەرگە ساياھەتكە كەلگەن ئەنگلىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە لېيتېنانتى گېرىگسېن ۋە ئۇنىڭ خانىمى، ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەن جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى ئۈچ كىشىمۇ بار ئىدى.

مېھمانلار جايلىشىپ، ئۆزئارا تونۇشۇۋالغاندىن كېيىن، تېزلا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى. پامىر، قاراقۇرۇم

تاغلىرىدىكى مۇشەققەتلىك يوللار ئارقىلىق توشۇپ كېلىن-
گەن شوتلاندىيە ۋىسكىسى، مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ
قاتمۇقات قائىدە - يوسۇنلىرى، تىرىكچىلىك غېمى، رىقا-
بەتلىرىدىن يىراق، رىۋايەت تۈسى قويۇق بۇ قەدىمىي شە-
ھەر، ئەتراپتىكى ئۆزگىچە باھار مەنزىرىسى، ھەممە يەرنى
قاپلىغان چېچەكلەرنى ئارىلاپ ئۈچۈپ يۈرۈشكەن ھەرە -
كېپىنەكلەر... مېھمانلار ۋە ساھىبخانىنىڭ كەيپىنى بىراقلا
كۆتۈرۈۋەتكەندى.

ئۆزلىرىگە مەلۇم بولغان لوندون ۋە نيۇ - يورك توغ-
رىسىدىكى ئەڭ يېڭى خەۋەرلەردىن كېيىن ئۇلارنىڭ پاراڭ
تېمىسى تەبىئىي ھالدا كونسۇلخانا مەنزىرىسى ۋە ئۇنىڭ
قۇرۇلۇشىغا، شۋېتسىيىلىك مىسسىئونېر، ۋراچ ھەم ئارخې-
تېكتور خاۋگېرېگنىڭ لايىھىلىشى، قەشقەرلىك تامچىلارنىڭ
تىرىشچانلىقىدا سېلىنغان كۆركەم ۋە ئەپلىك كونسۇلخانا
ئىمارەتلىرى، بۇ ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلغان قەشقەردىكى
تۇنجى كونسۇل ماكارتنىي ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە،
ئۇلارنىڭ يېقىن دوستى - نېمىشقىدۇر قەشقەردە ئۇزاق يىل-
لاپ ئۆزى يالغۇز ياشاپ، ئاخىر يەككە - يېگانە ھالدا ئۆ-
لۈپ كەتكەن ھوللاندىيىلىك مىسسىئونېر ھېندرىكسقا
يۆتكەلدى. كۆپ يىلدىن بۇيان بۇ كونسۇلخانىغا كېلىپ
كەتكەن خىلمۇخىل ئادەملەر، بۇ يەردە يۈز بەرگەن ئاجايىپ
ۋەقەلەر ئەسلەندى. ئولتۇرغانلار ئىچىدە راكويىتس ئەپەندى
قەشقەرگە ھەممىدىن كونا ھېسابلىناتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ
يەردە ئاۋرېل. ستەين، سۋېن ھېدىن، گېرمانىيىلىك فون.
لىكوك، ئامېرىكىلىق لاتېمۇر قاتارلىق مەشھۇر شەخسلەر
بىلەن كۆرۈشكەن چاغلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزىدە قالدۇرغان
تەسىراتىنى قىزىقارلىق سۆزلەپ كۆپچىلىكنى جەلپ قىلىۋال-
دى. بولۇپمۇ 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 - ئەسىرنىڭ
باشلىرىدا دۇنيا مىقياسىدا شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مە-
دەنىيىتى ۋە ئاسارئەتىقىلىرىگە كۈچلۈك قىزىقىش كۆتۈرۈل-
گەن، ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن ئارخېئولوگ، ئېكسپې-
دىتسىيىچىلەرنىڭ قەدىمىي خارابىلىقلاردىن قازغان ۋە يەر-
لىك كىشىلەردىن سېتىۋالغان ھەددى - ھېسابسىز مەدەنىيەت
مىراسىنى ساندۇق - ساندۇقلاپ ئۆز دۆلەتلىرىگە ئېلىپ
كېتىۋاتقان شارائىتتا خوتەنلىك كىتابپۇرۇش ئىسلامئاخۇننىڭ
چەت ئەللىكلەرنى قانداق كولدۇرلاتقانلىقى توغرىسىدىكى
ھېكايە ھەممەيلەنگە قاتتىق تەسىر قىلدى.

ئاشۇ يىللاردا ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى ما-
كارتنىي، روسىيە كونسۇلى پېتروۋسكىي ۋە دۇنيانىڭ
نۇرغۇن جايىدىن كەلگەن ئارخېئولوگلار ئىسلامئاخۇننىڭ
قولىدىن نامەلۇم قەدىمكى يېزىقتا يېزىلغان، سارغىيىپ،
چىرىپ كەتكەن ھۆججەت، كىتابلارنى سېتىۋالدۇ. بۇ كى-
تابلار كالكۇتتا، سان - پېتېربۇرگ، لوندون، پارىژنىڭ
كىتابخانا ۋە كۇتۇپخانىلىرىدا پەيدا بولىدۇ. دۇنيادىكى
كۆپلىگەن ئالىم بۇ «قەدىمكى يېزىق»نىڭ مەنىسىنى يې-
شىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئەنگلىيىلىك مەشھۇر
ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتچىسى سىر رودولف. خويېرنلى بۇ
«قەدىمكى يېزىق» ئۈچۈن قىممەتلىك بەش يىل ۋاقتىنى
سەرپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇ كىتابلارنىڭ ئى-
جادچىسىنىڭ ئېلىپبەنىڭ سۇنىقىنىمۇ بىلمەيدىغان بىر ئۇششاق
تىجارەتچى ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. ستەين
يەنە بىر قېتىم شىنجاڭغا كەلگەندە خوتەن ئامبىلى فەن دا-
رىننىڭ ياردىمىدە ئىسلامئاخۇن بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە ئۇ-
نىڭدىن ئۇستىلىق بىلەن ئەينى يىللاردا ئۆزىگە سېتىپ
بەرگەن كىتابلارنىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدا گەپ ئال-
دۇ. ئەسلىدە ئىسلامئاخۇن ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى خوتەن
قەغىزىنى توغراق يىلمىنىڭ سۈيىگە چىلاپ سارغايتقاندىن
كېيىن قەغەزنى كونا كىتابقا ئوخشاش كېسىپ، تۈپلەپ،
خەتكە ئوخشىتىپ بىر نېمىلەرنى سىزىپ قويىدىكەن - دە،
سېۋەتكە سېلىپ ئوچاقنىڭ مورىسىغا بىر - ئىككى ئايغىچە
ئېسىپ قويىدىكەن... دۇنيادىكى نى - نى ئالىم، ئارخېئو-
لوگنى نەچچە يىللاپ قايمۇقتۇرغان بۇ «قەدىمكى يېزىقتا
يېزىلغان كىتابلار»نىڭ بارلىققا كېلىش جەريانى ئەنە شۇن-
داق ئاددىي ھەم مۇكەممەل ئىكەن.

بۇ ۋەقەگە قارىتا سورۇندىكىلەرنىڭ ئىنكاسى ھەر خىل
بولدى. شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى، بولۇپمۇ دىن
تارقاتقۇچىلار بۇ يەردىكى ئاھالىنى چۈشكۈن، خۇراپىي
دىنىي ئاسارەت ئىلكىدە گۇناھقا پېتىپ ياشاۋاتقان دوزد-
خىلار، دەپ بىلگەنلىكتىن ئىسلامئاخۇننىڭ قىلمىشىنى كە-
چۈرگۈسىز ئالدامچىلىق دەپ ئەيىبلەشتى. لېيتنانت، مۇخبىر
ۋە جۇغراپىيىشۇناسلار: ئۇ ھەقىقەتەن تالانتلىق سودىگەر
ئىكەن، دېدى. راكويىتس ئەپەندى ئۆزى يىغىپ توپلىغان بىر
نەچچە كۇپلېت ئۇيغۇرچە قوشاق ۋە ماقال - تەمسىللىنى
تەرجىمە قىلىپ بەرگەندە بولسا ھەممەيلەن ئىختىيارسىز
ئاپىرىن ئوقۇشتى. گېللىئان خانىم ھەممىدىن بەك ھاياجان-
لىنىپ:

- بىز ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى ھېچقانچە چۈشەنمەيمىز.
مېنىڭچە، ئۇلار بىز ئويلىغاندەك نادان ئەمەس. يەنە بىرى،
سىلەرمۇ دىققەت قىلدىڭلارمىكىن، ئۇلاردا بىر خىل تۇغما
ئېسىل سۈپەتلىك بار. ئۇلارنىڭ ئەرلىرى، بوۋايلىرى نې-
مىدېگەن سالاپەتلىك ھەم مەردانە، ئاياللىرى نېمىدېگەن
سۇلكەتلىك. ئۇلاردا گۈزەللەر بەك كۆپ. ئۇلارنىڭ ناخ-
شا - مۇزىكىلىرى، ئۇسسۇللىرىمۇ بەك گۈزەل... - ئۇ سەل
ئويلىنىۋېلىش ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرۈپ، نېرىدىكى گۈل-
لۈكتە ئىشلەپ يۈرگەن باغۋەننى كۆردى - دە، سۆزىنى دا-
ۋام قىلدى: - ئاۋۇ قېرى ئادەم دائىم گۈللەر بىلەن،

www.uyghurkitap.com

ھايۋانلار بىلەن گەپلىشىدۇ. يېڭى ئۈنۈپ چىققان مايسىلارغا قاراپ: «تىنچ ـ ئامان ئۈنۈپ چىقالىدىڭلارمۇ؟ ئەمدى قورقماڭلار، مەن بار» دەيدۇ. ماڭا بۇ گەپلەردە ناھايىتى چوڭقۇر شېئىرىي مەنا باردەك تۇيۇلىدۇ...

ياش ھەم جۇشقۇن يادرەمچى كونسۇل ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى:

ـ ئىنچىكە كۆزەتسەك، بۇ ئادەملەردە ھەقىقەتەن بىر خىل سۆيەت بار. ئۇلار ھەم بەك ئەقىللىق، ئەمما ئۇلارنى چۈشەپ تۇرغان نەرسىلەر بەك كۆپ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ھەم ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن كۈچىنى بايقىيالمىغان ھەم ئۇنىداق شارائىتمۇ يوق.

ـ ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە. بىر قەدىمىي مىللەت سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا مەلۇم ئالاھىدە تەرەپلەر مەۋجۇد، ـ دەپ سۆز قاتتى ئاندىرسىن ئەپەندى، ـ لېكىن نېمىشقىدۇر ئۇلاردا ۋەتەن، مىللەت ئېڭى يوق، بۇلار ناماز ئوقۇش بىلەن قورسىقىدىن باشقا نەرسىنى ئويلىمايدۇ. مىللىتىڭ نېمە دېسە، مەن مۇسۇلمان ياكى قەشقەرلىك، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ياۋاش، ئىتائەتمەن كېلىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇلار باشقا مىللەتلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇشقىلا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ـ مەن قەدىمىي قەشقەرلىكلەر بىلەن شۋېتسىيىلىكلەر ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر باغلىنىش بارلىقى توغرىسىدا بەزى رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغان، ـ دېدى مۇخبىر ھەم ساياھەتچى مىچىل ئەپەندى كۈلۈمسىرەپ، ـ شۋېتسىيىلىك مىسسىئونېرلارنىڭ مۇشۇنداق جاپالىق جايدا، يەرلىك كىشىلەرنىڭ دۈشمەنلىك بىلەن قارىشى ئاستىدا شۇنچە كۆپ ئىشنى قىلىشى ئەنە شۇ قەدىمىي رىشتىنىڭ سەۋەبىدىنمۇ، قانداق؟

ـ بۇ رىۋايەت ئەمەس، ـ دېدى راكويتىس ئەپەندى، ـ دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمكى يىلنامىلىرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كاسكارد دېگەن شەھەردىن كۆچۈپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرىلەر بولغان، بەزى ئالىملىرىمىز بۇ ھەقتە چوڭقۇر ئىزدىنىپ مەخسۇس ئەسەرلەرنى يازغان. ئەمما بۇ ھېچ نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن شىمالىي قۇتۇپ ئوتتۇرىسىدا پەرق قانچە زور بولسا، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار بىلەن شۋېتسىيىلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقمۇ شۇنچە زور.

ھىندىستانلىق ئاشپەز ئوخشىتىپ ئەتكەن پۇدىڭنىڭ① داستىخانغا كېلىشى بىلەن پاراڭنىڭ تېمىسى ئۆزگەردى. ئۇلار گىللىئان خانىمنىڭ مول داستىخىنى ۋە مېھماندوستلۇقىنى مەدھىيىلىشىپ تاماققا تۇتۇش قىلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن خېلىغىچە پاراڭ تازا قولاشمىدى. تاماق يېيىلىپ بولغاندا، بۈگۈنكى بۇ سورۇندا ناھايىتى ئاز سۆزلەپ، تارتىنىپ ئولتۇرغان سېرىق چاچ، ياشقىنە جۇغراپىيىشۇناس:

ـ مەن بۇ قېتىمقى سەپىرىمدىن ناھايىتى مەمنۇنمەن، ـ دەپ سۆز باشلاپ قالدى، ـ شىنجاڭنىڭ تاغلىرى كارامەت ھەيۋەتلىك، كۆركەم ئىكەن، ئادەمدە ئىختىيارسىز ھۆرمەت قوزغايدىكەن. تەكلىماكان قۇملۇقى ماڭا خۇددى مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان ھالىتىدە قاتۇرۇلغان دېڭىزنى ئەسلەتتى. بەلكىم ئۇ تېخىمۇ سەلتەنەتلىك، سىرلىق يەنە بىر خىل دېڭىزدۇ. مەن مۇشۇنداق بىر زېمىندىن يارىماس خەلقنىڭ چىقىشىنى تازا تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. مېنىڭچە، ئۇلار ھامان بىر كۈنى ئويغىنىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى تونۇپ يېتىدۇ.

كۆپچىلىك مۈرەككەپ خىياللار ئىلكىدە بىردەم جىم ئولتۇرۇشۇپ قالدى. ئاندىن كىمدىن بىرى:

ـ مۇمكىن ئەمەس، بۇ خەلق مەڭگۈ مۇشۇنداق ئۇخلاپ كېتىدۇ. ئۇلارنى ئويغىنىدۇ دېگەندىمۇ، ئۇنىڭغا يەنە ئاز دېگەندە مىڭ يىل بار، ـ دېدى.

ـ كەچۈرۈڭلار، بۇ گەپلەرنى قىلىشمايلى، كۆز ئالدىمىزدىكى گۈزەل باھار مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلىنايلى، مۇزىكا ئاڭلايلى، تانسا ئوينايلى...

گىللىئان خانىم چەتتىكى ئۈستەلگە قويۇلغان پاتېفوننىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان «باھار ساداسى» دېگەن ۋالس مۇزىكىسىنى قويدى. تونۇش ـ گۈزەل مېلودىيە، يەر ـ جاھاننى قاپلىغان ئاپئاق چېچەكلەر، زەڭگەر ئاسماندا ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۈزۈپ يۈرگەن يۇپقا بۇلۇتلار مېھمانلارغا ئۆزلىرىنى خۇددى ۋېنا شەھىرىنىڭ يېنىدىكى ئورمانلىقلاردا سەيلە قىلىۋاتقاندەك خىيالىي بىر تۇيغۇ بەخش ئەتتى. گىللىئان ئەپەندى بىلەن خانىمى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن لېيتىنانت بىلەن ئۇنىڭ ياش، چىرايلىق خانىمى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ۋالس ئاھاڭىغا كەلتۈرۈپ يەڭگىل ئايلىنىشقا باشلىدى. شىرىف ئەپەندى بىلەن رېچىر خانىممۇ ئولتۇرالماي ئوتتۇرىغا چۈشمەكچى بولۇشتى... دەل شۇ پەيتتە، سېپىلنىڭ ئارقىسىدىنلا بىر ئۇيغۇر ئەر كىشىنىڭ ياڭراق ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپ پاتېفون ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى. ئۇ قوپال، سەل غاز ـ غۇژ، ئەمما جەلپكار ئاۋاز خۇددى ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك يۇ-چۇن، ساددا، ئەمما خېلىلا يېقىملىق بىر ئاھاڭغا جېنىنىڭ بارىچە توۋلايتتى...

تانسا ئويناۋاتقانلارمۇ، ئويىنىماقچى بولۇۋاتقانلارمۇ توختاپ قالدى. ھەممەيلەن ئىختىيارسىز باشلىرىنى بۇراپ ئاشۇ ناخشىغا قۇلاق سالدى. سېپىل كەينىدىكى يولدىن ئېشەك مىنىپ كېتىۋاتقان يولۇچى ياكى كەتمەننى مۈرىسىگە

①پۇدىڭ ـ بىر خىل ياۋروپاچە تاماق.

سېلىپ ماڭغان بىرەر دېھقان ئېيتقان بۇ ناخشا ئۇلارغا
ئۆزلىرىنىڭ قەشقەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئەسلىتىپ، ئۇلارنى
رېئاللىق قويىنىغا قايتۇرۇپ كەلگەندى.

*　　*　　*

باھاۋۇدۇن ھاجىم ئېكىساققا كەلدى. ئۇ كېلىدىغان كۆ-
نى يۇرت مۆتىۋەرلىرى، ئېكىساق خەلقى، «ھۈسەينىيە»
نىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرىدىن يۈزدەك كىشى قاي-
راقنىڭ يوقۇرىسىغىچە بېرىپ ئۇنى كۈتۈۋالدى. كۈتۈۋېلىشقا
ماڭغان خەلق توپىنىڭ ئالدىدا فورما كىيگەن پۇتبول كو-
ماندا ئەزالىرى مارشقا دەسسەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنى باش-
لاپ ماڭغىنى توپ سېلىنغان خالتىنى بويىنىغا ئاسقان كېرەم
توپچى ئىدى. شۇ تاپتا پۇتكۈل يۇرت خەلقىگە باش بولۇپ
ماڭغىنىدىن ئېپتىخارلىنىپ، ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن چىرايى
ئانارەدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۆز ئانىسىلا ئەمەس، مە-
ھەللىدىكى ھەممىلا ئادەم دېگۇدەك نامىزىدا نامىنى ئاتاپ
دۇئا قىلىدىغان، بۇ يۇرتتىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا
چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بۇ ئۇلۇغ ئادەمنى كۆرۈش
ئارزۇسىدا يۈرىكى تېپچەكلەپ، قىنىدىن چىقىپ كېتىدىغان-
دەك سوقاتتى. ئۇ ئەقلىگە كەلگەندىن بېرى باھاۋۇدۇنباينى
كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، بۇ يۇرتتىكى ھەر بىر كىشىگە
ئوخشاش باھاۋۇدۇنباينىڭ نامى ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر
قېتىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. كەنتتە، كەنتتىكى ھەر بىر ئۆي-
دە، «ھۈسەينىيە»دە باھاۋۇدۇنباي بىلەن باغلىنىشلىق
بولغان نۇرغۇن ئىش بار ئىدى.

ئىلگىرى ئېكىساق تەۋەسىدىكى كىشىلەر سۇ ماجىرا-
سى تۈپەيلى جەڭگى - جېدەل، ئاداۋەت ئىچىدە ياشاي-
دىكەن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىمۇ دائىم يۈز بېرىپ تۇ-
رىدىكەن. ئۇزاق يىللار ئىلگىرى باھاۋۇدۇنباي ئوتتۇرىغا
چىقىپ: بىر يۇرتلۇق، قان - قېرىنداش تۇرۇپ، خۇدا
بەرگەن سۇنى نېمە ئۈچۈن باي - كەمبەغەل دەپ ئايرى-
ماي، سېنىڭ - مېنىڭ دېمەي تەڭ ئىشلەتمەيمىز؟ - دەپ
كەنتتىكى يەر ۋە ئائىلىلەرنى رەتكە تىزىپ، سۇنى نۆۋەت
بىلەن ئىشلىتىشنى تۈزۈملەشتۈرۈپتۇ. ئەڭ ئادىل، ئەڭ
قاتتىق قول كىشىلەرنى مىرابلىققا تاللاپتۇ. ئەنە شۇنىڭدىن
تارتىپ بۇ تۈزۈم بۇزۇلماپتۇ، ئېكىساقتا سۇ ماجىراسىمۇ
يۈز بەرمەيدىغان بوپتۇ.

ئىلگىرى بۇ يۇرتتا يېتىم - يېسىر، يوقسۇل كىشىلەر
پۇلغا موھتاج بولغاندا جازانىخورلاردىن يۇقىرى ئۆسۈملۈك
قەرز ئېلىشقا مەجبۇر ئىكەن. شۇ تۈپەيلى نۇرغۇن ئادەم
ۋەيران بوپكەتكەنىكەن. باھاۋۇدۇنباي بىلەن ھۈسەينباي
چەت ئەللەرنى كۆرۈپ كەلگەندىن كېيىن ئېكىساقتا «ۋار-
دات» ۋە «جامائەت ئىسكىلاتى»نى قۇرۇپتۇ. خەلقنىڭ
ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىدىكى ئىسقاتىنىڭ يېرىمى، سودا شې-
رىكانىسىنىڭ يېرىمى، ھەشەمەتلىك توي قىلغانلارنىڭ
«ياغلىق پۇلى»، جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزغانلاردىن ئېلى-
نىدىغان جەرىمانىلار «ۋاردات»قا يىغىلىدىكەن. خەلقنىڭ
ئۆشرە - كەپسەنلىرى بولسا جامائەت ئىسكىلاتىغا تۆكۈلى-
دىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن «ۋاردات» ھاجەتمەنلەرگە ئۆ-
سۈمسىز قەرز بېرىپ تۇرىدىغان، قەرزنى تۆلىيەلمىسە، ئا-
جىز - يوقسۇللارنىڭ قەرزىنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان، ھەتتا قە-
يىنچىلىقتا قالغانلارنى يۆلەيدىغان بوپتۇ. جامائەت ئىسكىلا-
تىغا يىغىلغان ئۆشرە - كەپسەنلەر بولسا مەكتەپلەرگە ئىشلە-
تىلىپتۇ. باھاۋۇدۇنباي جۈمە نامىزىدا ۋە ھەر خىل سورۇندا
تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلە-
رى ۋە تىجارەت يوللىرىنى تونۇشتۇرۇپ، كىشىلەرنى تې-
جەشلىك، ئىقتىسادچىل ياشاشقا، پاكىزلىققا، توي - تۆكۈن،
نەزىر - چىراغلارنى ھەشەمەتلىك قىلماسلىققا، بالىلارنى
ئىلىملىك، ھۈنەرلىك، ئەدەب - ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلەش،
قىز - ئاياللارنى ئاسراش، ئىلىم ئىگىلىرى ۋە سەنئەتكارلار-
نى قەدىرلەش، ھۆرمەتلەشكە ئۈندەيدىكەن. ھۈسەينباي،
باھاۋۇدۇنبايدەك چەت ئەللەردە نى - نى زاۋۇتلىرى بار
كىشىلەرگە قانچىلىك ھەشەمەتچىلىك قىلسا ياراشقان بولات-
تى - ھە. ئەمما ئۇلار پەرزەنتلىرىگە مۇۋاپىق لايىق چىقسىلا
بىر قازان ئاشنى ئېتىپ، تۆت ئادەمنى چاقىرىپلا نىكاھ ئو-
قۇتۇپ قويىدىكەن. مال - دۇنياسىنى كۆز - كۆز قىلىشنى
زادى راۋا كۆرمەيدىكەن، نېمىشقا بۇ دۇنيادىكى بايلارنىڭ
ھەممىسى شۇلاردەك بولمايدىغاندۇ - ھە...

كېرەم توپچى بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان خىيال-
لىرىنى يىغىپ، «گۈس - گۈس» دەسسەپ كېتىۋاتقان
ھەمراھلىرىغا بويۇنداپ قاراپ قويدى. ھەممىسىنىڭ چىرا-
يىدا ۋىلىلداپ تۇرغان بىر ھاياجان - خۇشلۇقنى كۆرۈپ،
مەيدىسىدىكى توپنى ئىختىيارسىز چىڭ باستى. يېقىنقى
كۈنلەردىن بېرى يۇرت بېگى، ئىمام - ئىشانلار «يېڭى
مەكتەپنىڭ بالىلىرى پەننىي دەرسلەرنى ئوقۇسا ئوقۇسۇن،
ئەمما ھېلىقى شەيتان توپنى ئويناپ، ئادەم يىغىپ يۇرتنى
پاراكەندە قىلمىسۇن» دېيىشىپ مەكتەپكە بېسىم ئىشلەت-
كەنلىكىنى، ھەتتا بەزىلەرنىڭ قەشقەردىكى ئۆمەرباي، دو-
تەيلەرگىچە ئەرز قىلغىنىنى، مەكتەپكە قوراللىق چېرىكلەر-
نىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇزۇن قارا تاۋار چاپان كىيگەن ئەلپازى
بۇزۇق ئەمەلدارلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ... كۆز ئالدىغا كەل-
تۈرۈپ، ھېلىلا خۇشلۇق ئىچىدە تېپچەكلەپ تۇرغان كۆڭ-
لىگە بىر غەشلىك سايە تاشلىدى. «توپتا نېمە گۇناھ؟ توپ
ئوينىغاننىڭ گۇناھى نېمە؟ بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا ھوشۇق
ئويناپ، نەشە چېكىپ يۈرسەك بولامتى ئەمىسە!»

كېرەم توپچى ئىختىيارسىز بۇرۇلۇپ ھەمراھلىرىغا يەنە
بىر قارىدى. ۋۇجۇدىدىن جۇشقۇنلۇق، چىرايلىرىدىن نۇر

www.uyghurkitap.com

تېمىپ تۇرغان بۇ بالىلار مەدرىسەلەردىكى بالىلاردىن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنەتتى. يول ماڭسا قەددىنى تىك تۇتۇپ، روھلۇق ماڭاتتى. مۇئامىلىدە دادىل، ئوچۇق ـ يورۇق، سۆزلىرى چاقماقتەك ئىدى. بىر قېتىم بۇ يېزىغا كەلگەن بىر چەت ئەللىك ئۇلارنىڭ مەشىق، مۇسابىقىلىرىنى كۆرۈپ: «ئەنگلىيىدە بارلىققا كەلگىنىگە ئانچە ئۇزاق بولمىغان پۇتبول ھەرىكىتىنىڭ ئاسىيانىڭ ئىچكىرىدىكى بۇ چەت يېزىدا بۇنچىۋالا ئومۇملىشىپ كېتىشىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلمىغانىكەنمەن. پۇتبول بۇ يەردىكى كىشىلەرگە ئاجايىپ بىر جۇشقۇنلۇق ئەكەپتۇ» دەپ ھەيرانلىقى ۋە قايىللىقىنى ئىپادىلىگەنىدى. تۇرسۇن ئەپەندى ئەجەب توغرا ئېيتتى: توپتا گۇناھ يوق، توپ ئويناشتا گۇناھ يوق! گۇناھ ئاشۇلاردا، يېڭىلىقنى، تەرەققىياتنى كۆرەلمەيدىغان، ئاللىقانداق رەزىل مەقسەتلىرى ئۈچۈن خەلقنى مەڭگۈ ئىتائەتمەن، نادان ھالىتىدە قالدۇرۇشنى ئويلايدىغانلاردا. توپنى ئوينىغىنىمىز ئوينىغان. پۇتبولنى ئېكساققا ھاشىم بالىخان بىلەن باھاۋۇدۇن ھاجىم ئەكىرگەن. باھاۋۇدۇن ھاجىم ئېكساقنىڭ پۇتبول ھەرىكىتىگە باشتىن ئاياغ كۆڭۈل بۆلگەن، يانتاياق بولغان. بۇ قېتىم بىز ئۇ زاتقا ئاشۇ ئەجرىنىڭ بىكارغا كەتمىگىنىنى بىلدۈرۈپ قويايلى. روھلۇق ـ جۇشقۇن ھالىتىمىز، ئەڭ يۇقىرى ماھارىتىمىز بىلەن ئۇنى خۇشال قىلايلى، ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرەيلى...

توپ ئىچىدە بىردىنلا كۆتۈرۈلگەن غۇلغۇلا كېرەم توپچىنىڭ خىيالىنى بۆلدى. ئۇ، كىشىلەر «كەلدى، كەلدى!» دېيىشىپ كۆرسىتىۋاتقان تەرەپكە قاراپ، بىر نەچچە ئاتلىق كىشىنىڭ ۋە ئۈچ ئاتلىق بىر مەپىنىڭ دوقمۇشتىن قايرىلىپ چوڭ يولغا چۈشكەنلىكىنى كۆردى.

خەلق توپى داۋالغۇپ كەتتى. تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن يۇرت چوڭلىرىدىن بىر نەچچىسى ئىتتىكرەك مېڭىپ ئىلگىرىلەپ كېتىشتى. بىر قىسىم ياشلار بىلەن ئۇششاق بالىلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. ئالدىغا ماڭغانلارنى كۆرۈپ مەپە توختىدى. باھاۋۇدۇن ھاجىم باشقىلارنىڭ توسقىنىغا قارىماي مەپىدىن چۈشۈپ جامائەت بىلەن سالاملاشتى. گاھىلىرى بىلەن قول سىقىشىپ ياكى قۇچاقلىشىپ، مۆرە قېقىشىپ كۆرۈشتى. كېيىن قارشى ئالغۇچىلار بىلەن بىللە ئاستا خەلق توپى تەرەپكە قاراپ كەلدى.

كېرەم توپچى كوماندا ئەزالىرىغا سەپنى بۇزماسلىقنى جېكىلەپ، مەكتەپ ناخشىسىنى باشلىدى. كۆپچىلىك ئۇنىڭغا تېزلا ئەگىشىپ كەتتى. توپچىلارنىڭ بىر خىلدىكى قەدەم ئاۋازى بىلەن ياڭراق ناخشا ساداسى باھار تۈسىنى ئالغان دالىنى لەرزىگە كەلتۈردى.

چېكە چاچلىرى ۋە ساقاللىرى ئاقارغان، جۈدەپ، ئاجىزلاپ قالغان بولسىمۇ كۆزلىرىدىن پاراسەت، مېھرىبانلىق نۇرى چېچىلىپ تۇرغان، كىيىنىشى ئاددىي، ئەمما يەنىلا شۇنداق سۆلەتلىك، مېھرى ئىسسىق باھاۋۇدۇنباي خەلق توپى ئالدىغا كېلىپ:

ـ ئەسسالام خەلقىم! ـ دەپ چوڭقۇر باش چۆكۈرۈپ تەزىم قىلدى. بايىنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر نەچچە قېرى ئايال ھۇ تارتىپ، قوشاق قېتىپ يىغلىشىپ كەتتى. ئاق ساقاللىق ئىككى مويسىپىت ئىتتىك بېرىپ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزغاندا كېرەم توپچى بايىنىڭ قارا كۆزلىرىگە ياش تولغانلىقىنى كۆردى. كېرەم توپچىنىڭ باشلامچىلىقىدا پۇتبولچىلار بايغا ياڭراق ئاۋازدا سالام بەردى. قاتار تىزىلىپ تۇرغان بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق، چاققان ـ چەبدەس بالىلارنى كۆرۈپ بايىنىڭ لەۋلىرى تىترەپ، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى. ئۇ، پۇتبول كوماندىسىدىكى ھەر بىر بالىنى بىر ـ بىرلەپ باغرىغا بېسىپ: «كىمنىڭ ئوغلىسەن بالام؟» دەپ سوراپ، پېشانىلىرىگە سۆيدى. جامائەتنىڭ توسقىنىغا قارىماي توپچىلار قاتارىدا خېلى يەرگىچە پىيادە مېڭىپ، بۇ قېتىمقى سەپىرىدە ھىندىستان، تۈركىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى بىر مۇنچە چوڭ شەھەرگە بارغانلىقىنى، بارغان يېرىدىكى مەكتەپلەردە كۆرگەنلىرىنى، گېرمانىيە، تۈركىيەنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدە ئۆزى كۆرگەن پۇتبول مۇسابىقىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىنتايىن قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭغان بالىلار ئۇنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزىنى زەن قويۇپ ئاڭلاپ، ئېسىدە مەھكەم تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتى. دەرۋەقە، باھارنىڭ ئاشۇ چىرايلىق، ئىللىق بىر كۈنى شۇ مەيداندىكى بالىلارنىڭ خاتىرىسىدە ئۆمۈرۋايەت ساقلىنىپ قالدى.

باھاۋۇدۇنباي شۇ كۈنى ھېرىپ ـ چارچىغىنىغا قارىماي ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە «ھۆسەينىيە»گە بېرىپ، ھەزرىتى ھەبىب ئەجەم مازىرى يېنىدىكى دادىسىنىڭ تۇپرىقىنى يوقلىدى، مەسچىتتە بىر رەكەت ناماز ئوقۇپ بولۇپ، دېھقانلار كوماندىسى بىلەن «ھۆسەينىيە» كوماندىسىنىڭ مۇسابىقىسىنى كۆردى. بۇ، 1927 ـ يىلىنىڭ ئاپرېل ئېيى بولۇپ، باھاۋۇدۇنباي شۇ يىلى 77 ياشتا ئىدى.

* * *

ئېكساق تېپتىنچ، كىچىككىنە كەنت ئىدى. ئۇ يەر ـ بۇ يەردىكى قويۇق ئۆرۈكلۈك، شاپتۇل، ئۈزۈملۈك باغ ئىچىگە سېلىنغان كېسەك تاملىق ئاددىي ئۆيلەردە كىشىلەر خاتىرجەم ياشايتتى. كەنت مەركىزىدىكى مەسچىتتىن ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ئىمىن مەزىنىنىڭ مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى بىلەن «ھۆسەينىيە»دىكى بالىلارنىڭ كىتاب ئوقۇۋاتقان جاراڭلىق ئاۋازىلا كەنتنىڭ جىمجىتلىقىنى ئاندا ـ ساندا بۇزۇپ تۇراتتى. بەزى ـ بەزىدە ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدىكى ياپيېشىل قوناقلىقتىن ئاڭلىنىپ قالىدىغان ھەسرەتلىك ناخشا ئاۋازى

يۈرەكلەرنى لەرزىگە سېلىپ ئۆتەتتى ـ دە، جىمجىتلىق يەنە ئەسلىگە كېلەتتى. كۈنلەر بىر خىلدا تىنچ ئۆتەتتى.

باھاۋۇدۇنباينىڭ كېلىشى بىلەن ئېكىساقنىڭ زېرىكەرلىك جىمجىتلىقى بۇزۇلدى. ئېكىساقتىن قەشقەرگە، ئاستىن ئاتۇشقا، ئۇلۇغچات تاغلىرىغا تۇتاشقان يوللاردا ياسداق مەپىلەر، ئېسىل ئاتلارنىڭ قوڭغۇرىقى توختىماي جىرىڭلاشقا باشلىدى. باھاۋۇدۇنباينىڭ ئېغىل، ھويلىلىرى، ئىشىك ئالدى مەپىلەر، نەسىللىك ئاتلار بىلەن تولۇپ تۇراتتى. مېھمانلارنىڭ ئىچىدە مۇسا بايلارنىڭ قەشقەردىكى، يېقىن ـ يىراق ناھىيىلەردىكى ۋە چېگرا بويلىرىدىكى سودا ۋاكالەتخانىلىرىنىڭ خادىملىرى، ئۇرۇغ ـ تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنىلىرى، ئەتراپتىكى يۇرتلارنىڭ ۋە قەشقەرنىڭ يۇرت چوڭلىرى، ئىلىم ئەھلى، ئۆلىمالار، داڭلىق تېۋىپلار بار ئىدى. كەلگۈچىلەر ئۇزاق ھايال بولمايتتى. بايمۇ ئۇلارنى ئارتۇقچە تۇتۇپ كەتمەيتتى، ساقلىقى يوقلىقى تۈپەيلى ئۇلارنى ئۇزىتىپمۇ چىقمايتتى. پەقەت بىرلا قېتىم باھاۋۇدۇنباي بىر مېھماننى ساق بىر كۈن تۇتۇپ قالدى. ساھىبخان بىلەن مېھمان ئىنتايىن بېرىلىپ قانداقتۇر ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىشتى، سىردىشىپ، مۇڭدىشىشتى. ئاخىرىدا مېھماننىڭ توسقىنىغا قارىماي ئۇنى كوچا بېشىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. مېھمانمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا خوشلاشتى. بۇغداي ئۆڭلۈك، كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىغان بۇ ئادەم مەشھۇر پېداگوگ، ژۇرنالىست ھەم يالقۇنلۇق شائىر قۇتلۇق شەۋقىي ئىدى.

باھاۋۇدۇنباي مەكتەپنى بىر كۈنمۇ ئېسىدىن چىقارمايتتى. ساقلىقى ياخشى بوپقالغان كۈنلىرى ئەتىگەنلىك گىمناستىكا ۋاقتىدا، بەزىدە دەرس ئۆتۈلۈۋاتقان چاغلاردا ھاسىغا تايىنىپ مەكتەپتە پەيدا بولاتتى. بىردەم ـ يېرىمدەم ئولتۇرۇپ مۇئەللىملەرنىڭ دەرسىنى ئاڭلايتتى. ئوقۇغۇچىلارنى خەت يازدۇرۇپ، خەتنى چىرايلىق، توغرا يازغان بالىلارنى كۆرسە بەك خۇشال بولۇپ ماختاپ كېتەتتى. يېتىم ـ يېسىر، نامرات بالىلارنى كۆرگەندە ئىچ ئاغرىتىپ كۆزلىرىگە ياش ئالاتتى. بەزىلىرىگە ئۆزى يېنىدىن چىقىرىپ پۇل، كىيىم ـ كېچەك تارقىتىپ بەرسە، بەزىلىرىگە جامائەت ئىسكىلاتى، «ۋاردات» ئارقىلىق ياردەم قىلاتتى. تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن ھارۋىدا ئولتۇرۇپ مەھەللىلەرنى، ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ئارىلاپ، چوڭلاردىن كىملەرنىڭ ۋاپات بولغىنىنى، كىشىلەرنىڭ تېرىقچىلىق ئەھۋالى، تىرىكچىلىك يوللىرىنى سۈرۈشتۈرەتتى. كىم بىلەن كىمنىڭ قۇدا ـ باجا بولۇشقىنىنى، كىملەرنىڭ كۆكلەپ، كىملەرنىڭ خاراب بولغانلىقىنى چوڭقۇر خىيال ئىچىدە كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى. تۇمىقىنى قولىغا ئېلىپ، ئاق تاغقا ئوخشاش ئاقارغان بېشىنى سىلاپ، كۆزىنى يىراقلارغا تىكىپ سۆزلەيتتى:

ـ ئۆمرۈمنىڭ كۆپ قىسمى ياقا يۇرتتا ئۆتۈپتۇ، كۆپ ئەلنى كېزىپتىمەن، بايۋەچچە، باي، ھاجى ئاتىلىپ راھەت ـ پاراغەتتە، ئىززەت ـ ھۆرمەت ئىچىدە ياشاپتىمەن. لېكىن كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن مۇشۇ ئالقاندەك يەرنى ھېچيەرگە ئوخشاتمىدىم. ئانىلىرىمىز سامان قالاپ ياققان ھەمەك نان، زاغرىلارنى، ئاياللىرىمىز سالغان قۇيماقلارنى دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدىن ئىزدەپ تاپالمىدىم. ئاشۇ يۇرتلاردا يۈرۈپ ئاتۇشلۇقمەن، ئېكىساقلىقمەن، دېگەن ئادەم كۆزۈمگە دادامدەك كۆرۈندى. چۈش كۆرسەم دائىم ئاق تاغنى چۈشىدىم، دائىم يۇرتۇمغا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم، دەپ پۇچۇلىنىپ يۈردۈم. ئەمدى ئويلاپ باقسام «ھۇسەينىيە»نىڭ ۋەزنى ئۆمۈرۋايەت تاپقان مال ـ دۇنيالىرىمىزنىڭ ۋەزنىدىن ئېغىر ئىكەن. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ يۈزى «ھۇسەينىيە» بىلەن يورۇق بولىدىكەن. دادام رەھمەتلىكنىڭ بىر تەرىپىگە ھەزرىتى ھەبىب ئەجەمنى، بىر تەرىپىگە «ھۇسەينىيە»نى ئېلىپ يېتىشىمۇ بىكار ئەمەس ئىكەن...

كۆڭلۈم تويۇپ تۇرىدۇ، مۇشۇ قېتىم كەتسەم ئاتۇشقا يەنە بىر كېلىش يوق ماڭا. شۇڭا ساڭا قىلىدىغان ۋەسىيىتىم شۇ بالام: «ھۇسەينىيە» خاراب بولمىسۇن...

تۇرسۇن ئەپەندى باينىڭ سۆزلىرىنى ئۈن ـ تىنسىز ئاڭلايتتى. ئۇ ۋەدە بەرمىگەن، چىرايلىق گەپلەرنى قىلمىغان بولسىمۇ يۈز سۆڭەكلىرى قوپال، قارامتۇل كەلگەن بۇ ئەزىمەتنىڭ چىرايىدا ئەكس ئەتكەن ئىپادىلەردىن باھاۋۇدۇنباي غايەت زور ئىشەنچ ۋە تەسەللى تاپاتتى.

بىر كۈنى باھاۋۇدۇنباي بېغىدىكى ئۆرۈك چېچەكلىرى ئاستىغا قويۇلغان نەقىشلىك كات ئۈستىدە قوش ـ قوش دۇخاۋا تەكىيلەرگە يۆلىنىپ ئارام ئېلىپ ياتاتتى. ئىنىسىنىڭ كەنجى قىزى ئابىدەم ئۇنىڭغا كۈمۈش پەتنۇستا چاي ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، خىيال سۈرۈپ چاي ئوتلاۋاتقان بايدىن:

ـ تاغا، نېمە ئويلاۋاتىسەن؟ ئەتىدىن كەچكىچە قوشۇماڭنى تۈرۈپ خىيال قىلىدىكەنسەن، ئويلىغانلىرىڭنى بىزگىمۇ دەپ بەرسەڭ بولمامدۇ؟ ـ دېدى.

13 ـ 14 ياشلارغا كىرگەن، ئۆڭكى قولىدىكى كۈمۈشتەك سۈزۈك، قاش ـ كۆزلىرى سىزىپ قويغاندەك چىرايلىق جىيەن قىزىغا قاراپ باھاۋۇدۇنباي ئامراقلىق بىلەن كۈلدى:

ـ نېمىنى ئويلايتتىم، مېنىڭ ئابىدەم قىزىم نېمانچە چىرايلىقتۇ، خۇدايىم نېمىشقا بەزى ئادەملەرنى چىرايلىق، بەزى ئادەملەرنى سەت يارىتىدىغاندۇ، دەپ ئويلاۋاتىمەن.

ـ يالغانچى، تاغام دېگەن يالغانچى! ـ قىز نېپىز لەۋلىرىنى پۈرۈپ دومسايغاندەك قىلىپ ئورنىدىن تۇردى.

ـ توختىغىنا قىزىم، ئاۋۇ باغۋەن تاغاڭنى قىچقىرىۋېتە بۇ يەرگە، ـ دېدى باي. قىز بىر قولىدا بېشىدىكى دوپپىسىنى تۇتۇپ، ئۇششاق چاچ ئۆرۈملىرىنى سىلكىتىپ ھويلا تەرەپكە

يۈگۈردى. هايال ئۆتمەيلا ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان، ئىككى مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان باغۋەن كېلىپ باينىڭ ئاياغ تەرىپىدە قول باغلاپ تۇردى. باي سەل كۆتۈرۈلۈپ ئولتۇردى:

ـ تۇردىكا، باغ بەك قۇرۇپ كېتىپتۇ، بىر سۇغىرىۋەتسەڭ قانداق؟

ـ مەنمۇ شۇنى ئويلاپ تۇراتتىم هاجىم، شۇغىنىسى بىزنىڭ نۆۋىتىمىز تېخى كەلمىدى ئەمەسمۇ.

ـ بېرىپ سۇنى ئېچىۋەرگىن، بىر نېمە دېسە، باھاۋۇدۇن هاجىم شۇنداق دېدى، دە.

باغۋەن ئېگىشىپ تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەي باغدىكى ئېرىقتا شىلدىرلاپ سۇ كەلدى. ئەمما دەرەخلەرنىڭ ئارىسىغا يېتىپ بارماي تۇرۇپلا توختاپ قالدى. ئارقىدىنلا قېرى باغۋەنمۇ هاسىراپ ـ هۆمىدەپ يېتىپ كەلدى.

ـ مەن دېمىدىممۇ هاجىم، ئاۋۇت مىراب دېگەن زادى يۈزسىز نېمە، تاپقان دادىسىغىمۇ يۈز ـ خاتىرە قىلمايدۇ ئۇ. سۇنى ئېچىپ بولۇشۇمغا يۇقىرى تەرەپتىن قار ـ يامغۇر بولۇپ يۈگۈرۈپ كەلدى. «ئېچقىنى ئەت! ئەت دېدىم ئەت!» دەپ كەتمەننى تەڭلەپ تۇرىدۇ ئۇ مۇناپىق. باھاۋۇدۇنباي ئاچ دېگەن، دېسەم، بۇ سېنىڭ بېيىڭنىڭ سۈيى ئەمەس، خەلقنىڭ سۈيى، باش كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ نۆۋەتنى بۇزغىلى بولمايدۇ، دەپ ھەيۋە قىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن...

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان باينىڭ چىرايى ئاستا ـ ئاستا ئېچىلدى. باغۋەننىڭ ئارقىسىدا ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان ئابدەم تاغىسىنىڭ ئەتىگەندىن بېرى تۈرۈكلۈك تۇرغان قوشۇمىسىنىڭ ئېچىلىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەي بېشىنى چايقىدى، شۇنچە كاتتا باي تۇرۇپ، بىر سوكال مىرابقا سۆزىنى ئۆتكۈزەلمەي خاپا بولۇشنىڭ ئورنىغا، كۈلۈۋاتىدۇ تېخى، دەپ ئەجەبلەندى.

ئەتىسى، جۈمە نامىزىدىن كېيىن باھاۋۇدۇنباي جامائەت ئالدىدا بۇ ئىشنى تىلغا ئېلىپ ئاۋۇت مىرابنى تەرىپلىدى. ئۇنىڭدىن رازى بولغانلىقىنى ئېيتىپ: «سۇ يۇرتنىڭ، خەلقنىڭ سۈيى. مەيلى باي ياكى كەمبەغەل بولسۇن، ئۇنىڭدا ھەممە ئادەمنىڭ ھەققى بار، ئەمما ئۇنى ھەر كىم قائىدە بويىچە، ئۆز نۆۋىتىدە ئېلىشى شەرت. قائىدە ـ يوسۇن بۇزۇلسا كىشىلەر كۆڭلى پاراكەندىچىلىكتە قالىدۇ، ئەلدىن ئىنساپ كۆتۈرۈلىدۇ. ئىنساپ كۆتۈرۈلگەن ئەلدىن بەخت ـ سائادەت قاچىدۇ» دېدى. شۇ سورۇندا ئۆز قولى بىلەن ئاۋۇت مىرابقا تون كىيگۈزدى. بۇ ئىش، بۇ سۆز ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا تارالدى. ئاۋۇت مىرابمۇ ئىكساقتىكى مەشھۇر ئادەم بوپقالدى.

قەشقەردىن ۋەلىخانباي كەلدى. ئۇ، باھاۋۇدۇنباينىڭ قەشقەردىكى سودا كارخانىلىرىنىڭ باشقۇرغۇچىسى ئىدى. بۇ كارخانىلارنىڭ ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرى بىلەن بولغان ئالاقە ئىشلىرىنىمۇ ئاشۇ ۋەلىخانباي باشقۇراتتى. ئۇ بۇ قېتىم خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلمىگەنىدى. ھىندىستاننىڭ شىنجاڭدىكى سودىگەر، جازانىخورلىرى قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئەزەلدىن جۇڭگو تەرەپكە باج ـ سېلىق تاپشۇرمايتتى. پەقەت يېقىنقى يىللاردىلا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ پەرمانى بىلەن شەكىل ئۈچۈن ئاز ـ تولا رەسمىيەت بېجى تاپشۇرىدىغان بولغانىدى. ھىندىستان ھۆكۈمىتى بولسا ھىندىستاندىكى شىنجاڭلىق سودىگەرلەردىن ھەسسىلەپ باج ئېلىپلا قالماي، قەدەمدە بىر ئىشلىرىغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ، ئۇلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلاتتى. يېقىندا يەنە باجنى ئۆستۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يوشۇرۇن يوللار بىلەن شىنجاڭنىڭ خام ئەشيالىرىنى ھىندىستانغا ئاپىرىپ تۆكمە قىلىپ سېتىپ، مۇسابايلارنىڭ ۋە باشقا شىنجاڭلىق سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى كاساتلاشتۇرىۋەتكەنىدى. ۋەلىخانباي بىلەن باھاۋۇدۇنباي بۇ ئىشلاردا ئەزەلدىن دوستانە ئۆتۈپ كېلىۋاتقان ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش مەسلىھەتكە كېلىشتى. ئاپرېلنىڭ ئاخىرلىرىدا ۋەلىخانباي تۇرسۇن ئەپەندىنى ئېلىپ قەشقەرگە باردى. چىنىباغدا كونسۇل گىللىئان ئەپەندى ئۇلارنى دەبدەبىلىك ئەمما قۇرۇق تەكەللۇپ سۆزلەر، ھىندىستاننىڭ خۇشپۇراقلىق چېيى بىلەن كۈتۈۋالدى. سورۇندا كونسۇلخانىدا تۇرۇشلۇق ھىندىستانلىق مۇسۇلمان ئەمەلدارمۇ بار ئىدى. تۇرسۇن ئەپەندى راۋان ئىنگلىز تىلىدا ئۆزلىرىنىڭ مۇسابايلار ئىگىلىكىنىڭ ۋارىسى ـ باھاۋۇدۇن مۇسابايىنىڭ ئالىي ئېھتىرامىنى ۋە ھاۋالىسىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتقاندا، كونسۇل جانابلىرى بىلەن ھىندىستان ئەمەلدارى ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. ئۇلار ئاددىي ـ ساددا، سىپايە كۆرۈنىدىغان بۇ سەھرالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىنگلىزچە سۆزلىشىنى ئەسلا كۈتمىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن تونۇشۇش ۋە چۈشىنىش بىر قەدەم چوڭقۇرلىشىپ، سۆھبەت دوستانە تۈس ئالدى. ۋەلىخانباينىڭ پاكىتلىق، قايىللىق سۆزلىرى ئالدىدا كونسۇل جانابلىرى ئارتۇقچە بويۇن تولغاشنى راۋا كۆرمىدى. چۈنكى مۇسابايلار بىلەن بولغان كۆپ تەرەپلىمە ھەمكارلىقنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىمۇ، ھىندىستانلىقلارمۇ خالىمايتتى. گىللىئان ئەپەندى يېقىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىشلارنى ئەستايىدىل ئېنىقلاش ۋە تۈزىتىشكە كۈچ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھىندىستانلىق مۇسۇلمان خىزمەتكار ئۇلارغا بىر پەتنۇستا قەن ـ گېزەك ھەم قەھۋە ئېلىپ چىقتى. ئۇلار قەھۋە ئىچكەچ راۋاقتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان گۈزەل مەنزىرىلەرگە نەزەر تاشلىدى. راۋاقنىڭ تۆۋىنى يول بولۇپ، يولدىن ئات ـ ئۇلاغ مىنگەن ئادەملەر، ھارۋا ـ مەپىلەر توختىماي

ئۆتۈپ تۇراتتى. يولنىڭ نېرىسى كەڭ كەتكەن يايپېشىل ئېتىز، ئۇنىڭ نېرىسىدا قىزىل دەريا لۆمشۈپ ئاقاتتى. دەريا بويىدا بىر مۇنچە ئات، بەزىلىرى سۇ ئىچىدە، بەزىلىرى قىرغاقتا تۇرۇپ سۇ ئىچىۋاتاتتى. قىيپالىڭاچ ئوغۇل باللار بۇ ئاتلارغا مىنىۋالغان بولۇپ، ياۋىداق ئاتلار ئۈستىدە شۇنداق ئەركىن ئولتۇراتتى. ئاتلارنىڭ باش تەرىپىدە سۇ ئېلىنغان تۇلۇم، سوغىلار ئارتىلغان ئېشەكلەر، چېلەكلەرگە سۇ ئېلىۋاتقان ئوغۇل باللار ۋە چوڭ ئادەملەر بار ئىدى. ئۇلار بۇ سۇنى شەھەرگە ئەكىرىپ ساتاتتى. دەريانىڭ قارشى تەرىپى بوياقچىلار مەھەللىسى بولسا كېرەك، ئۆگزىلەرگە يېيىلغان قىزىل رەختلەر يىراقتىن بەك چىرايلىق كۆرۈنەتتى. راۋاق ئاستىدىن تۆگمەنچىلەرنىڭ بۇرغا ئاۋازى، ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى... بۇ تەرەپتە ـ كونسۇلخانا قورۇسى ئىچىدە ئاپئاق ئاقارتىلغان رەت ـ رەت ئۆيلەر، گۈللۈكلەر، ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن چېچەكلەر، توپ مەيدانى خۇددى كەڭ يېيىلغان سۈرەتتەك كۆرۈنەتتى. مەيداندا پۇتبول ئويناۋاتقان ئاق تەنلىك ۋە قوڭۇر تەنلىك كىشىلەر تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە زەن قويۇپ قارىدى. ئۇلار ھەممىسى دېگىدەك ئېگىز بوي، قاۋۇل يىگىتلەر ئىدى، ماھارىتىمۇ خېلى ئۈستۈندەك قىلاتتى.

گېللىئان ئەپەندى تۇرسۇن ئەپەندىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

ـ بۇ ئويۇنغا قىزىقىۋاتىسىزغۇ دەيمەن، ئەپەندى؟

ۋەلىخانباي ئۇنىڭ ئورنىدا جاۋاب بەردى:

ـ كونسۇل جانابلىرى، بۇلارنىڭ يۇرتىدىمۇ ناھايىتى ياخشى تەربىيىلەنگەن پۇتبول كوماندىسى بار. مۇشۇ ئەپەندىم ئۇلارنىڭ يېتەكچىسى. مېنىڭچە ئۇ سىزنىڭ ئادەملىرىڭىز بىلەن مۇسابىقىلىشىشنى ئويلاۋاتىدىغۇ دەيمەن.

كونسۇل بىردىنلا قىزىقىپ قالدى. ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلىنىڭ بۇ يەردىكى قانداقتۇر دېھقان پۇتبولچىلار توغرىسىدا ئېيتقانلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، بۇنى بۈيۈك برىتانىيە مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر غەلىبىسىنى نامايان قىلىشنىڭ ياخشى پۇرستى، دەپ ئويلىدى.

ـراستمۇ؟ ناھايىتى ياخشى، بۇ قالتىس ياخشى گەپ بولدى. مەن سىلەرنىڭ كوماندىڭلار توغرىسىدا ئىلگىرى ئاڭلىغان. بىز مۇسابىقە ئوينايلى. ئەمەلىيەتتە قەشقەردە ياۋروپالىقلارنىڭ ئىككى كوماندىسى بار. بىرى ئەنگلىيەنىڭ، يەنە بىرى شۋېتسىيىلىكلەرنىڭ. مېنىڭچە ئۇلارمۇ بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشنى خالىمايدۇ...

شۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن كېيىن ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ ياردەمچى كونسۇلى شرىف ئەپەندى بىلەن شۋېتسىيەدىن تارقىتىش ئۆمىكى دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى ئاندىسىن ئەپەندى ئېكساققا كەلدى. ئۇلار ئېكساقلىقلارنىڭ يەرلىك توپلىرىنى، يالاڭئاياغ پۇتلىرىدا توپ تېپىپ ئوينىغان مۇسابىقىلىرىنى قىزىقىپ كۆردى. ئىككى تەرەپنىڭ مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىشى بىلەن مۇسابىقە 20 ـ ، 21 ـ مايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى.

بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە قەشقەر، ئاتۇش دائىرىسىگە تارالدى. كۆپ قىسىم كىشى ئۈچۈن بۇ بىر كۈتۈلمىگەن خەۋەر بولدى.

ـ ئىنگلىزلار دېگەن كىم؟ بىز كىم؟ بىزنىڭ دېھقانلىرىمىز ئۇلارنىڭ بىر پەشۋاسىغىمۇ يارىماس...

ـ ئىنگلىز ـ شۋېتلار بىلەن پۇتبولدا مۇسابىقىلىشىمەن، دېيىش ئۆزىنى بىلمەي شىلتىڭ ئاتقانلىق بولماي نېمە!

ـ ئېكساق پۇتبولچىلىرىمۇ بوش ئەمەس، ئۇلارنىڭ قانداق ئوينىغىنىنى مانا مەن كۆرگەن!

كىشىلەر شۇنداق دېيىشىپ ئۆزئارا تالاش ـ تارتىش قىلىشاتتى، ھەتتا ئۇرۇشۇپ ـ تىللىشىپ، كاللا ـ قاپاق يېرىشقانلارمۇ بولدى.

قەشقەردىكى ئۆمەر باي قاتارلىقلار باھاۋۇدۇنبايغا دۇئايى سالام يوللاپ «دېھقانلارنىڭ ئىنگلىز ـ شۋېتلار بىلەن مۇسابىقىلەشمەكچى بولغىنى ئەخمىقانە ئىش ئەمەسمۇ، ئۇلارنى يېڭىشقۇ مۇمكىن ئەمەس، يېڭىۋالغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويساق، ئىككى ئوتتۇرىدىكى دوستانە مۇناسىۋەتكە دەز كەتمەمدۇ، ئالدى بىلەن جانابلىرىنىڭ سودا ئىشىغا دەخلى ـ تەرۇز يەتمەمدۇ. جانابلىرىنىڭ بۇ ئىشنى دەرھال توسۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز» دېيىشتى. قەشقەر دوتىيى ماشاۋۇمۇ باھاۋۇدۇنبايغا ئادەم ئەۋەتىپ: «ئەل كۆڭلىگە پاراكەندىلىك سالىدىغان، چەت ئەل دائىرىلىرى بىلەن بولغان ئىناق مۇناسىۋەتكە دەخلى يەتكۈزىدىغان» بۇنداق «مۇسابىقە»دىن خاتىرجەمسىزلىنىۋاتقانلىقىنى، باھاۋۇدۇنباينىڭ بۇ ئىشنى ئاقىلانىلىك بىلەن توسۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، باھاۋۇدۇنباي بولسا:

«بۇ ئاددىي، دوستانە مۇسابىقە، ئۇنىڭدا باشقىچە مەقسەت، مۇددىئا يوق، يەنە كېلىپ كونسۇل جانابلىرى ئۆزى خالىغان، ئىككى تەرەپ مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىپ بولغان ئىش. ئۇنى ئۆز ئالدىمىزغا ئەمەلدىن قالدۇرساق مۇۋاپىق بولماس. پېقىر ھەرقايسىلىرىنىڭ قارشى تەرەپ بىلەنمۇ مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈپ، قايتا يوليورۇق بېرىشلىرىنى كۈتىمەن» دەپ جاۋاب قايتۇردى.

بىر كۈنى، شەھەر كاتتىلىرى ھەم چەت ئەل كونسۇللىرى داخىل بولغان بىر سورۇندا، ئۆمەر بايلار گەپ ئېچىشقا پۇرسەت كۈتۈپ ئولتۇرۇشقاندا، گېللىئان ئەپەندى

كونسۇلخانىدىكىلەر بىلەن شۋېتسىيىلىكلەرنىڭ ئېكىساقلىق دېھقانلار بىلەن پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزمەكچى بولغانلىقىنى جاكارلاپ قالدى. بۇنى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى دومپىس ئەپەندى دەرھال قىزغىن قوللىدى ۋە دوتەي جانابلىرى بىلەن شەھەر چوڭلىرىنىڭمۇ بۇ ئىشنى قوللىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دوتەي ماشاۋۋۇ شۇيەردىلا:

— ياخشى. بۇ بىر رەسمىي مۇسابىقە بولسۇن، بىزنىڭ دېھقانلار كوماندىسىنى «جۇڭگو كوماندىسى»لا دەيلى، لېكىن ئۇلار يېڭىلىپ قالسىمۇ كېرەك يوق. كىم ئۇلارنى يېرىنى تېرىماي توپ ئوينىسۇن دەپتۇ! — دېۋىدى، ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن كاتتىلار بۇ «خەلقئارالىق پۇتبول مۇسابىقىسى»نى قانداق قىلىپ ياخشى ئۆتكۈزۈشنىڭ مەسلىھەتىگە چۈشتى. شۇ سورۇندا ئولتۇرغان ھوشۇر ھاجى سەمەن يولىدىكى بېدىلىكىنى توپ مەيدانى قىلىشقا بەردى. يەنە بىر باي ۋاراتا ياسىتىپ بەرمەكچى بولدى. مۇسابىقە توغرىسىدا ئېلانلار چاپلىنىپ، كوچىغا جاكارچىلار چىقىرىلىدىغان بولدى. مۇشۇ سورۇندا ئولتۇرغانلار باشلامچىلىق بىلەن مۇسابىقىنى كۆرۈشكە دەۋەت قىلىندى.

شۇنداق قىلىپ مۇسابىقە توغرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلار پەسكويغا چۈشۈپ، ھەممە ئادەم مۇسابىقە بولىدىغان كۈنلەرگە ئىنتىزار بولۇشتى، پەقەت ھەمرابايلا شەھەردىكى ئۆيىدە ئەتىدىن كەچكىچە كوتۇلداپ يۈرەتتى. يۇرتىدىكى «توپا توزىتىپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن تۆت ـ بەش قەلەندەر»نى تىللىغىنى تىللىغاندى. بىر كۈنى مەرىگۇل چىداپ تۇرالماي ئېغىز ئاچتى:

— دادا، يۇرتتىكىلەر ئىنگلىزلار بىلەن شۋېتلارنى يېڭىۋالسا سەن خۇشال بولماسمەن؟

— يېڭەلەمتىكى، يېڭەلمەيدۇ ئۇ خەق!

— ناۋادا يېڭىۋالسىچۇ...؟

— دېدىمغۇ، يېڭەلمەيدۇ دەپ.

— راستلا يېڭىۋالساق قانداق قىلىسەن؟

قىزنىڭ جاھىللىقىغا قاراپ ھەمراباي ئىچىدە «قىز بالا بولسىمۇ مېنى دورىغان دە، ئېست، ئوغۇل بالا بوپقالسىچۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدى. قىزنىڭ بېشىنى سەل سىڭايان قىلىپ، قاپقارا قاشلىرىنى ھىمىرىپ تۇرغان تۇرقىغا مەستلىكى كېلىپ پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى:

— ناھايىتى كەلسە ناغرا ـ سۇناي چالدۇرۇپ بېرەرمەن شۇ.

— ئاران شۇنچىلىكما؟ ـ دېدى قىز ياراتمىغاندەك لەۋلىرىنى ئۈمچەيتىپ.

— ھە، بولاپتۇ، ئاۋۇ ئېغىلدىكى ئېرىكىنى سويۇپ مېھمان قىلارمەن ئەمىسە، ـ شۇنداق دەۋېتىپ بىردىنلا قىزىغا بەك بالدۇر ۋەدە قىلىپ قويغىنىنى سېزىپ دەرھال قاپقىنى تۇرۇۋالدى، ـ قېنى، ۋاقتى كەلسۇن، ھازىرچە كىمنىڭ ئۇتۇشىنى بىر ئاللا بىلىدۇ...

* * *

مۇشۇ زېمىن، مۇشۇ تاغلار يارالغاندىن تارتىپ ئېقىپ كېلىۋاتقان تۈمەن دەرياسى نېمە ئىشلارنى كۆرمىگەن ـ ھە! ئۇ ئۆز ۋادىسىدا ياشىغان كىشىلەرنىڭ ھەممە خۇشاللىق ۋە غەم ـ قايغۇلىرىنى، سېغىز توپىلىق يارلىق ئۈستىدىكى بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ، گىرەلىشىپ كەتكەن توپىرەڭ ئۆيلەرنىڭ قايسىبىرى قاچان سېلىنغىنىنى، قىپيالىڭاچ بولۇۋېلىپ ئۆز باغرىدا پىلتىڭلاپ ئۈزۈپ ئوينايدىغان ئوغۇل بالىلارنىڭ قاچان چوڭ بولۇپ ئۆيلىنىپ، قېرىپ تۇپراق ئاستىغا كۆمۈلگىنىنى؛ نى ـ نى ھەشەمەتلىك ئوردا ـ قەسىرلەرنىڭ قاچان بىنا بولۇپ، قاچانلاردا كۈلگە ئايلانغىنىنى بىلىدۇ. ئۇ يەنە شەھەرنى ئەجدىھاردەك ئوراپ تۇرغان ئېگىز، قېلىن سېپىلنىڭ قانچە قېتىم ۋەيران بولۇپ، قانچە قېتىم قايتا سوقۇلغىنىنى، سېپىلغا تىرىك كۆمۈلگەن ئادەملەرنى كۆرگەن. ئەجدىھارنىڭ ئېغىزىدەك سۈرلۈك دەرۋازىلارغا قاتار ئېسىلغان ئادەم باشلىرىنى كۆرگەن. سېپىل دەرۋازىلىرىدىن توختىماي كىرىپ ـ چىقىپ تۇرىدىغان بايلار ۋە نامراتلارنى، دېھقانلار، ئىشلەمچىلەرنى، سودىگەر، بەگزادىلەرنى، كىيىملىرىگە يىراق يۇرتلارنىڭ توپىسى سىڭگەن سەيياھ ـ جاھانكەزدىلەرنى ھەم كۆپ كۆرگەن، ئەمما ئۇ بۈگۈنكىدەك ھەممە ئادەمنىڭ شەھەر سىرتىغا قاراپ سۇدەك ئاققىنىنى كۆرمىگەن.

راستىنلا، بۈگۈن قەشقەرلىكلەرگە نېمە بولدى ـ ھە؟ ئەتىگەندىن تارتىپلا قەشقەر تەۋرەپ كەتكەنىدى. ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا توپنىڭ، مۇسابىقىنىڭ گېپى. ئاشخانا ـ ناۋايخانىلار، دۇكانلار تاقالدى. ئادەم بىلەن تولۇپ تۇرىدىغان كوچىلار چۆلدەرەپ قالدى. شەھەر ئەتراپىدىكى ئۈچما راۋاندىن يارباغ دەرۋازىسىغىچە، بەشكېرەمدىن تۆشۈك دەرۋازىغىچە، ناچۇق ئۆستەڭ بويلىرىدىن قۇمدەرۋازىغىچە بولغان يوللاردا ئات ـ ئېشەكلىك، ھارۋىلىق، پىيادە ئادەملەر مۇسابىقە بولىدىغان سەمەن يولىغا قاراپ ئاقماقتا.

مۇسابىقە بولغان بېدىلىكتە كىشىلەر ئاھاك چېچىپ بەلگە قىلىنغان «مەيدان»نى چۆرىدەپ يىغىلىشقانىدى. مەيداننىڭ باش تەرىپىدە ھەمراباي ئەكەلدۈرگەن ناغرا ـ سۇنايچىلار ئەتىگەندىن تارتىپلا توختىماي شوخ ئاھاڭلارنى چېلىپ كىشىلەرنى جەلپ قىلماقتا، ھاياجانلاندۇرماقتا. مەيداننىڭ «تۆر» تەرىپىگە دوتەي، شەھەر چوڭلىرى، چەت ئەل كونسۇللىرىنىڭ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن ۋاقىتلىق ياغاچ ئورۇندۇقلار ياسالغان، ئاددىي پۇقرالار ـ سەللىلىك، دوپپىلىق، تۇماقلىق كىشىلەر، ئۇششاق باللار ئالدىنقى ئورۇنلارنى ئىگىلەپ، چاپان ـ چارا، كىگىزلەرنى سېلىپ بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ بولۇشقانىدى. مەيداننىڭ سەل نېرىسىغا

www.uyghurkitap.com

ئۈششاق يايمىچىلار، فالتەكچىلەر، دوغاپچىلار، سامسـىـ
پەز ـ مانتىپەز، ئۆپكە ـ ھېسىپچىلار، گازىر ـ پۇرچاقچى،
لەگمۇگچىلار جايلىشىپ ئاۋات بازار شەكىللەنگەندۇرگەنـ
دى. ئۈششاق باللار بىلەن چوڭراق باللار بازار بىلەن
مەيدان ئوتتۇرىسىدا توختىماي چېپىشىپ، ئـۇنى ـ بـۇنى
سېتىۋېلىپ يېيىشەتتى ياكى قوغلىشىپ ھەر خىل شوخلۇقـ
لارنى قىلاتتى. ئۇلار بۈگۈن خۇددى ھېيت بولغاندەك
خۇشھال ئىدى.

مەيدانىنىڭ بىر چېتىدە تۈنۈگۈن ئاتۇشتىن پىيادە مېـ
ڭىپ كەلگەن ئىكساقلىق توپچىلار ۋە ئۇلارغا ئەگىشىپ
كەلگەن بىرەر يۈزدەك ئادەم دائىرە بولۇپ ئولتۇرۇشاتـ
تى. مۇسابىقىگە چۈشىدىغانلارنى باھاۋۇدۇنباي بـىـلـەن
تۇرسۇن ئەپەندى مەكتەپتىكىلەر ۋە دېھقانلار ئارىسىدىن
ئىنچىكىلەپ تاللىدى. بۇ جەرياندا قايسىسىنى تـالـلاپ،
قايسىسىنى قويۇشنى بىلمەي خىجالەتچىلىكتىمۇ قـالـدى.
بىز دېگەن ھاشىم باليخانىنىڭ شاگىرتلـىـرى تـۇرساق،
مۇنداق مۇسابىقىگە بىز چۈشمەي كىم چۈشىدۇ، دەپ
تۇرۇۋالغان ئاپئاق ساقاللىق ئىككى بوۋاينى ئامالسىز زاـ
پاس توپچىلار قاتارىغا قوشۇپمۇ قويۇشتى. ئالدىنقى كۈنى
توپچىلار يولغا چىقىدىغان چاغدا باھاۋۇدۇنباي باشچىلىـ
قىدا يۇرت خەلقى قومۇرۇلۇپ چىقىپ ئۇلارنى ئۇزاتتى.
پۇتبول دېسە جېنىنى بېرىدىغان بىر توپ ئادەم يولنىڭ
يىراقلىقىغا قارىماي ئۇلارغا ئەگىشىپ قەشقەرگىچە كەلدى.
توپچىلار بىر كېچە قونغان خانلىق مەدرىسەدە بۇ سەپ
تېخىمۇ زورايدى. شۇ تاپتا مۇشۇ مەيداندا ئولتۇرغان
شۇنچىۋالا جامائەتمۇ توپچىلارغا چەكسىز ھـۆرمـەت ۋە
ئۈمىد ئىچىدە تەلپۈنۈۋاتىدۇ. ئاشپەز ـ ناۋايلار ئوخشىتىپ
ئەتكەن تاماقلىرى، كۆگۈل قويۇپ ياققان نانلىرى بىلەن
ئۇلارنى بېقىۋاتىدۇ. دوغاپچىلار: «يۈرىكىڭلارنى سەگـ
ىتىپ، جېنىڭلارنى ياشارتىدىغان دوغاپ بۇ» دېيىـشـىـپ،
يوغان چىنىلەردە دوغاپ ئەكېلىپ بېرىشىۋاتىدۇ. ئـۇلار
نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىدۇ؟ تۇرسۇن ئەپەندى ئويلىغانچە
ئۆزىنى بىر تاغ يۆلەۋالغاندەك سېزەتتى. بەزىدە ئەندىـ
شىگىمۇ چۈشۈپ قالاتتى. لېكىن تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا
ئۇنىڭ يۈرىكى توق، ئىشەنچىسى كۈچلۈك ئـىـدى. ئـۇ
ئەتراپىدا ئولتۇرغان ئاشۇ بىر ـ بىرىدىن قاۋۇل، چەبىـ
دەس يىگىتلەرگە ئىشىنەتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ خېلى كۆپىگە
قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ خەتنى توغرا ھەم چىرايلىق يېـ
زىشنى ئۆگەتكەن. پۇتبول دېگەننىڭ جۇرئىتى بار ئوـ
غۇلبالا ئويناي دىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئۇ
ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى ـ ئاۋۇ چاقماقتەك چەبدەس كېرەم
كىچىكنى، قاراقاش، قارا كۆز، قاڭشارلىق، ئېگـىـز بـوي
ئەنۋەرنى، بەستلىك، چىرايى قىزىل، سېرىق ساقال ئىبراـ
ھىمنى، يوغان ـ يورپا، قاۋۇل، ئەمما كىچىك بـالـىـدەك
ساددا غوپۇرنى، ياۋاش، ئەمما پەملىك بېشىراخۇننى، مۇسا
پالۋاننىڭ ئىنىلىرى پالۋان قامەت تۇرسۇن قارىي بىلەن
ئەمەت قارىيلارنى... بەك چوڭقۇر چۈشىنەتتى. ھەر بىرىـ
نىڭ مىجەزىنى، توپنى قانداق تېپىدىغانلـىـقـىـنى، ئـارـ
تۇق ـ كەم تەرەپلىرىنى بەشقولدەك بىلەتتى. قارىماققا ياـ
ۋاش، جىمغۇر كۆرۈنىدىغان بىر بالىنىڭ كۈتمىگەندە كاـ
رامەت ئىشلارنى قىلىۋېتەلەيدىغانلىقىنى ھەم بىلەتتى. بىر
ئايدىن بۇيانقى جاپالىق مەشىق داۋامىدا ئۇلارنىڭ ھەر
بىرى خېلىلا ئورۇقلاپ، چىرايلىرى قارىداپ قالغان بولـ
سىمۇ، روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ۋۇجۇدىدىن پۇتمەس ـ
تۈگىمەس كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. مانا ئۇلار
شۇ تاپتىمۇ:

ئارقاداشلار توپلىنايلى، جەھلىن ئوينى بۇزغىلى،
ئەل كۆزىن ئالغان قاراڭغۇ پەردىلەرنى يىرتقىلى.
ئىنقىرازدىن خەلقىمىزنى قۇتقۇزغۇچى ئىلىمدۇر،
بىزلەرنىمۇ دەل بۈگۈن ھەم بىلىم ئۆزى قۇتقۇزۇر.

دېگەندەك ناخشىلارنى كەينى ـ كەينىدىن ئۇلاپ ئوـ
قۇپ، مەيداننى لەرزىگە سالماقتا ئىدى.

ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدە ـ مەيداننىڭ سىرتىدا ھەمـ
مىسى بىر خىل ئاق رەڭلىك تەنتەربىيە كىيىمى، پۇتبول
ئايىغى كىيگەن ئېگىز بوي، سېرىق چاچ، كۆك كۆز كەلـ
گەن ئىنگلىزلار ۋە ھىندىستانلىقلاردىن تەركىب تاپـقـان
«ئەنگلىيە كوماندىسى»دىكىلەر توپلىشىپ تۇرۇشـاتـتى.
ئۇلارنىمۇ بىرەر يۈز ئادەم ـ كونسۇلخانا خىزمەتچىلىرى،
شۋېت دىن تارقاتقۇچىلىرى ھەم دوختۇرخانا خادىملىرى
ۋە تاماشا كۆرگۈچىلەر ئورىۋالغانىدى.

كەينى ـ كەينىدىن كەلگەن ھەشەمەتلىك مەپـىـلـەردە
دوتەي ۋە شەھەر بەگلىرى، قازىكالان، ئۆلىمالار ۋە كاتتا،
زەردارباي لار يېتىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا رۇسچە
ۋە ئىنگلىزچە پەيتۇندا ئەنگلىيە ۋە سوۋېت ئىتتـىـپـاقى
كونسۇللىرى، خانىملىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا
مەيدان ئەتراپى سانجاق ـ سانجاق ئادەم بىلەن تولۇپ
يىڭنە سىغقۇدەك يەر قالمىغان، ئەتراپتىكى ئۆيـلـەرنـىـڭ
ئۆگزىسى، دەرەخ شاخلىرىغىمۇ ئادەملەر چىقىۋالغانىدى.
ئىككى كونسۇل خانىملىرى بىلەن دوتەينىڭ ئىككى تەرىـ
پىگە ئورۇنلاشتى. دوتەي ئىككى تەرەپتىكىلەر بىلەن بىر
نەچچە ئېغىز سۆزلىشىپ باش لىڭشىتتى. ئارقىدىن ئورنىـ
دىن تۇرۇپ، ئېگىز بوي، ئاۋاق تىلماچ بىلەن مەيداننىڭ
ئوتتۇرىغىراق كېلىپ سۆزىنى باشلىدى. بۈگۈنكى قەشقەر
تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن كاتتا خەلقئارالىق مۇسابىقىنىڭ
جۇڭگو ـ ئەنگلىيە خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقىنى كۈچەيتىشتىكى
مۇھىم بەلگە تېشى بوپقېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلـىـقـىـنى
بىلدۈردى ۋە ھەر ئىككى تەرەپ توپچىلىرىغا ئامەت تىـ
لىدى. ئارقىدىنلا كونسۇل گېللىئان ئەپەندى سۆز ئېلىپ

www.uyghurkitap.com

ئالاھىدە بىر خىل ئۇستۇنلۇك تۇيغۇسى ئىچىدە، بۇگۈنكى مۇشۇنچە كۆپ، مۇشۇنچە قىزغىن تاماشىبىننى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ پۇتبول يۇرتى بولغان ئەنگلىيىلىك ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنىۋاتقانلىقىنى، بۇگۈنكى مۇسابىقىدە «ئەنگلىيە كوماندىسى»نىڭ ماھارىتى ھەم جاسارىتىگە، كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجە يارىتالايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. «جۇڭگو كوماندىسى» توغرىسىدىمۇ نۇرغۇن تەسىرلىك تەرىپنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇلارغىمۇ ئامەت تىلىدى. ئاخىرىدا يۇمۇرلۇق تەلەپپۇزدا: ئەگەر جۇڭگو تەرەپ ئۇتتۇۋالسا، بىز ئۇلارغا كۈمۈش ئىگەر ـ جابدۇقلۇق بىر جۇپ ئارغىماق بېرىشكە ۋەدە قىلىمىز. بىز ئۇتۇۋالساق جۇڭگو تەرەپ بىزگە نېمە بېرىدىكىن؟ دەپ ئەتراپىدىكىلەرگە قارىدى. چەت ئەللىكلەر قاقاقلاپ كۈلۈشتى. تۇرسۇن ئەپەندى تىلماچنىڭ تەرجىمە قىلىپ بولۇشىنى ساقلىمايلا، يۇقىرى ئاۋازدا:

ـ بىز بىرگە ئىككىنى بېرىشكە تەييار! ـ دەپ جاۋاب بەردى. تىلماچ كونسۇلنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلىپ بولغاندا تاماشىبىنلار باركاللا ئېيتىشىپ چاۋاك چېلىشىپ كېتىشتى.

مۇسابىقە باشلاندى، ئىككى كوماندا ناغرا ـ سۇناي، ئالقىش ساداسى ئىچىدە مەيدانغا كىرىپ كەلدى. بۇ بىر ـ بىرىگە تۇپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى كوماندا ئىدى. ئاق كىيىملىك «ئەنگلىيە كوماندىسى» ياردەمچى كونسۇل شرىف ئەپەندى، كونسۇلخانا دوختۇرى، ئۇزاقتىن بېرى كونسۇلخانىدا تۇرۇۋاتقان مۇخبىر ھەم ساياھەتچى، شاپ بۇرۇت مېچىل ئەپەندى، ئەنگلىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ لېيتىنانتى گرىگسىن، ئىككى نەپەر ياش جۇغراپىيىشۇناس ۋە ھىندىستانلىق ئۈچ خادىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەممىسىنىڭ چىرايىدىن غالىبلىق، ھەتتا مەسخىرە ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ مەدەنىيەتلىك دۇنيادىن يىراق، جاھاننىڭ بىر چېتىدىكى سەھرالىقلارنىڭ ئۇلار بىلەن مۇسابىقىگە چۈشمەكچى بولغىنى كۈلكىلىك بىر ئىش ئەمەسمۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياخشى چېنىققان تەنتەربىيە ھەۋەسكارى شرىف ئەپەندى، بىر مەزگىل لوندوندىكى پۇتبول كۇلۇبلىرىدا توپ تەپكەن، پۇتبولغا ئائىت ئوبزورلارنى يازغان مېچىل ئەپەندى، تاغقا چىقىش ماھىرى گرىگسىنلار تۇرسا. خەيرىيەت، بۇ مۇسابىقە ئۇلار ئۈچۈن بىر قېتىملىق يەڭگىل كۆڭۈل ئېچىش بوپقالغۇسى. ماۋۇ يېرىم ياۋايى ئادەملەر ئۈچۈن بولسا ھەقىقي مۇسابىقىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالىدىغان بىر پۇرسەت، پۇرسەت بولغاندىمۇ، ھاياتىدا يەنە بىر قېتىم ئېرىشەلمەيدىغان تېپىلغۇسىز پۇرسەت.

ئىكساق كوماندىسىدىكىلەر بېشىغا ئاق دوپپا، ئۇچىسىغا ئاق ماتا كۆڭلەك كىيگەن، بەللىرىگە بەلۋاغ باغلىغان، پۇتلىرىدىكى مەسە ـ كالاچلىرىنى چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن خىلمۇخىل شويىندا باغلىۋېلىشقانىدى. ئەمما دىققەت بىلەن كۆزەتكەن كىشىلەر ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەستايىدىللىقنى، مەقسىتىگە يەتمىگۈچە توختىمايدىغان «ياۋايى كۈچ» ۋە يۈرەكنى جىغىلداتقىدەك قەيسەرلىكنى ھېس قىلالايتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقلىق رېپېرنىڭ پۇشتەك چېلىپ بەلگە بېرىشى بىلەنلا، ساقاللىق ئىنگلىز دوختۇر توپنى قارشى تەرەپنىڭ مەيدانىغا قارىتىپ تەپتى. شۇنداق قىلىپ دۇنيانىڭ مەدەنىيەت مەركىزىدىن كەلگەنلەر بىلەن «يېرىم ياۋايى»لار ئارىسىدىكى ئىس ـ تۈتەكسىز كۈرەش باشلىنىپ كەتتى.

مۇسابىقىنىڭ دەسلەپكى پەيتلىرىدە ئىككى تەرەپ كوماندا ئەزالىرىنىڭ روھىي دۇنياسى ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنەتتى.

ئەنگلىيە كوماندىسىدىكىلەرنىڭ چىراي ئىپادىسى ۋە مەيداندىكى ھەرىكەتلىرى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە شەكسىز ئىشىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى، ئىكساقلىقلار بولسا ھەدېگەندىلا تەمتىرەپ قېلىۋاتاتتى. ناتونۇش، كۈچلۈك رەقىب، تۈمەنلىگەن تاماشىبىننىڭ دېڭىز شاۋقۇنىدەك چۇقان ـ سۈرەنلىرى ئۆمرىدە بۇنداق كاتتا سورۇننى كۆرۈپ باقمىغان بۇ ساددا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە كاشىلا قىلماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ تەمتىرەپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئەنگلىيىلىكلەر چەبدەسلىك بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ھۇجۇمى ھە دېگەندىلا ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتاتتى. بۇ ھالەت يەنە بىر پەس داۋاملاشقان بولسا، ئۇلارنىڭ غەلىبە ئاساسىنى قۇرۇۋېلىشىدا گەپ يوق ئىدى.

دەل شۇ چاغدا مەيداننىڭ بىر چېتىدىن بورانىدەك غەزەپلىك ئاۋاز ياڭرىدى. ھەممە ئادەم ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇرۇلۇپ قاراشتى. ئىكساقنىڭ زاپاس كوماندا ئەزالىرى ئارىسىدا ئولتۇرغان ئاپئاق ساقاللىق تەمبەل بىر بوۋاي ساقاللىرىنى تىترىتىپ: «... ئوينىيالمىساڭ چۈشە مەيداندىن! ھەرقايسىڭ توپنى تالاشماي ساماغا چۈشتۈڭمۇ مەيدانغا؟!» دەپ ۋارقىراۋاتاتتى. ئۇ، ئىكساقنىڭ ئەڭ دەسلەپكى توپچىلىرىدىن بىرى بولغان نامان ئاكا ئىدى. نامان ئاكىنىڭ قەھرلىك ئاۋازى ۋە ئاپئاق ساقىلى ئىكساقلىقلارنى سەگىتتى. كېرەم كىچىك ئىچىدە ئىختىيارسىز بوۋايغا ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇ بىردىنلا پۇت ـ قولىنىڭ كۈچكە تولغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ، ئەنگلىيىلىكلەر چەبدەسلىك بىلەن پاسلىشىپ ئېلىپ كېتىۋاتقان توپنى بۆركۈتتەك ئېتىلىپ بېرىپ ئۈزۈپ ئالدى...

ـ باركاللا! ئوغالبالا دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ مانا.

ـ ئاتاڭغا رەھمەت! ـ دەپ تۇۋلىشاتتى ئەتراپتىكىلەر.

كېرەم توپنى توختىتىپ مەيدانغا بىر نەزەر سالغاندىن كېيىن، ھۇجۇمچى ئورنىدا تۇرغان ئەنۋەرنى كۆردى ـ دە، «ئالە ئەنۋەرا!» دېگىنىچە توپنى كۈچەپ تەپتى. ئالىقاچان توپنى كۈتۈپ تۇرغان ئەنۋەر توپنى مەيدىسىگە شۇنداق چىرايلىق ئېلىپ توختاتتىكى، ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ چىرايىدىمۇ ھەيرانلىق ئەكس ئەتتى. مەيدان سىرتىدىكىلەر ھاياجاندىن ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، گۇرۇلدىشىپ كەتتى.

ئەنۋەر بۇرۇلۇپ ئەنگلىيە تەرەپنىڭ ۋاراتاسىغا قاراپ شامالدەك تېز يۈگۈردى. ئەتراپتىكىلەرنى كەينىگە تاشلاپ، ئالدىغا كەلگەن بىر ئىنگلىز بىلەن ھىندىستانلىقنى ماھىرلىق بىلەن ئالداپ ئۆتۈپ، توپنى ۋاراتاغا قارىتىپ كۈچەپ تەپتى. پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ تۇرغان ئەنگلىيە ۋاراتارى توپنى سالماقلىق بىلەن تۇتۇۋالدى. ئەمما بۇ بىر توپ ئېكساق كوماندىسىدىكىلەر ئۈچۈن ئىلھامبەخش ھۇجۇم سىگنالى بوپقالدى. مۇسابىقە بارغانسېرى كەسكىنلەشتى. ئەنگلىيە كوماندىسىنىڭ بىر نەچچە قېتىملىق قاملاشقان ھۇجۇمىمۇ كىشىلەرنى ساراسىمىگە سېلىپ چۇقان كۆتۈرگۈزىۋەتتى. ئىككى تەرەپنىڭ جان پىدالىق بىلەن ئېلىشىشى پۈتكۈل مەيداننى مىسلىسىز جىددىيلىك ئىچىگە ئېلىپ كىردى. مەيداننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئېكساق كوماندىسىنىڭ ئىپادىسى بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىدىكى جىددىيچىلىك ۋە يۈرەكسىزلىكنى يوقىتىپ، بارا ـ بارا مۇسابىقىگە كىرىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئەنگلىيە كوماندىسىكىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ بۇ «يېرىم ياۋايى»لارنى بوش چاغلاپ قالغانلىقلىرىنى سېزىپ، ئەسلىدىكى ھاكاۋۇرلۇقىنى تاشلاپ، توپنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئويناشقا باشلىغانىدى.

ئېكساقلىقلار كەينى ـ كەينىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئەنگلىيىلىكلەرنى خېلىلا تەمتىرىتىپ قويدى. بولۇپمۇ كېرەم توپچى بىلەن تۇرسۇن ئەپەندى ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە قادالغان خەنجەردەك توختىماي زەربە بېرەتتى. مۇسابىقىنىڭ ئېكساقلىقلارغا پايدىلىق تەرەپكە يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تاماشىبىنلار بولسا خۇددى بۇ ئالەمدىكى ئاجايىپ كارامەتلىك مۆجىزىنىڭ شاھىتىدەك ئۆزلىرىنى ئۇنۇتقان ھالدا چۇقان ـ سۈرەن سېلىشاتتى.

بۇ ھال ئەنگلىيە كوماندىسىنىڭ ئاساسلىق ھۇجۇمچىسى بولغان لېيتىنانت گرىگسېننى قاتتىق تېرىكتۈردى. «نېمە ئىش بۇ، ماۋۇ يالىڭاياغلار خۇداسىدىن مەدەت ئالغاندەك كۈچىيىپ كېتىپ بارىدىغۇ. مەيلى، ئۇلارغا كىمنىڭ مەدەت بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنى يېڭىشىمىز كېرەك. بۇ ياۋايىلارنىڭ بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ تەڭداشسىز ئوبرازىغا نۇقسان كەلتۈرۈشىگە يول قويۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر بۇلار يىرتقۇچ يولۋاس بولغان تەقدىردىمۇ، قامچا بىلەن باش ئەگدۈرۈش كېرەك!» دەپ ئويلىدى.

ئۇ ئويلىغانسېرى غەزەپلىنىشكە، ئەسەبىيلىشىشكە باشلىدى.

دەل شۇ چاغدا ئەنگلىيە تەرەپنىڭ چەكلەنگەن رايونىغا قاراپ توپنى ماھىرلىق بىلەن ئېلىپ كېتىپ بارغان بېشىر ئاخۇنغا قاراپ ئېتىلغان قوڭغۇر تەنلىك بىر بېك توپقا قاراپمۇ قويماي، بېشىر ئاخۇننىڭ ھوشۇقىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى تەپتى. بۇنداق يولسىز ھۇجۇمغا تەييارلىقسىز تۇرغان بېشىر ئاخۇن ئاغرىققا چىدىماي يەردە يۇمىلاپ كەتتى.

ـ ياخشى! دەپ ۋارقىرىدى لېيتىنانت، ـ ئۇلارنى مۇشۇنداق قوپالماس قىلىپ قويۇش كېرەك.

ـ نېمە قىلىق بۇ، شۇنداقمۇ نامەردلىك قىلغان بارمۇ؟!

ـ چىدىغانغا چىقارغان! چىدىماسلار ئوينىمىسۇن!

نارازىلىق سادالىرى مەيداننى بىر ئالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىدىن تەكلىپ قىلىنغان رېپىر دەرھال پۈشتەك چېلىپ مۇسابىقىنى توختاتتى ۋە بېنگاللىق بېكنى ئاغزاكى ئاگاھلاندۇردى، توپنى ئېكساق كوماندىسىغا ئىختىيارىي باشلاتقۇزدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئېكساقلىقلار كەينى ـ كەينىدىن يەقىلغىلى تۇردى. تۇرسۇن ئەپەندى ئەھۋالنىڭ خەتەرلىكلىكىنى سېزىپ، ئەزالىرىنى ھوشيار بولۇشقا چاقىردى.. ئېكساقلىقلارنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچرىماقتا ئىدى.

ئەنگلىيە كوماندىسى ھۇجۇم قىلىپ، توپنى ئېكساق تەرەپنىڭ چەكلەنگەن رايونى ئەتراپىغا ئېلىپ كەلدى. ئەڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ كەلگەن مېچىل ئەپەندى توپنى ئېلىشىغا، ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ «ئىلتىپاتى»دىن تولا بەھرىمەن بولۇپ، ئىچى قايناپ تۇرغان ئەمەت قارىي يۈگۈرۈپ بېرىپ مېچىل ئەپەندىنى دولىسى بىلەن كېلىشتۈرۈپ ئۈستى.

ئېگىز بويى مېچىل ئەپەندى دەرەختەك ئۆرۈلۈپ، يەردە نەچچە يۇمىلاپ كەتتى. رېپىر دەرھال پۈشتەك چېلىپ ئەنگلىيە كوماندىسىنى ئىختىيارىي توپ باشلاتقۇزدى. ئېكساقلىقلار بۇنىڭغا نارازى بولدى، تۇشمۇتۇشتىن رېپىرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، بۇنى قائىدىگە خىلاپ ھەرىكەت ئەمەس، دەپ تالىشىشتى.

ئەنگلىيىلىكلەر بولسا تېز سۈرئەتتە توپنى باشلاپ، قارشى تەرەپنىڭ تەييارلىقسىز تۇرغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ۋاراتاغا قارىتىپ توپ تەپتى. پۈتۈن دىققىتىنى مەيداننىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى تالاش ـ تارتىشقا قارىتىپ تۇرغان ۋاراتار مۇھەممەت توپنى توسۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى. مەيداندىكى تاماشىبىنلار بۇ تويۇقسىز ئەھۋالدىن ھودۇقۇپ، ئۈن چىقارماي ھاڭۋېقىپ قېلىشتى. رېپىر بولسا

ئىككىلەنمەي، كىرگەن توپنىڭ ئىناۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، ئوتتۇرا مەيداندىن توپ باشلاشنى ئۇقتۇردى.

گېللىئان ئەپەندى بىلەن خانىمى باشچىلىقىدىكى كونسۇلخانا خادىملىرى، شۋېتسىيىلىكلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ چاۋاك چېلىپ تەنتەنە قىلىشتى. تاماشىبىنلار بوراندەك گۈركىرەپ ۋارقىراشتى:

ـ ناھەق بولدى، ناھەق!

ـ ھۇ نامەردلەر، خوتۇن كىشىدىن ئۇششۇق نېمىلەركەن بۇ!

ـ يالغانلىقىمىز چىنىپ قالمىسۇن، دەپ قويۇۋالغان ساقاللىرىغا قايلاڭلار، خالايىق!

بۇنچە كۆپ كىشى ئەزەلدىن بۇگۈنكىدەك بىر نىيەت، بىر مەقسەت ئۈچۈن جىنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىشىپ چۇقان سېلىپ باقمىغان، مۇشتلىرىنى چىڭ تۈگۈپ سەكرەشمىگەنىدى. شۇ تاپتا مەيدان ئىچى بىلەن سىرتى بىرلىشىپ كەتكەنىدى. تاماشىبىنلارنىڭ يۈرىكى ئۆز توپچىلىرىنىڭ يۈرىكى بىلەن تەڭ سوقاتتى. ھېس ـ تۇيغۇلىرى ئۇلار بىلەن تەڭ ئۆركەشلەپ، دېڭىزدەك داۋالغۇيتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقلىق رېپىر سائەتكە قارىدى ـ دە، ئىكساق كوماندىسىدىكىلەر ئوتتۇرا مەيداندىن توپنى باشلىشى بىلەنلا پۈشتەك چېلىپ يېرىم مەيدان مۇسابىقىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئۇقتۇردى. تېزلىكتە بېرىپ توپنى قولىغا ئېلىپ، تۇرسۇن ئەپەندىگە ئەتراپتىكى چۇقان ـ سۈرەن سېلىشىپ تۇرغان تاماشىبىنلارنى ۋە غەزەپلىك چىرايلارنى كۆرسىتىپ بىر نېمىلەرنى دەپ مەيداندىن چىقىپ كەتتى.

ئەنگلىيىلىكلەر مەيدان سىرتىغا سايىۋەن بېكىتىپ ئالاھىدە راسلانغان ئورۇنلارغا بېرىپ ئارام ئېلىشتى. شۋېت دوختۇرلىرى ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇشاتتى، كونسۇلخانا خىزمەتچىلىرى ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئىچىملىك ئەكېلىپ بېرىپ، ھارغىنلىقىنى تۈگىتىشكە تىرىشاتتى.

ئىكساقلىقلار بولسا تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ باشچىلىقىدا مەيدان ئوتتۇرىسىدا يۇمۇلاق بولۇپ ئولتۇرۇشتى.

ـ ھەممىمىز ماۋۇ خەلقنى كۆرۈپ ئولتۇرۇۋېتىمىز، ـ دېدى تۇرسۇن ئەپەندى، ـ ئۇلار بىزنىڭ ئارقا تىرىكىمىز، كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىزنىڭ مەنبەسى. ئاشۇ ئەزىز خەلقىمىزنىڭ ئالدىدا مەغلۇب بولۇش بىز ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن باراۋەر. ئەگەر بۈگۈن بىزگە ئەجەل كەلگەن تەقدىردىمۇ، مۇشۇ مەيداندا رەقىبلىرىمىزنى يېڭىپ، يۇرت خەلقىنىڭ تەنتەنىسى ئىچىدە ئۆلىمىز. قورقۇنچاقلىق قىلىشقا، چېكىنىشكە قەتئىي يول يوق. رەقىبىمىزنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز ئۇلاردىنمۇ كۈچلۈك بولۇشىمىز كېرەك!

دەل شۇ چاغدا ئالىمان ئىچىدە بىر ئادەم توپنى يېرىپ كوماندا ئەزالىرىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ، مۇسابىقىنىڭ دەسلىپىدە ۋارقىراپ ئىكساقلىق توپچىلارنىڭ دىققىتىنى يىغقان، ئاپئاق ساقاللىرى مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان نامان توپچى ئىدى. ئۇ، تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ:

ـ باللىرىم، پالۋانلىرىم، مەن سىلەردىن رازى بولدۇم، خەلقىمىز سىلەردىن رازى بولدى. سىلەر جېنىڭلارنى تىكىپ قويۇپ ئوينىدىڭلار، ئاۋۇ ھاكاۋۇر پەرەڭلەرنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدۇڭلار. ئۇلۇغ ئاللا پۇت ـ قولۇڭلارغا يەنىمۇ كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرگەي، سىلەرگە يېڭىلمەس نۇسرەت ئاتا قىلغاي، خەلقنىڭ ئالقىش ـ رەھمىتىدىن كۆكلەپ كەتكەيسىلەر ئىلاھىم، ئامىن! ـ دەپ دۇئا قىلدى. ھاياجان ياشلىرى بوۋاينىڭ ئۇزۇن، ئاق ساقاللىرىغا ئېقىپ چۈشتى.

بۇ چاغدا كوماندا ئەزالىرىنىڭ كۆزلىرىمۇ ئوتتەك يېنىپ، تومۇرلىرىدىكى قانلار ئۆركەشلەپ ئاقماقتا ئىدى. ئۇلار ئەتراپقا قاراپ، بېدىلىككە يىغىلغان تۇمەنلىگەن خەلقنىڭ ئۆزلىرىگە تىككەن ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى كۆردى. بۇ كۆزلەر ئىچىدە يەتتە ياشلىق سەبىيلەرنىڭ غۇبارسىز كۆزلىرىمۇ، 70 ياشلىق بوۋايلارنىڭ نۇرى قاچقان كۆزلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ كۆزلەردىكى ئۈمىد ئۇچقۇنىنى ئۆچۈرۈۋېتىشكە بولمايتتى، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى جان تىكىپ ئاقلىماي بولمايتتى.

رېپىر مەيدانغا كىرىپ پۈشتەك چالدى. ھەل قىلغۇچ جەڭ باشلاندى.

ئىكساقلىقلار خۇددى باشقىچىلا ئادەملەرگە ئۆزگىرىپ قالغاندەك ئىدى. ئۇلار ھېچنېمىدىن قورقمايتتى، نىشانغا قاراپ شىردەك ئېتىلاتتى.ھەرىكەتلىرى شۇ قەدەر چاققان، چىرايلىق ئىدى. ئۇلار ئەنگلىيە تەرەپ ۋاراتاسىغا توختىماي ھۇجۇم قىلاتتى. ھۇجۇملار خۇددى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك بىر ـ بىرىدىن شىددەتلىك، بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ كېلەتتى. ئەمدى ئەنگلىيە كوماندىسىدىكىلەر تەمتىرەپ قېلىشقان بولۇپ، ئۇلار ئۆز مەيدانىدا توپلىشىپ مۇداپىئەدىلا تۇراتتى. تېپەتتى، پۇتلايتتى، ئالدىغا ئۆتكەننى تارتىپ يىقىتاتتى. ئەمما ئىكساقلىقلار يىقىلسا دەرھال قوپاتتى ـ دە، ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئالغا يۈگۈرۈيتتى، ئېتىلاتتى، يەنە يىقىلسا يەنە تۇراتتى، يەنە يۈگۈرۈيتتى، يىقىلغان يەردىن قۇۋۋەت ئالغاندەك تېخىمۇ قەيسەر بولۇپ تۇراتتى. ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ چىرايىدا كۆرەڭلىكتىن ئەسەر قالمىدى. ئۇنىڭ ئورنىنى ھەيرانلىق، قورقۇش ھەتتا ئاز ـ تولا قايىللىق ئىگىلىدى.

تۇرسۇن ئەپەندى پەخرىدىن بەرگەن پاسنى ئالدى ـ دە، تېز سۈرئەت بىلەن قارشى تەرەپ كوماندىسىنىڭ

چەكلەنگەن رايونغا ئېلىپ كىردى. ھىندىستانلىق ۋاراتار
تۇرسۇن ئەپەندىنى نىشان قىلىپ شىددەت بىلەن ئېتىلىپ
چىقتى. قارشى تەرەپنىڭ مەقسىتىنى پەملىگەن تۇرسۇن ئە-
پەندى ئۆزىنى يانغا ئېلىپ، ئۇنىڭ يېنىدىن شامالدەك ئۆ-
تۈپ كەتتى. ۋاراتار ئۆزىنى تۇتالماي، ئۆزىگە ئوخشاش
مەقسەت بىلەن تۇرسۇن ئەپەندىگە قاراپ ئېتىلىپ كەلگەن
سەپدىشى بىلەن قاتتىق سوقۇلۇشتى ۋە ئىككىلىسى ھۆركە-
رەشكىنىچە يەردە يۇمىلاپ كېتىشتى. بۇنى كۆرگەن تۇرسۇن
ئەپەندى پۇتىدىكى توپنى ۋاراتاغا تەپمەستىن، يان سىزىقتىن
تېپىپ چىقىرىۋەتتى ـ دە، دەرھال بېرىپ ۋاراتارنى يۆلىدى.
بۇ ئالىيجاناب ھەرىكەت پۈتكۈل مەيداننى لەرزىگە سېلى-
ۋەتتى. ھەتتا كونسۇل گېللىئان ئەپەندى بىلەن خانىمىمۇ
ئورنىدىن تۇرۇپ تۇرسۇن ئەپەندىگە قاراپ كۈچەپ چاۋاك
چالدى. ئۇلارغا ئەگىشىپ كونسۇلخانا خادىملىرى ۋە
ئەنگلىيە كوماندىسىنىڭ زاپاس ئەزالىرىمۇ ئۆزلىرىنى ئۇن-
تۇغان ھالدا چاۋاك چېلىشىپ كەتتى. كونسۇلخانىنىڭ داۋا-
لاش خادىملىرى دەرھال مەيدانغا يۈگۈرۈپ كىرىشتى.

بۇ كىچىككىنە ئۈزۈلۈش داۋامىدا گېللىئان ئەپەندى
مەيداننىڭ چېتىگە كېلىپ ئەنگلىيە كوماندىسىدىكىلەرگە: «بۇ
مۇسابىقىدە بەلكىم ئۇتتۇرۇشىمىز مۇمكىن. ئەمما ئىناۋەتنى
ئۇتتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ئۇنتۇپ قالماڭلاركى، ھازىر
سىلەر بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە
تۇرۇۋاتىسىلەر. بېرىڭلار، ئۇلارغا ھەقىقىي ئەنگلىيە مۆتى-
ۋەرلىرىنىڭ پەزىلىتىنى كۆرسىتىپ قويۇڭلار، پەرۋەردىگار
سىلەرگە يار بولغاي» دېدى.

ئادەم ئالماشتۇرۇلۇپ، كەسكىن جەڭ يەنە باشلاندى.
ئەمما بۇ قېتىم مەيداندىكى كەيپىيات تۈپتىن ئۆزگەرگەنى-
دى. ياپپېشىل بېدىكلىتە 22 ئەزىمەت باراۋەر ئورۇندا،
كەمسىتىش ۋە كەمسىتىلىشتىن خالىي ھالدا غەلىبە ئۈچۈن
كۈرەش قىلىۋاتاتتى. مانا بۇ ھەقىقىي مۇسابىقە ئىدى.

ئىكساق كوماندىسىدىكىلەر توپنى ھۇجۇم سېپىدە
تۇرغان ئەنۋەرگە پاس بېرىشتى. ئەنۋەر توپنى ئەپچىللىك
بىلەن كونترول قىلىپ، قارشى تەرەپنىڭ ۋاراتاسىغا ئوقتەك
تېز يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئالدىنى توسقان ھۇجۇمچىلاردىن
ئۇيان ـ بۇيان ئەگىپ، ناھايىتى چاققان ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ-
لار ھەرقانچە قوغلاپمۇ ئەنۋەرگە يېتىشەلمىدى. ئۇ توپنى
ئېلىپ ئەنگلىيە كومانىسىنىڭ چەكلەنگەن رايونىغا كىرىپلا،
ئوڭ بۇرجەككە قارىتىپ شۇنداق كۈچ بىلەن تەپتىكى، ۋا-
راتار توپنى توسۇپ بولغۇچە توپ كىرىپ كەتتى. ناغرا ـ
سۇناي ساداسى، قىقاس ـ سۈرەن قاپلىغان مەيدان داۋالغۇپ
كەتتى. كىشىلەر ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا تەنتەنە قىلىشتى.

رېپىر توپنى ئېلىپ ئوتتۇرا مەيداننى كۆرسەتتى،
ئىككى تەرەپنىڭ نەتىجىسى بىردە بىر بولۇپ، تەڭلىشىپ
قالغاندى.

مۇسابىقىنىڭ ئاخىرىدا، ئەنگلىيە كوماندىسىنىڭ ئەزا-
لىرى ھەممىسى دېگۈدەك ئۆز مەيدانىغا قايتىپ قەيسەر-
لىك بىلەن مۇداپىئەدە تۇرغاچقا، مۇسابىقە تىركىشىش
باسقۇچىغا كىرىپ قالغاندى. ۋاقىت مىنۇت ـ سېكۇنتلاپ
ئۆتمەكتە، رېپىر توختىماي سائەتكە قارايتتى. تاماشىبىن-
لارنىڭ چىرايىدىن تاقەتسىزلىك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇ-
راتتى. مۇسابىقە ۋاقتىنىڭ توشۇش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى
كۆرگەن ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىكمۇ يو-
قىلىشقا باشلىغاندى.

توپ ئەنگلىيە كوماندىسىنىڭ پۇتىدا بولۇپ، ئۇلار ئا-
خىرقى بىر نەچچە مىنۇت ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن
ئۆز مەيدانىدا پاس بېرىشىپ يۈرمەكتە ئىدى.

تۇيۇقسىز توپنىڭ يېنىدا پەيدا بوپقالغان كېرەم ماي-
مۇندەك چاققانلىق بىلەن توپنى لېيتىنانت گرىگسېننىڭ
پۇتىدىن تارتىپ ئالدى ـ دە، ئەنگلىيە كوماندىسىنىڭ ۋا-
راتاسىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ شۇنداق تېز يۈگۈر-
دىكى، كۆرۈپ تۇرغان ھەممە ئادەم ھەيرانلىقتىن قېتىپ
قالدى. گرىگسېن بولسا، ھازىرلا پۇتىدا تۇرغان توپنىڭ
قانداق قىلىپ بۇ مۇشتۇمدەك بالىنىڭ پۇتىغا ئۆتۈپ قال-
غىنىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. كېرەم ئاجايىپ چاققانلىق
ۋە ماھىرلىق بىلەن قات ـ قات توساقلاردىن ئەگىپ ئۆ-
تۈپ ۋاراتانىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ۋاراتار ئۆزىنى كې-
رەمنىڭ پۇتىدىكى توپقا ئاتتى. كېرەم بولسا سېھرىگەر-
لەردەك بىر ھەرىكەت بىلەن توپنى ۋاراتارنىڭ ئالدىدىن
ئېلىپ كەتتىدە، قۇرۇق ۋاراتاغا قارىتىپ جېنىنىڭ بارىچە
تەپتى، توپ كىردى.

نەتىجە ئىككىدە بىر بولدى. مەيدان قاينام ـ تاشقىنلىققا
چۆمگەن، كىشىلەر سەكرىشىۋاتقان، ۋارقىرىشىۋاتقان، تو-
نۇشسۇن، تونۇشمىسۇن مەھكەم قۇچاقلىشىپ يىغلىشىۋاتقان
ئاشۇ دەقىقىدە، كونسۇل خانىمىنىڭ چىداپ ئولتۇرالماي
پەيتۇنىغا چۈشۈپ ئۆزى يالغۇز كېتىپ قالغىنىنى كىشىلەر
كۆرمەي قالدى.

رېپىرنىڭ پۈشتەك چېلىپ مۇسابىقە ئاخىرلاشقانلىقىنى
ئېلان قىلغانلىقىنىمۇ ھېچكىم سەزمىدى. تاماشىبىنلار مەي-
دانغا سەلدەك يوپۇرۇلۇپ كىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمان
توپچىلىرىنى قاتمۇقات ئورىۋالدى. ھەممە ئادەم ئۇلارغا
ئىككى ئېغىز يۈرەك سۆزىنى ئېيتىۋېلىشنى ياكى بىرەرسىنىڭ
چاپىنىنىڭ پېشىنى بولسىمۇ تۇتۇۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى.
كىشىلەر توپىنىڭ سىرتىدا ھەمرابايمۇ ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ
ئايلىنىپ يۈرەتتى. قىپقىزىل يۈزىدىكى تەرلىرىنى توختىماي
سۈرتكەچ كىشىلەر توپىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ، قىستىلىپ ئال-
دىغا ئۆتمەكچى بولاتتى. سانجاق ـ سانجاق تۇرۇشۇپ
كەتكەن ئادەملەر يول بەرمىگەندە بولسا پۇتىنىڭ ئۇچىدا
دەسسەپ، بوينىنى سوزۇپ ئىكساقلىق يۇرتداشلىرىنى

ياكى ئۆزى دائىم تىللاپ، قارغاپ يۈرىدىغان كىرەم كەچكنى، ياق كىرەم توپچىنى كۆرۈۋالماقچى، ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ، يوغان ئەركەك قوينى سويۇپ مېھمان قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتماقچى بولاتتى...

ئادەملەر توپى پىچاق بىلەن كەسكەندەك ئىككىگە ئايرىلىپ، يول ئېچىلدى. دوتەي باشلىق ئەمەلدارلار ۋە يۇرت چوڭلىرى، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى قاتارلىقلار توپچىلار بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. ھەممىسىنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن، خۇشاللىق ۋە ھەيرانلىقتىن ئاغزى گەپكە كەلمەي قالغاندى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى دومپىس ئەپەندى «ئەمگەكچى خەلقنىڭ جاھانگىرلىك ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسى»نى تەبرىكلەپ ئىكساقلىقلارغا ئىككى پۇتبول توپى تەقدىم قىلدى. توپلار ناھايىتى چىلىق، يېپىيېڭى، پارقىراپ تۇراتتى، خۇددى كىرەم بىلەن ئەنۋەرلەرنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك ئىدى.

ئىككىنچى كۈنى، يەنى 21 ـ مايدا ئىكساق پۇتبول كوماندىسى شۋېتسىيىلىك دىن تارقاتقۇچىلار، دوختۇرخانا خادىملىرىدىن تەشكىللەنگەن پۇتبول كوماندىسى بىلەن مۇسابىقىگە چۈشۈپ، ئۇلارنى يەتتىدە بىر نەتىجە بىلەن يەڭدى. مۇسابىقىدىن كېيىن مىڭلىغان خەلق ئىكساقلىق پۇتبولچىلارنى دولىسىدا كۆتۈرۈپ شەھەر ئايلاندۇرۇپ، خانلىق مەدرىسەگىچە ئاپىرىپ قويدى.

توپچىلار ئەتىسىلا ئىكساققا قايتتى. باھاۋۇدۇنباي بىلەن يۇرت خەلقى ئۇلارنى چوڭ يولغا چىقىپ كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ئىكساقلىقلار قەھرىمان توپچىلىرىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ چوڭ توي ئۆتكۈزۈپ بەردى. تويلار تويلارغا ئۇلىشىپ كەتتى. شۇ تويلارنىڭ بىرى كىرەم توپچى بىلەن مەرىگۇلنىڭ ئىدى.

ئادەملەر دېگەن قىزىق بولىدۇ. نامرات تۇل خوتۇننىڭ ئوغلى كاتتا باينىڭ يالغۇز قىزىنى ئەمرىگە ئېلىپ، باينىڭ ئەتىۋارلىق كۈيئوغلى بوپقالغاندا ھېچكىم كىرەمنىڭ توپنى نەقەدەر ياخشى ئوينايدىغانلىقىنى تىلغا ئالمىدى.

بەلكى كىرەم كىچىكىنىڭ ئانىسىغا نەقەدەر كۆيۈمچان ئىكەنلىكىنى، كىچىك ۋاقىتلىرىدا چوڭ ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى كۆپ ئالغىنىنى، ئۇنىڭ ئاشۇ ياخشىلىق ۋە دۇئالارنىڭ خاسىيىتىدە كۆكلەپ، بۈگۈنكى كۈنگە ئېرىشكىنىنى سۆزلەپ يۈرۈشتى.

ئېيۇل كىرىپ تاغ يوللىرى ئىسسىغاندا باھاۋۇدۇنباي غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئىكساق خەلقى ئۇنى يىغا ـ زار بىلەن ئۇزاتتى. باھاۋۇدۇنباي غۇلجىغا بېرىپ بىر يىلدىن كېيىن، يەنى 1928 ـ يىلى ۋاپات بولدى.

يىللار توختىماي ئۆتۈۋەردى. جاھاندا نۇرغۇن ئۆزگىرىش بولدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى لوندوندىكى «ئاركوس» شىركىتىنىڭ جاسۇسلۇق دېلوسى تۈپەيلى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكتىن قەشقەردىكى ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇللىرى بىر سورۇندا ئولتۇرمايدىغان بولدى.

بۇ يىللاردا شىنجاڭدا ئۈچ قېتىم ھاكىمىيەت ئالماشتى. ئۆلكە ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلاپ، جۇدۇن ـ چاپقۇن ئۇزۇلمىدى.

1937 ـ يىلى تۇرسۇن ئەپەندى شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلدى.

يىللار ئىكساقتىمۇ نۇرغۇن ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈردى. كىچىكلەر چوڭايدى، چوڭلار قېرىپ ئالەمدىن ئۆتتى. «ھۇسەينىيە»نىڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلىرى كەينى ـ كەينىدىن تۇتۇلدى. قىرىپ ـ چېپىلدى. ئەمما «ھۇسەينىيە» تاقىلىپ قالمىدى، ئىكساقلىقلارنىڭ پۇتبولغا بولغان ئىشتىياقىمۇ ئۆچمىدى.

1954 ـ يىلى ئىكساقتا تۇنجى پۇتبول جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

2006 ـ يىل 1 ـ ماي، شەھىرى ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: ش ئۇ ئار يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى (M1)

## مۇشتەرىلەر سەمىگە

ژۇرنىلىمىزغا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلاردا ھەر كۈنى ـ قەرەلسىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۆزىڭىز تۇرۇشلۇق جايدىكى پوچتىخانىغا ژۇرنىلىمىزنىڭ پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 22 ـ 58 نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا ئىنتايىن ئاسان مۇشتەرى بولالايسىز. شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىمەكچىمىزكى، تەھرىر بۆلۈمىمىز بىۋاسىتە مۇشتەرى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ پوچتىخانا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇشىنى سورايمىز.

ـ كامالىي ئىبھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

www.uyghurkitap.com



# مەشرەپ ۋە تېلېۋىزىيە تېكرانى

نىجات نىيازخوجا

خەلقىمىزدە ئۇزاقتىن بۇيان كېلىۋاتقان «ئالىم بولاي دېسەڭ مەكتەپكە بار، ئادەم بولاي دېسەڭ مەشرەپكە» دېگەن ھېكمەت بار. ئۇيغۇر يېزىلىرىدا ئەخلاقسىز، قائىدە ـ يوسۇندىن چەتنىگەن سوغ نەپەس، قىلىقى سەت بالىلارنى كۆرسە ھازىرمۇ چوڭلار «مەشرەپ كۆرمىگەن» دەپ ئەيىبلەيدۇ. ئەلمىساقتىن بۇيان سەنئەتخۇمار خەلقىمىزنىڭ بۇ ھايات ھەققىتىدىن سەنئىتىمىزنىڭ خەزىنە بۆشۈكى، مۇقاملىرىمىزنىڭ قۇرۇماس مەنبەسى بولغان مەشرەپلىرىمىزنىڭ ھېكمىتىنى، ئۇنىڭ چىن مەنىدىكى ئەدەب ـ ئەخلاق بىلەن سەنئەت بىرىككەن جامائەت مەكتىپى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرى تارىخىمىزدا مىللىي خاسلىقى بىلەن ئالاھىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ئەڭ ئاممىۋى، ئەڭ باي مەزمۇنلۇق ئىلمىي سەنئەت بولۇپ، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ئەر ـ ئايال ئەل ـ ئاۋام تەڭ ئىشتىراك قىلىدىغان، مۇقاملار ۋە خەلق ناخشىلىرىنى

## خەلقىمىزنىڭ سەنئەت مەكتىپى

ئاساسىي گەۋدە قىلىپ ئەلنەغمە، غەزەل ـ قوشاق، ئۇسسۇل، بېيت، قىزىقچىلىق، ھەزىل ـ چاقچاق ۋە ھەر خىل كومېدىك ئويۇن بىلەن تەركىبلەنگەن ئالاھىدىلىكى، مەشرەپلەرنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇشى، باشقۇرۇش قائىدىلىرىنىڭ قاتتىق ۋە ئىزچىللىقى، پېشقەدەملەر ۋە ئاياللارغا ئىپادىلەنگەن ئالاھىدە ھۆرمەت، شېئىر ـ قوشاق مەزمۇنلىرىدىكى پاكلىق ۋە سەمىمىيەت؛ جەمئىيەتكە ئەدەب ـ ئەخلاق ئۆگىتىدىغان، خەلقىمىزنىڭ سەنئەت ھۇزۇرىنى ئاشۇرىدىغان رولى بىلەن ئىجتىمائىي جامائەتچىلىك بويىچە جانلىق ئەخلاق مەكتىپى، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاق ئۆگىنىدىغان سورۇنى بوپكەلمەكتە.

ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇقام ـ مۇزىكىچىلىقىمىزنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى بولغان مەشرەپلىرىمىز ئالەمگە مەشھۇر «مۇقام ـ مەشرەپ دىيارى»، «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى» شىنجاڭدا تولىمۇ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن، ئاتا ـ ئەجدادلىرىمىز ئىجاد قىلغان، ئۈزلۈكسىز بېيىتقان كاتتا سەنئەت مىراسى بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ ھاياتى ۋە تىرىكچىلىكىگە ئاب ھاۋاغا ئوخشاش سىڭىپ كەتكەن جان سەنئىتىدۇر. تارىختىن بىرى يەر يۈزىدە سەنئەت مىجەزى يوق، سەنئەت تۇيغۇسى ئۆلگەن ياكى سەنئەتنى يات كۆرىدىغان بىرمۇ ئۇيغۇر نەسلىنى ئۇچراتقىلى بولمىغاندەك، مەشرەپتىن ئىبارەت

جان سەنئىتىنمۇ خەلقىمىزنىڭ ئارىسىدىن ھازىرغىچىلىك جىنىمىز، قېنىمىز، غۇرۇرىمىز، ۋىجدانىمىز، سۆزىمىز، ئىزىمىزنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئۇچرىتىپ، قەدىرلەپ كەلمەكتىمىز. مەشرەپلىرىمىزدىكى غەزەل ـ قوشاقلار، بېيىتلار، ھەزىل ـ چاقچاقلار، تېپىشماقچىلىق، قىزىقچىلىق، گەپدانلىق، ھەرخىل دورامچىلىق، مەسخىرىۋازلىق، لاپخورلۇقلارنى چۆرىدىگەن تۈرلۈك ئىشق كۈي ـ نەغمىچىلىكى، چالغۇ ياكى چالغۇلۇق ھەرىكەتلەر بىلەن بىرىككەن چۆچەك، تارىخ، ۋەقەلەر، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، تەنە ـ دارىتمىلار، ئەگىتمە ـ قاس چىقىرىشلار ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش تۇرمۇش تېمىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان داستانچىلىق ۋە تۈرلۈك كومېدىك ئويۇنلار تاغدەك تۇرمۇش غېمى ۋە ئەزىيەتلەردىن پۈكۈلمەيدىغان، قانچە ـ قانچە رىيازەت ـ دىشۋارچىلىقتىن تۈگىشىپ كەتمەيدىغان قىزغىن، خۇشچاقچاق، ئۈمىدۋار، سەنئەتخۇمار تولىمۇ قەدىمىي بىر مۆتىۋەر مىللەتنىڭ قەلب تارىخىنى سۆزلەپ تۇرىدۇ. مەشرەپلىرىمىزدىكى ئارسلان سۈپەت يىگىتلەرنىڭ مەردانە، جۇشقۇن، ھەيۋەتلىك ئۇسسۇللىرى سامادا پەرۋاز قىلىۋاتقان قىران بۈركۈتلەرنى ئەسلەتسە، قىز ـ جۇۋانلارنىڭ نەپىس، لاتاپەتلىك ئۇسسۇللىرى سۇ بويىدا مۇلايىم تەۋرىنىپ تۇرغان ئەۋرىشىم مەجنۇنتاللارنى، سەھەر شامىلىدا يەڭگىل تەۋرىنىۋاتقان گۈل ـ چىمەنلەرنى ئەسكە سالىدۇ. مەشرەپلىرىمىزدىكى تولىمۇ ئەدەب ـ ھايالىق بەزمە ـ باراۋەتلەر جۇشقۇن ـ لاۋزا ناخشا ـ كۈي، تېتىقسىز ـ بىمەنە پاراڭلارغا تولغان بۈگۈنكى شارابخور سورۇنلىرىمىزدىن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىقتۇر. مەشرەپلىرىمىزدە خىزىر سۈپەت ئاپئاق ساقال بوۋايلار ئۇزاق تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ساتارىدىن ياش بوغۇنلارغا مۇڭ تۆكۈپ، ھېكايە ـ چۆچەك ئېيتىپ، تارىخىي داستانلارنى ئوقۇپ، ئۆگۈت ـ نەسىھەتلەرنى قىلىپ، ئۇلارنى ئۆز ئەجدادى ئىزىدىن چەتنىمەيدىغان ۋاپالىق، تەندۇرۇس، ھالالچى ئادەم بولۇشقا ئۈندەيدۇ ۋە بۇ ئەنئەنىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇشنى تەركىسىز جامائەت ئادىتى سۈپىتىدە ئۇدۇم قىلىدۇ؛ باللارنى يىلىكىدىن تەربىيىلەشنى ۋىجدانىي بۇرچى، ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ پەرزى ھەم قەرزى، دەپ بىلىدۇ؛ قەيەردە ئەدەب ـ ئەخلاق، ديانەت، نومۇس بولمىسا شۇ يەرنىڭ، شۇ ئەلنىڭ بەخت ـ ئىقبالى، رىزقى ـ ھالاۋىتى، مىللىي شۆھرىتى زەبۇنلۇققا يۈز تۇتىدۇ؛ شۇ ئەل، شۇ قوۋمنىڭ قىيامىتى ـ نەسلىكى باشلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ.

بۈگۈنكى «يەر شارىلىشىش» دولقۇنىدا يەرلىك مىللىي مەدەنىيەتلەر غەرب مەدەنىيىتىنىڭ رەھىمسىز زەربىسىگە ئۇچراپ، ئېغىر كرىزىسقا دۇچ كەلدى. بۇرۇنقى ئېسىل ئادەتلەر، ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇللىرى ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ، ئەنئەنىنى يىلتىز قىلغان ئىلمىي، ئەقىلگە مۇۋاپىق يېڭىچە تۇرمۇش شەكلى تۈزۈك تىكلەنمىگەن شارائىتتا ئادەملىرىمىز تېڭىرقىغان، گاڭگىرىغان ھالدا يېڭى ئەسىرگە كىرىپ كەلدى. غەربنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، قىقاس ـ چۇقانلىق ئەسەبىي جاز مۇزىكىلىرى، ئۇيغۇر روھىيىتىگە يات چۈشكۈن، ئازغۇن ناخشا ـ كۈيلەر ياشلارنى ئۆز ئەنئەنىسى، مەدەنىيىتى، سەنئىتىدىن چەتنىتىپ، ياتلاشتۇرۇپ ئىجتىمائىي گاسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ماددىي تەرەققىياتقا قارىغۇلارچە مەستخۇش بولۇش، مىللىي ئىنكارچىلىق كۈچەيگەن، چېكىدىن ئاشقان مەنپەئەتپەرەسلىك توسالغۇسىز يامرىغان، تەبىئەت، ئادەم، ھەقىقەت، ئەقىدە، سەنئەت ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلغان يېڭىچە مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىدا نەچچە مىڭ يىل داۋام قىلغان مەشرەپلىرىمىزنىڭ تەقدىرى ئېغىر ۋە رەھىمسىز خىرىسقا دۇچ كەلدى. 1990 ـ يىللاردىن كېيىن تېلېۋىزىيىنىڭ مىسلىسىز تەرەققىياتى بىلەن مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ئائىلىسى تېلېۋىزور كۆرەلەيدىغان بولدى. تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگىچە ئومۇملىشىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ 80% تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدىغان ئۇيغۇر يېزا ـ قىشلاقلىرىدا ئەسلىدە كىنو ـ تېلېۋىزىيىنىڭ رولىنى ئۆتەپ كېلىۋاتقان مەشرەپ سورۇنلىرى چۆلدەرەشكە باشلاپ، ئىلگىرى پەقەت مەشرەپ سورۇنلىرىدىلا ھۇزۇرلىنىشقا بولىدىغان سەنئەت ۋە ئەلنەغمىنى كىشىلەر ئەمدى ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپلا بىمالال كۆرەلەيدىغان بولدى. ئۇزاق تارىختىن بۇيان باغۇ ـ بوستانلار، تال باراڭلىق ھويلىلار، ئايۋان ـ سارايلار، دەريا بويلىرى، ئېتىز باشلىرى، مالچىلار قوشلىرى، تاغ ئارىلىرى، چۆل ـ باياۋانلار... دا ئويناپ قانمايدىغان، باللار دەرەخ شاخلىرىغا قونۇۋېلىپ قىقاس ـ چۇقان بىلەن كۆرىدىغان مەشرەپلەر، سۈتتەك ئايدىڭدا ياش بوغۇنلار ئۆگزىلەردە، خامانلاردا، تونۇر باشلىرىدا خىزىر سۈپەت بوۋايلارنىڭ ساتارىغا قۇلاق يېقىپ ئاڭلايدىغان ساماۋى چۆچەكلەر، مۇقام ـ ئەلنەغمىلەر، جەڭنامە ـ داستانلار ھازىر ئۆتمۈشكە ئايلىنىشقا باشلىدى... ئادەمگە ھاياتنىڭ تەپتىنى ھېس قىلدۇرىدىغان قايناق مەشرەپ سورۇنلىرىنىڭ ئاز ـ ئازدىن يوقاپ، ئورنىنى غەربنىڭ ئەبجەش مۇزىكىلىرى ۋە ناجىنس سەنئەتنىڭ تۇمانلىرى ئىگىلەشكە باشلىغانلىقى كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىق. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ تۈرى 120 ئەتراپىدا ئىكەنلىكى مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىدۇ. ھازىر ئۇ مەشرەپلەردىن قانچىسى قالدى؟

يىگىتلەر ئوينايدىغان ئات ئۈستىدىكى چەۋەندازنىڭ، جەڭگاھتىكى باتۇرنىڭ، كۆك قەرىدىكى بۈركۈتنىڭ ئوبرازىنى بېرىدىغان مەردانە ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتلەرنىڭ ئورنىنى ئەركەكلىككە يات غىلجىڭ، ياسىما، نايناق ھەرىكەتلەرنىڭ ئېلىشى، قىز ـ ئاياللارنىڭ نەپىس، سىپايە، لاتاپەت يېغىپ تۇرىدىغان ئۇسسۇللىرىنىڭ بارغانسېرى قوپال ۋە ئۇياتسىزلىشىپ بېرىشى، ئەخلاقىي يۈكسەكلىكنى ئۇل تېشى قىلغان سەنئىتىمىز ئۈچۈن ھاقارەت، ئەلۋەتتە.

بىر مىللەت ئۆزىنىڭ بىباھا ئەنگۈشتەرلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقاندا، مەۋجۇدلۇقىنىڭ تۈپ بەلگىسى بولغان مەدەنىيەت ۋە سەنئىتى رەھىمسىز خىرىسقا دۇچ كەلگەندە، مىللەتنىڭ ۋىجدانىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەقلى ئويغاق، پىداكار ئەزىمەتلەر ھەرقاچان چىقىدۇ. ئۇلار خۇددى غەپلەت ئۇيقىدا ياتقان بىغەملەرنى ئويغاتقۇچى تاڭدىكى خورازغا ئوخشايدۇ.

شۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشالىمىزكى، مىللىي، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە روھى ئويغاق كىشىلىرىمىز بولغاچقا، پەقەت يىراق سەھرا ـ قىشلاقلار ۋە بەزى كوچا ـ مەھەللىلەردە ئاندا ـ ساندا ئوينىلىدىغان، چوڭلارنىڭ نەزەرىدە ئىپتىخارلىق ئەسلىمە، شېرىن خاتىرىلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن تەۋەررۇك مەشرەپلىرىمىز مانا ئەمدى تېلېۋىزىيىدىن ئىبارەت زامانىۋى تارقىتىش ۋاستىسىدا ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىك بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساستا زامانغا خاس يېڭىچە قىياپەت بىلەن رەسمىي پروگراما سۈپىتىدە ئېكرانغا چىقىپ ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە سېھرىي كۈچىنى قايتا نامايان قىلىشقا باشلىدى. مەشرەپلىرىمىزنىڭ تېلېۋىزىيە ئېكرانىغا چىقىرىلىشىنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، سەھنىلەشتۈرۈش، نەشر قىلىش، زامانىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرى ئارقىلىق خەلقىمىز ۋە بۈگۈنكى دۇنيا بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشتەك

www.uyghurkitap.com

بۈيۈك ئىلمىي ئەمگەك بىلەن بىر قاتاردىكى ئۇلۇغ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، يېڭى ئەسىردىكى ئەنئەنە ئاساسىدىكى مەدەنىيەت ئويغىنىشى دېيىشكە ھەقلىقمىز. بۇ خەيرلىك ئىش 2002 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن «ئارمان» مەشرىپىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا ھازىرغا قەدەر 48 سان «مەشرەپ» پروگراممىسى نەتىجىلىك ئىشلىنىپ، خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت ـ ئوبلاست، ناھىيە ـ شەھەر، شىركەت ـ كارخانا، ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملار... ھەر نۆۋەتلىك مەشرەپنىڭ ساھىبخانى بولۇپ، مەشرەپلىرىمىزنىڭ ئەسلىي ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئۇزاق زامانلاردىن شەكىللەندۈرگەن سەنئەت ئۇسلۇبىنى يېڭى دەۋرگە، خەلقنىڭ كۆزدىن ـ كۆڭگە يېڭىلىنىپ، ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىنى، سەنئەتتىن بەھرىلىنىش ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىگە خاس شەكىللەر بىلەن تىرىشىپ ئىزدىنىپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتىش ئارقىلىق كۆرۈش، ھۇزۇر ئېلىش قىممىتىنى ئاشۇرۇپ، بەدىئىي كامالىتىنى تىكلەۋاتىدۇ. مەشرەپلىرىمىز تېلېۋىزىيىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن ئۆز ـ ئۆزىمىزنى تونۇيدىغان ھەم تونۇتىدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر كۆزنەككە ئايلاندى؛ خەلقىمىز تەشنالىق بىلەن ياقتۇرۇپ كۆردى؛ يىراق يېزا ـ قىشلاقلاردىن تارتىپ شەھەرلەرگىچە مەشرەپ توغرىسىدا پاراڭ ـ سۆھبەتلەر قىزىيدىغان بولدى. ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلۇپ، تارىخنىڭ توزانلىرىغا كۆمۈلۈش ئالدىدا تۇرغان بۈيۈك ئەڭگۈشتەر ـ مەشرەپلىرىمىز تېلېۋىزىيە ئېكرانىدا زامانغا خاس يېڭىچە شەكىللەر بىلەن ئۆزىنى قايتا نامايان قىلىپ، خەلقىمىزگە ئۆزىنى، ئاتا ـ ئەجدادلىرىنىڭ كۈرەشچان ـ يالقۇنلۇق، شانۇ ـ شەۋكەتلىك تارىخىنى، تارىخىمىزدا ئۆتكەن ئاجايىپ ئۇلۇغ ئادەملىرىمىزنى، ئۇنتۇلۇشقا يۈز تۇتقان ئېسىل ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئەخلاق مىزانلىرىمىزنى... قىسقىسى، خەلقىمىزنىڭ ئېتنىك سالاھىيىتى ۋە مىللىي كىملىكىنى تونۇتىدىغان مەدەنىيەت خۇرۇچلىرى بىلەن مەنىۋىيىتىمىزگە «ئىقان» تولۇقلاپ، مىللىي سالاھىيىتىنى قايتا بايقاش ۋە قۇرۇپ چىقىشتا زۆرۈر بولغان مۇناسىپ مەنىۋى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەۋاتىدۇ. تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتىنى ئۆز مەنىسى بىلەن چۈشىنىش دېگەن مانا شۇ.

تېلېۋىزىيە مەشرىپى يېڭى شەيئى بولغانىكەن، ئۇ ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش، مۇكەممەللىشىش، ئەنئەنە ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىپ يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشكە، خەلقىمىز تېخىمۇ ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان يېڭى ـ يېڭى شەكىللەر ئۈستىدە ئىزدىنىشكە، چىن مەنىسىدىن ھەقىقىي مەشرەپكە تېخىمۇ ئوخشىشىغا موھتاج. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، مەشرەپلىرىمىزنىڭ بۈگۈنكى دۇنياغا خاس يېڭىچە قىياپەت بىلەن جەمئىيەتلىشىشى، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ئەمگەكچان، سەنئەتخۇمار خەلقىمىزنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئىشتىراك قىلىشى، ئەدىب ـ سەنئەتكارلىرىمىز ۋە تېلېۋىزىيە خادىملىرىنىڭ يەكدىللىق بىلەن ئىزدىنىش ئىچىدە يول ئېچىشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاق، سەنئەت مەكتىپى بولغان مەشرەپلەر تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە تولۇپ، خۇددى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىدەك دۇنيادا ئۆزىنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى نامايان قىلغۇسى.

---

ئاپتور: شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇيغۇر ئاخبارات ئۇنىۋېرسال قانىلى ئەدەبىيات ـ سەنئەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى (M2)

# تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك:

1. ئاپتورلار كونۋېرتقا ۋە ئەسەرگە ئىسىم ـ فامىلىسى، كەسپى، ئادرېسىنى ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقلىرىدا ئېنىق ۋە تەپسىلىي يېزىشى، ئالاقىلىشىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن تېلېفون ۋە يانفونى بارلار ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك.

2. ئەسەرلەر ئۆلچەملىك ماقالە ياكى ئىش قەغىزگە قۇر ئارىلىقى كەڭ، ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن يېزىلىشى كېرەك. بەتنىڭ ئاستى ـ ئۈستىدىن مۇۋاپىق ئاق تاشلانمىغان، ئالدى ـ ئارقىسىغا يېزىلغان، ئىملاسى سەت، قۇر ئارىلىقى زىچ، سۆز ـ جۈملىلەر گرامماتىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ. كومپيۇتېردا باستۇرۇپ ئەۋەتىش شەرت ئەمەس.

3. ئەسەرلەردە ئېلىنغان ستاتىلارنىڭ ئاپتورى، بېسىلغان كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى، نەشر قىلغان نەشرىياتلار ئېنىق، توغرا، ئەينەن ئەسكەرتىلىشى كېرەك. مەزكۇر تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

4. تەرجىمە قىلىنغان ياكى نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە، نەشر قىلغان گېزىت ـ ژۇرنال، نەشرىياتلارنىڭ نەشر قىلغان ۋاقتى، نەشر خاتىرىسىنى قوشۇپ قويۇشى كېرەك. بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

5. يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئاپتورلار، بولۇپمۇ دېھقان ئاپتورلار ئۆز ئادرېسلىرىنى يازغاندا، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق كەنتلەرنى ئانچىنچى كەنت، مۇنچىنچى كەنت دەپ سان ـ رەقەم بىلەن ئالماي، شۇ يەرلىك ھۆكۈمەت ئورناتقان يەر ـ جاي ناملىرى تاختىسىدا يېزىلغىنى بويىچە ئەسلىي ئاتىلىشى بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىگە توغرا يېزىشى كېرەك.

6. ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ژۇرنالغا بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلىكىنى ژۇرنالدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ، تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتۈرۈش ھاجەت ئەمەس. زۆرۈر تاپسا تەھرىراتىمىز ئاپتورلار بىلەن ئۆزى ئالاقىلىشىدۇ.

7. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن بويىچە جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رادىئو ئىستانسىلىرى ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەرلەرنى ئاڭلاتقاندا ژۇرنىلىمىزدىن ئېلىنغانلىقىنى ئېنىق ئەسكەرتىشى كېرەك.

8. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاشقا تېگىشلىك دەپ قارالغانلىرىدىن باشقىلىرى بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا ئاپتورلار ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىدە بىر نۇسخا ساقلاپ قېلىشى كېرەك.

9. پوچتىدىن قەلەم ھەققى سېلىشتا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە كىملىكىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئۆز يازمىسىغا چاپلاپ ئەۋەتىشى كېرەك.

ـ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە پەقەت ئاتا ـ ئانىلا بالىسىنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشىنى خالايدۇ، باشقا ھەر قانداق ئادەم باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشىنى خالىمايدۇ.

ـ ئادىلجان مۇھەممەت (يالقۇني)

---

ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2004 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئاسان باش لىڭشىتىدىغانلار ئاساسەن نادانلاردۇر؛ ئاسان باش چايقايدىغانلار ئاساسەن دانالاردۇر.

▲ قايسى ساھەدىن سۆز ئېچىلسا، بىلمەن دەپ كۆرەڭلەش، بىلمەسلىك ئۈچۈن يېتەرلىك ئىسپات.

## تەپەككۇر كۆزى

▲ بەزىلەر تېلېۋىزورنى «دىلبۇزۇر» دېدى، يەنە بەزىلەر «دىلھۇزۇر» دېدى. مەن دەيمەن، تېلېۋىزىيىنىڭ ھەممە پروگراممىسىنى قوبۇل قىلسىڭىز «دىلبۇزۇر»، تاللاپ قوبۇل قىلسىڭىز «دىلھۇزۇر».

▲ بىر ئادەم سۆزلەۋاتقاندا، گېپىنى قايپەلدىن ئۈزۈۋېتىدىغانلار، ئۆز ئىشىنمۇ ئاخىرىغا ئېلىپ بارالماي يېرىم يولدا قالىدىغانلاردۇر.

▲ قەلەم ئەھلىنىڭ ئۆز يازمىلىرىدا پالانى كىشى (ئالىم) مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئىزاھلىشى (تەۋسىيە قىلىشى) بىر بولسا قاتتىق ھۆرمەت قىلغانلىقىدىن، بىر بولسا مەسئۇلىيەتتىن قاچقانلىقىدىن.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ھەقىقەتنى تەرغىب قىلغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئورنى بولسا، بۇ باشقىلار تەرىپىدىن «ھەققانىيەتچى» دەپ ئاتىلىدۇ، ئەكسىچە بولسا «ساراڭ» دەپ ئاتىلىپ قالىدۇ.

ـ مەتتۇرسۇن ئىمىن

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە سۇچىلىق ئىدارىسى ئاقسارايى يېزا سۇ

باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى

## قىرتاق پىكىرلەر

▲سىياھ قارا بولغىنى بىلەن، ئۇۋۇتى كەلگەندە بىر قوتا سىياھ بىلەن تالاي قەلبكە يورۇقلۇق ئاتا قىلغىلى بولىدۇ.

▲ئادەملەرنىڭ قەلبى بۇلغانغاندا، ئەتراپتىن ئۇلارنى تەسىرلەندۈرگۈدەك ھېچبىر ئىشنى تاپقىلى بولمايدۇ.

▲ئەيىبىڭنى باشقىلار ئاچسا كۆڭلۈڭ يېرىم بولىدۇ، لېكىن ئۆزۈڭ ئاچساڭ كۆڭلۈڭ يورۇق بولىدۇ.

▲سودىگەر كۆپەيسە، يالغانچىلىق خۇددى ئېپلاندەك ئەۋج ئالىدۇ.

▲ۋىجدان ئازابى، كۆڭۈلدىكى يۇيۇپ چىقىرىۋەتكىلى بولمايدىغان داغدۇر.

▲مەن ھازىرغىچە تالاي ناخشىنى ئاڭلىدىم. لېكىن كىچىك چاغلىرىدا ئانام رەھمەتلىك ئېيتقان «ئەللەي ناخشىسى»دەك مۇڭلۇق ھەم سېھىرلىك ناخشىنى تېخى ئاڭلاپ باقمىدىم.

▲مەن ياشلىقتا قەدەم باسقاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە ئىككى نەرسىدىن زادىلا ئايرىلالمىدىم: ئۇلارنىڭ بىرى كىتاب، ئۇ مېنىڭ دىلىمنى يورۇتىدۇ، مېنى ئادەمىيلىككە ئۈندەيدۇ؛ يەنە بىرى تاماكا، ئۇ مېنىڭ يانچۇقىمغا چۈشكەن مىتە، شۇنداقلا تېنىمنى زەھەرلەيدۇ. ھالبۇكى، ھازىرغىچە مەندىن كىتاب سورايدىغانلار تولىمۇ ئاز، لېكىن تاماكا سورايدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگىنى يوق.

▲ساختىلىقتا ئادەتلەنگەن ئادەمگە دۇنيامۇ ساختىدەك تۇيۇلىدۇ.

— ياسىنجان ئۆمەر

ئاپتور: پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزا 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتى يۈرەكنى تىترىتىدىغان گەپلەرنى قىلغاندا ئەمەس، يۈرەكنى تىترىتىدىغان ئىشلارنى قىلغاندا ئاندىن ھەقىقىي ئۇلۇغلۇق ماقامىغا يەتكەن بولىدۇ.

— قاھار تۇرسۇن

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى داۋالاش كەسپى 2003 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲يالاشقان ياراشماس، تالاشقان ئېرىشمەس.

▲سىنالمىغان سانالماس.

▲بۇزۇلغاننى بۇزۇلدى دېيىش خەۋەرنىڭ مەجبۇرىيىتى، بۇزۇلغاننى ھېس قىلدۇرۇش سەنئەتنىڭ مەسئۇلىيىتى.

▲ئۆلۈم ئۆلۈمتۈكتىن، ئىنساب نائەھلىدىن بىزار.

▲بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى تىلىدىن ئەمەس، دىلىدىن ئاختۇر.

▲ئۆزىنى باشقىلارنىڭ باھاسىدىن ئىزدەش گاھىدا ئەخمەقلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى ساڭا باھا بېرىشكە ئالدىرايدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى سېنى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەردۇر.

▲ئۆزىنى سۆيگەنلەر شان ـ شەرەپكە ئېرىشىدۇ، شان ـ شەرەپنى سۆيگەنلەر ئۆزىنى يىتتۈرۈپ قويىدۇ.

— نامانجان تۇرسۇن قاراتېكىن

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە ئاچچىق يېزا «قاراتېكىن سەنئەت كومپيۇتېر» مەركىزىدە.

▲«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بىر ئادىل تارازىغا ئوخشايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا تۇرمۇشنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلاملىرىدىكى ئالىم ـ تەتقىقاتچى، يازغۇچى ـ شائىرلاردىن... تارتىپ تۇرمۇشنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلاملىرىدىكى دېھقانلارغىچىلىك ئۆز يۈرەك سۆزلىرىنى يازالايدۇ.

— مەرەمخان ئابدۇللا

ئاپتور: چىرا ناھىيە دامكۇ يېزا ئىلىكئۆستەڭ كەنتىدە، دېھقان

▲زومىگەرلىكنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ـ ياۋاشنى بوزەك قىلىش، ياماندىن قورقۇش.

▲باشقىلارغا ئىشىنىش ساددىلىقنىڭ، ئۆزىگە ئىشىنىش ئىرادىنىڭ ئىپادىسى.

▲مۇھەببەت ـ ئېرىشەلىگەنلەرگە شېرىن، ئېرىشەلمىگەنلەرگە لەززەتسىز، ئېرىشىپ مەھرۇم بولغانلارغا ئازاب.

— ئادىل يۇنۇس

ئاپتور: مەكىت ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئەخلاقىمىز ۋە ئەقلىمىزنى يېتەكلەش ۋە بېيىتىشتەك ئۇلۇغۋار، بۈيۈك ۋەزىپىنى غەرەزسىز زىممىسىگە ئالغان پاراسەتلىك پەرۋىشكاردۇر.

— ئىنايەتۇللا مۇھەممەت

ئاپتور: قومۇل ۋىلايەت 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەكلىپلىك ئوقۇتقۇچىسى

▲ھاياتىدا نومۇسى يوق ئادەم، ماماتىدا جامائىتى يوق مېيىتتۇر.

— پاشاگۈل تۇرسۇن

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىزىمات فاكۇلتېتى ماتېماتىكا كەسپى 2002 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲نامەردنىڭ ۋەدىسى، ھۆرۈننىڭ شېرىن چۈشى، بىۋاپانىڭ مۇھەببىتى، بېخىلنىڭ ساخاۋىتى مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشماس.

▲ئەڭ چوڭ خاتالىقىمىز، تاللاشقا دۇچ كەلگەندە دائىم باشقىلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلغانلىقىمىزدا، ئەڭ ئازابلىق ئىش، خاتالىقىمىزنى بىلگەن چېغىمىزدا ئارقىمىزغا قايتىدىغان يولنىڭ يوقلۇقىدا.

— تۇرسۇنگۈل ئىمىننىياز

ئاپتور: جۇڭگو خەلق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدىن ئاتا ـ ئانامدىن ئالالمىغان تەربىيە ـ نەسىھەتلەرنى ئالدىم.

▲ئۆزىڭىزگە قانچىكى سەممىي بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنى ۋە ئۆزگىنى شۇنچە ئېنىق كۆرەلەيسىز.

— قايىنام

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲بىز گەرچە چاپچىپ تۇرغان تايچاق بولساقمۇ، ئەمما جەمئىيەت سوزۇلۇپ ياتقان يايلاق ئەمەس، يول تېخى ئۇزۇن... بەكمۇ ئۇزۇن...

ـ ھەجەرگۈل يەھيا

ئاپتور: قۇمۇل شەھەر راھەتباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇق 2 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

### تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ كۈلسەڭ يۈزۈڭگە، يىغلىساڭ يۈرىكىڭگە قورۇق چۈشىدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكلىرى ئۈچۈن ياقاڭنى چىشلەشتىن بۇرۇن ياقاڭنىڭ پاك ياكى پاك ئەمەسلىكىنى ئويلاپ قوي.

▲ ئۆزۈڭ بىر قوللۇق باققان ئىتىڭغا ئاش بېرىشنى توختاتساڭ، ئۇ بىر بولسا ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ، بىر بولسا ئاچچىقتىن سېنى چىشلەيدۇ.

▲ تاشقى تاجاۋۇزچىلىق، ئىچكى نىزانى تۈگىتىدىغان مۇھىم ئامىل.

ـ نۇرمۇھەممەتجان مەككە

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە ئاقتاش يېزا پوچتا پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى

### ئويلانمىلار

▲ ھازىر جەمئىيىتىمىزدە ئەينەككە قاراپ كىيىمنى تۈزەشتۈرىدىغانلار ئىنتايىن كۆپىيىۋاتىدۇ، لېكىن ئەتراپقا قاراپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرىدىغانلار ئىنتايىن ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ.

▲ بۇزۇپ ـ چېچىلغان پۇل ھەرگىزمۇ ئىگىسىنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە كەلگەن ئەمەس.

▲ تىل ـ يېزىق مىللەتنىڭ تۆۋرۈكى، مەدەنىيەت بولسا يۈرىكىدۇر.

ـ ئابدۇمجىت يۇنۇس

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 3 ـ يىللىق 10 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

### بارلىق ئاستىدىكى تەلقىنلەر

▲ ئېرىشكەن نەرسىمىزنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلالماسلىق بەختسىزلىكىمىزنىڭ، ئېرىشەلمىگەن نەرسىمىزنىڭ قىممىتىنى چوقۇرۇپ مەسخىرە قىلىش غايىسىزلىكىمىزنىڭ سەۋەبى بوپقالىدۇ.

▲ زامانىمىز كىشىلىرى ئالدى بىلەن بىر نەرسىگە قول ئۇزىتىدۇ، قولى يەتمىگەندە تىلىنى ئۇزىتىدۇ.

▲ مۇئەييەن ئىرادە ۋە قەيسەرلىكتىن ئايرىلغان پاراسەتنىڭ رولى پەقەت ئۆز ئىگىلىرىنى تاشقى مۇھىتقا شەرتسىز ماسلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت، خالاس.

▲ رىياكار ساخاۋەتچى ئۆز ساخاۋىتىنىڭ بىر قېتىملىق ئۈنۈملۈك تەشۋىقات بوپقېلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ.

▲ بىز چوڭلارنىڭ: «نان ئۇۋىقىغا دەسسىمە، يامان بولىدۇ» دېگەن گەپلىرىنى ئەۋلادلارغا خۇراپىيلىق دەپ چۈشەندۈردۇق. ئەمەلىيەتتە ئەۋلادلار شۇ قارىشىمىزنىڭ تەسىرىدە ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ يۈرىكىنى دەسسەپ ماڭماقتا.

▲ پەيلاسوپنىڭ دىپلومى يوق. ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ تەپەككۇر چوڭقۇرلۇقى ئارقىلىلا تونۇلىدۇ.

▲ شۇنداق كەمچىلىكلەر باركى، دەل شۇ كەمچىلىك ئارقىلىق سەن ئەتراپىڭدىكى كىشىلەرگە قارىغاندا تولىمۇ بۈيۈك، تولىمۇ شۆھرەت ـ لىكسەن.

▲ باشقىلارنىڭ غەلبىسىنى ئېتىراپ قىلغان ۋاقتىمىزدىلا ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ مەغلۇبىيەت سەۋەبىنى قېزىپ چىقىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايمىز.

▲ ئىنسانلار ئارىسىدىكى سۆيگۈنى شەھەرلەردە مەنپەئەت تارازىسى بىلەن، يېزىلاردا ساپ كەچمىش تەسىراتلىرىمىز بىلەن چۈشىنىپ يېتىمىز.

▲ تەبىئەتنى ھەر بىر قېتىم سۆيگىنىڭدە، روھىڭنى بىر قېتىم پاكىزلاپ ماڭىسەن.

▲ ۋەدە قانچە شېرىن بولغانسېرى ساختىلىق ئېھتىماللىقى شۇنچە زور بولىدۇ.

▲ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى رەزىللىكنى مەڭگۈ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ بۇ جەھەتتە قىلالايدىغان ئىشىمىز پەقەت ئاشۇ رەزىللىكنىڭ ئارىسىدا ياخشىلىقنىڭ مۇتلەق نوپۇزىنى تىكلەشتىن ئىبارەت.

▲ قەھرىدىمۇ مۇھەببەت ـ سۆيگۈ بار. بىراق بۇ پەقەت بەزىلەرنىڭ ئۈمىد قىلمايدىغان، بەزىلىرىمىز قوبۇل قىلالمايدىغان شەكىلدىن ئىبارەت، خالاس.

▲ مەن ئانىلارنى چۈشىنىمەن. ئۇلار ئۆز ۋۇجۇدىدا ئۆز پەرزەنتى ئۈچۈن قۇربان قىلىشقا ئەرزىيدىغان نەرسىلەرنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ؛ مەن دادىلارنى چۈشىنىمەن. چېلىشلاردا يېقىلساق ئۇلار نومۇستىن ئۆلىدۇ.

▲ بىر قەلب بىر دۇنيادۇر. نۆۋىتى كەلگەندە بىر قەلب يەنە سانسىز دۇنيادىن ئىبارەت.

▲ سۈكۈت بولسا، گۈزەللىكنىڭ دائىمىي تىلى، ھەققەت ئۈچۈن بولسا تەڭقىسلىقتىن ئىبارەت.

▲ ھەقىقىي سەنئەت ئىنسانىيەتنى ئۆزلۈك ـ زوق قىممەت نۇقتىسىدىن شەرھلەپ، ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ چىنلىق نۇقتىسىغا چەكسىز ياندىشىدۇ. ئىنسانىيەتنى قايتىدىن يارىتىش بولسا، پەيلاسوپلار بىلەن سىياسىيونلارنىڭ ئورتاق بۇرچىدۇر.

▲ بەزىلىرىمىز ھېكمەتلەرنى كاللىمىزغا چۈلغۈۋېلىشقا ئامراق كېلىدىكەنمىز، ئەمما بەزىلەرنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىنىڭ ئۆزىلا بىر گۈزەل ھېكمەتتىن ئىبارەت.

ـ مەتناسىر ياسىن

ئاپتور: تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە تاجىكئاباد بازارلىق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتچىسى

* * *

▲ زىرائەت پەرۋىشكە موھتاج بولغىنىدەك، خەلقىمىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا موھتاج.

ـ ئەمەتجان ئابلىمىت

ئاپتور: قەشقەر شەھەر سەمەن يېزىسىدا، دېھقان

### تەنھا خىياللار

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى ئادەم بىلەن «ئادەم»نى سېلىشتۇرىدىغان سىرلىق ئەينەك، ئۆز ـ ئۆزىمىزنى دەڭسەيدىغان خاسىيەتلىك تارازا ئىكەن.

▲ ئەسلىشلىك ئېھتىياج تۇپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى ئەقىدە

تۆپەيلىدىن بولسا مەڭگۈ قەدىرلىنىدۇ.

▲ھاياتنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىدا ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىمىزدا.

ـ ئەمەتجان تۇردى (رەھىمى)

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە «ئۇچقۇن» كومپيۇتېر مۇلازىمەت مەركىزىدە

**«چېچەك»نىڭ تۈنجى تەپەككۇرى**

▲بىزنىڭ ئايرىمخانىلاردىكى ئەرلەرگە ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرغان قىزلىرىمىز ئەمەلىيەتتە «گۈزەل نازىنىن» تىلەمچىلەردۇر.

▲قىزلارنىڭ پۇشايمىنى ـ بىر بولسا شېرىن سۆزگە ئىشەنگەنلىكىنىڭ، بىر بولسا پۇل ـ بايلىققا ھەۋەس قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

▲ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر ئازاب ـ مۇھەببەت ئازابىمۇ ئەمەس، يېقىن كىشىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئازابىمۇ ئەمەس، دەل ئىنسانىنىڭ كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتى يوقالغاندىكى ئازاب.

▲ئۆزىنى تونۇشنى بىلمىگەن كىشى قىممىتى يوق گۆھەرگە ئوخشايدۇ.

ـ ھاۋاگۈل ئەمەت

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىزىمات فاكۇلتېتى ماتېماتىكا كەسپى 2003 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بىلەن نېمىشقا شۇنچە كېچىكىپ تونۇشقاندىمەن، دەپ خورسىنىپ ژۇرنالنى قولۇمدىن چۈشۈرمەي ئوقۇۋېتىپ، بۇ ژۇرنال بىلەن ھەر ئىككى ئايدا بىر كۆرۈشىدىغىنىمنى بىلىپ: «ئېست» دەۋەتتىم.

▲دۈشمىنىڭنىڭ سېنى كۆرگەندە ئويغا پېتىپ تۇرۇشى، بىر بولسا سېنى قانداق قەستلەشكە پىلان تۈزۈۋاتقىنى، بىر بولسا سېنىڭ ئۆزىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرۇۋاتقىنىڭنى كۆرۈپ، ئىچى ئاچچىقتا ئامالسىز تۇرۇۋاتقىنى.

---

ئاپتور: پوسكام ناھىيە خەلق دوختۇرخانىسى تاشقى كېسەللىكلەر 2 ـ بۆلۈمىنىڭ سېستراسى. ئەپسۇس، مەزكۇر يازمىسىغا ئىسىم فامىلىسىنى يېزىشنى ئۇنتۇغان

**ئەقلىيەلەر**

▲ئارتۇقچە قىلىنغان چاقچاق بىر بولسا سىزنى كۈلدۈرىدۇ، بىر بولسا چوڭقۇر نادامەتكە گىرىپتار قىلىدۇ.

▲ئائىلە ئىللىقلىقىنى ھېس قىلالمىغانىكەنسەن، ئۇنداقتا ئۆزۈڭنى بەختسىز ساناۋەرگىن.

▲رەقىبىڭنى يېڭىمەن دەيدىكەنسەن، ئۇ ماڭمىغان يولدا ماڭ.

▲ھەقىقەتنى ئىزدەپ ئاۋارە بولما، چىن ئېتىقاد بولىدىكەن، ھەقىقەت ساڭا مەڭگۈ ھەمراھ.

ـ ئەسقەر ئىدرىس

---

ئاپتور: جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى قىزىلسۇ چېگرا مۇداپىئە تارماق ئەترىتى تورغات ئېغىزى چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىدا ئوفىتسېر

* * *

▲ئاخىرىغىچە كۈلەي دېسەڭ، ئالدىراقسانلىق قىلما.

▲قەددىڭنى تىك تۇت، لېكىن ئەدەب ـ قائىدە، سالام ـ سەھەتنى ئۇنتۇپ قالما.

▲قەدرىڭنى قىلغان كىشىگە ھېچقاچان بىئەدەبلىك قىلما.

ـ تۇرسۇنجان توقسۇن (تەنھا)

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئىشقول يېزا ئاقتىچى كەنتىدە، دېھقان

**ئەقلىدىن تامچىلار**

▲نامراتلىق ـ پۇت ـ قولغا چۈشەك، روھىڭغا سىناق.

▲دېھقان زىيالىيلاشسا، دۆلەت زامانىۋىلىشىدۇ.

▲باراۋەرلىك ئىتتىپاقلىقنىڭ، ئىتتىپاقلىق مۇقىملىقنىڭ، مۇقىملىق تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

▲ۋىجدان سوتچى، ئەخلاق ساقچى بولسا، جەمئىيەتتە جىنايەتچى، دۆلەتتە ساقچى ئازراق بولار ئىدى.

▲ئوقۇپ، كۆرۈپ بىلگىنىڭ كىتابىي بىلىم، تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپ بىلگىنىڭ قابىلىيەت، ئەمەلىيەتتە ئىشلىتەلىگىنىڭ ماھارەت ھېسابلىنىدۇ.

▲بىر ئادەم، بىر ئائىلە، بىر مىللەتنىڭ قەد كۆتۈرۈشىدىكى ئۈچ ئاساسىي شەرت: پەن ـ تېخنىكا ساپاسى، ئىقتىسادىي ئاساسى، رىقابەت ئېڭى.

▲ئون چايناپ بىر يۇت، ئون ئويلاپ بىر ئېيت.

▲مائارىپنى چۈشەنمەيدىغان ئاتا ـ ئانىلار ئائىلىدە گۇناھكار، مىللەت ئالدىدا جاۋابكار.

▲تۇرمۇش تۈگىمەس كىتاب، جەمئىيەت ۋۇجۇدسىز ئاسمىغان ئالىي مەكتەپ.

▲ۋاپادارلىق، سەمىمىيلىك، پىداكارلىق ـ دوستلۇق گۈلىنىڭ ئوق يىلتىزى.

▲ئايالنىڭ قەدرىنى ئايالىڭ ئۆلگەندە بىلىسەن.

▲قالاقلىق، قاششاقلىق، خۇراپىيلىق، نامراتلىق، نادانلىق بىر تۇغقان بەش قېرىنداش.

▲تارىختىن مەلۇمكى، نادان پادىشاھنىڭ ئوردىسى ئىچىدە مارافچى، ئوردىسى سىرتىدا پايلاقچى، تاغ ـ دالىسىدا قاراقچى، شەھىرىدە ئالدامچى كۆپىيىپ كېتىدۇ.

▲ئۇزۇن سەپەر ئاتنى سىنايدۇ، خەتەرلىك پەيت دوستنى.

▲غەلىبە قىلسا ئۆزىدىن، مەغلۇب بولسا ئۆزگىدىن كۆرگەنلەر، مەڭگۈ مەغلۇبىيەتچى.

▲قىز قىزارغان ئوت، يىگىت قۇرۇغان ئوتۇن بولسا، مۇھەببىتى يالقۇن بولىدۇ.

▲ئەجەل سايەڭگە ئوخشاش ساڭا ھەمىشە ئەگىشىپلا يۈرىدۇ.

▲دوستىنىڭ كۈلكىسى مۇھەببەتتىن، دۈشمىنىنىڭ كۈلكىسى سۇيىقەستتىن.

▲ئەلنىڭ قارغىشى ـ پاسىق، مۇناپىقلارغا ئېتىلغان جازا ئوقى.

▲ئالىملىرى كۆپ مىللەت نادانلىرى كۆپ مىللەتنى، مائارىپى، پەن ـ تېخنىكىسى ئىلغار مىللەت نادان ـ قالاق مىللەتنى باشقۇرىدۇ. بۇ، تارىخىي ھەقىقەت.

▲تەبىئەتتە يېشىپ بولمايدىغان سىر يوق. جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ سىرىنى يېشىپ كەتكەن كىشى يوق.

▲ئەخلاق ـ پەزىلەتسىز بالا ئائىلىگە ئاپەت، پەزىلەتسىز ئالىم ئەل ـ يۇرتقا تالاپەت ئەكېلىدۇ.

▲ شائىر تالڭ ئەلچىسى خوراز بولسۇنكى، ئۇچرىغانغا قاۋايدىغان ئىت، ئاڭلىغاننى دورايدىغان شاتۇتى بولمىسۇن.

▲ رەقىب بىلەن ئېلىشالماسلىق ـ ئاجىزلىق، دوست بىلەن چىقى-شالماسلىق ـ ئەخمەقلىق.

▲ ساخاۋەتچى كۆپ يۇرتتا تىلەمچى، هاماقەت كۆپ يۇرتتا ئال-دامچى كۆپ بولىدۇ.

▲ رەقىبنى سۇيىقەست بىلەن يەڭگەن غالىب ئەمەس، پاراسەت بىلەن يەڭگەن غالىب.

▲ ئاتا ـ ئانىسى بار بالا تەشتەكتىكى گۈل، ئاتا ـ ئانىسى يوق بالا ئوچاقتىكى كۈل.

▲ «مەن سەندىن قالامدىم» دېگەن سۆز ـ رىقابەتنىڭ مۇقەددى-مىسى.

▲ قىزنى ئازدۇرغان يىگىتنىڭ ۋەدە ـ سۆزى؛ يىگىتنى ئازدۇرغان قىزنىڭ جادۇ كۆزى.

▲ ئاتا ـ ئانىلار ئۈچۈن ئەڭ زور خۇشاللىق، بەختمۇ بالىدىن كېلىدۇ، ئەڭ ئېغىر كۆڭۈل ئاغرىقى، ئېغىر دەردمۇ بالىدىن كېلىدۇ.

▲ هاراق، تاماكا، نەشە سۆيۈملۈك دۈشمەن؛ ئەپيۇن، خروئىن، كوكاين نازىنىن جاللات.

▲ يولنى يۈرگەندىن سورا، ئەقىلنى بىلگەندىن.

▲ دۇنيا تارىخىدىن مەلۇمكى، قانۇن ئىگە كۈچلۈك دۆلەتتە ساقچى، مۇهىت ئىگە كۈچلۈك دۆلەتتە تازىلىق ئىشچىسى ئاز بولىدۇ.

▲ يەر بايلىقىنى قازسىڭىز مەنپەئەت، ئەقىل بايلىقىنى قازسىڭىز ئامەت كۆپ.

▲ ئەقىل ـ قوماندان، پىكىر ـ مەسلىهەتچى، ئەدەب ـ رازۋېد-چىك، تەدبىر ـ ئەسكەر بولسا، تۇرمۇش جېڭى غەلىبىلىك بولىدۇ.

▲ پۇرسەت يوقتا سۈكۈت قىل، پۇرسەت كەلسە غەنىيمەت بىل.

▲ دەرەخنى كۆكلەتكىنى يىلتىز، گۈزەل كۆرسەتكىنى ياپراق؛ ئادەمنى كۆكلەتكىنى بىلىم، گۈزەللەشتۈرگىنى ئەخلاق.

▲ ئالىمى يوق مىللەتنىڭ نام ـ شۆھرەتتە تايىنى يوق.

▲ بوش ۋاقىت ـ ئۆمۈر ئوغرىسى.

▲ تەربىيە كۆرمىگەن بالا ـ ئائىلىگە كۆمۈلگەن بومبا.

▲ ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانائىنى بەك كۆيۈنۈپ ياخشى كۈت. چۈنكى ئۇلار بارسا كەلمەسكە سەپەر قىلىش ئالدىدا تۇرغان يولۇچىلار.

▲ ئەر ئۆز مەسئۇلىيىتىنى، ئايال ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئۇنتۇسا، ئائىلە جەننىتى دوزاخقا ئايلىنىدۇ.

▲ ياخشى دوست كۆرگۈ ـ ئەينەك، يامان دوست لوپا ئەينەك.

▲ دۈشمەننىڭ هەيۋە ـ هاقارىتىگە سۈكۈت قىلىش ـ پۇرسەت كۈتۈپ زەربە بېرىش ئۈچۈن بولسا، قەهرىمانلىق بولىدۇ؛ جان بېقىش ئۈچۈن بولسا، خائىنلىق.

▲ دوستۇڭنىڭ تەنبىهى ساڭا بولغان مۇهەببىتى، دۈشمىنىڭنىڭ خۇشامىتى ساڭا قۇرغان توزىقى.

▲ باشقىلارغا مالاي بولماي دېسەڭ، باشقىلاردىن بۇرۇن باي بول.

▲ هۇرۇن گاداي، نادان مالاي بولىدۇ.

▲ باتۇرلار يېڭىپ ياشايدۇ، ئاجىزلار يېڭىلىپ.

▲ شېئىر قىزغا ئوخشىسا، هەممە سۆيىدۇ، مومايغا ئوخشىسا يىر-گىنىدۇ.

▲ كۈلكە يىغىنى، غەزەپ يېغىنى تۇغدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تۇرمۇشتا گاڭگىراپ قالغان-لارغا مەسلىهەتچى، تەمتىلەپ قالغانلارغا يېتەكچى، ئازغانلارغا يول-باشچى بولۇۋاتىدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى خەلقىمىزنىڭ ئەخلاقىي تەر-بىيە مەكتىپى.

ـ ياقۇپ هەمدۇللا

---

ئاپتور: مورى قازاق ئاپتونوم ناهىيە ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ مەۋجۇدلۇقىڭنى باشقىلارغا بىلدۈرەلمىسەڭ، يۈرىكىڭدىكى هەممە نەرسە ئۆلگەنگە هېساب.

▲ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن زامانىۋى مەدەنىيەتنى بىر تۈپ دەرەخكە ئوخشاتساق، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت دەرەخ يىلتىزى، زاما-نىۋى مەدەنىيەت دەرەخ شاخلىرى ۋە يوپۇرماقلىرى بولىدۇ. يىلتىز مۇستەهكەم بولىدۇ، شاخ ۋە يوپۇرماق شامال ـ بوراندا چۈشۈپ كې-تىدۇ، يەنە يېڭىدىن چىقىدۇ.

▲ ئەقىل مەڭگۈلۈك، هېسسىيات ۋاقىتلىق بولىدۇ. هېسسىيات مۇهەببەت بىلەن تۇغقان، ئەقىل مۇۋەپپەقىيەت بىلەن تۇغقان. ئەقىل بىلەن هېسسىيات بىر ـ بىرىنى تولۇقلىغاندا، ساڭا بەختنىڭ ئىشىكى ئېچىلىدۇ.

ـ مېهرىبان نىياز چوغلۇق

---

ئاپتور: شايار ناهىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تارىخ مۇئەللىمەسى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا نېمىلەر يوق؟

ـ تېتىقسىز دورا ئېلانلىرى يوق.

ـ مەنىسىز، قۇرۇق مەزمۇندىكى ماقالىلەر يوق.

ـ بىر ـ بىرىنى غاجايدىغان تەنقىدىي ماقالىلەر يوق.

ـ باش ـ ئاخىرىنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان لاۋزا شېئىرلار يوق.

ـ يېرىم يالىڭاچ چولپانلار يوق.

▲ بىز ئىشەنمەسلىك ۋە هەسەتخورلۇقتىن كېلىپ چىققان روهىي كېسەللىكلىرىمىزگە دورا ئىزدىدۇق، لېكىن ئاشۇ دورىنىڭ ئۆزىمىزدىكى ۋىجدان ئىكەنلىكىنى ئويلاشقا قورقتۇق.

ـ ئابلەت مۇهەممەت

---

ئاپتور: توققۇزتارا ناهىيە تاشتۆپە يېزا 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ شىكارغا چىققاندا قۇرۇق قول قايتماي دېسەڭ، بىرى ئوۋ ئە-تىڭنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ چىقىشتىن، يەنە بىرى ئاچ قويۇپ چە-قىشتىن هەزەر ئەيلە.

▲ ئەرلەرنىڭ ياۋاشلىقى ئايالLARنىڭ ئاتىكاچىلىقىنى، ئاياللارنىڭ رايىشلىقى ئەرلەرنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

▲ هەمىشە تويلىشىپ ماڭىدىغانلار بىر بولسا قورقۇنچاقلار، بىر بولسا ئىتتىپاقلىقنى هەقىقىي سۆيىدىغانلاردۇر.

▲ بىر ئىزدا توختاپ قېلىشنىڭ ئۆزى مەغلۇبىيەتتۇر.

▲ هەقىقىي ئاشىق ئۆز مەشۇقىنىڭ ئىسمىنى باشقىلاردىن پىنهان تۇتىدۇ.

▲ پاكىز يورۇش ھاياتنى سۆيگەنلىكنىڭ بىر خىل ئىپادىسى.

▲ بۈگۈنكى قىزلار سومكىسىغا ئەينەك، تارغاق سېلىپ يۈرۈشنىڭ ئورنىغا بىرەر كىتاب سېلىپ يۈرگەن بولسا، ئۇ ھالدا قىزلىرىمىزدىن ئۇشۇقچە ئەنسىرەپ يۈرۈشنىڭ ھېچقانداق ئورنى قالمىغان بولاتتى.

- ئابدۇغېنى توختى

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل فاكولتېتى 2001 - يىللىق 9 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇردىن سۆز

▲ جاھان چىگىدى، باللار بوشاشتى.

▲ ئەرلەر پۇلى بىلەن ئاياللارغا ئېتىيدۇ، ئاياللار ناز - كەرەشمىلىرى بىلەن ئەرلەرگە.

▲ دۇرۇس بولمىغان ئىشلارنى كۆرگەندە ھالال ياشاپ ئادەتلەنگەن ئادەمنىڭ ۋىجدانى قاينايدۇ، بوشاڭلارنى كۆرگەندە تىرىشچان، ئىشچان ئادەمنىڭ ئىچى تىت - تىت بولىدۇ، خائىنلارنى كۆرگەندە غۇرۇرلۇق ئادەمنىڭ غەزىپى ئۆرلەيدۇ.

- نۇرنىسا ئەھمەت

---

ئاپتور: شىخو شەھرىدە

* * *

▲ دوستۇم، «ھايات دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرەلمىسەڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇ، شۇ چاغدا جاۋاب تاپالايسەن.

▲ ئانام ماڭا ئەدەب - ئەخلاق ئۆگەتتى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى قانداق ياشاشنى، نېمە ئۈچۈن ياشاشنى ئۆگەتتى.

- زەينۇللا ئابدۇقادىر

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ھازىرقى زامان كىشىلىرى قورقۇنچاق بوپكەتتىمۇ ياكى ھازىرقى زامان كىشىلەرنى شۇنداق قىلىپ قويدىمۇ؟ ئىنسانلار شۇنچىلىك شەخسىيەتچى، رەزىل بوپكەتتىمۇ؟ كۆپكۈندۈزدە ئوغرى - بۇلاڭچىلار خەنجەر - پىچاقلىرىنى چىقىرىپ، يامانلىق قىلىۋاتسا؛ كوچىلۇكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلىۋاتسا؛ لۈكچەكلەر خوتۇن - قىزلىرىمىزغا كۆز سېلىپ پوخۇرلۇق قىلىۋاتسا... بۇنداق ئەھۋالدا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلار ئازىيىپ، كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالىدىغان توخۇ يۈرەكلەر بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. جەمئىيىتىمىزدىكى كىشىلەرگە باستېر مارتىن. نىمولاننىڭ قەبرە تېشىغا يېزىلغان مۇنۇ جۈملىلەرنى ئېيتىپ بەرگۈم كېلىدۇ: «ئۇلار (گېرمانىيىدىكى نېمىس فاشىستلىرىنى كۆرسىتىدۇ) كوممۇنىستلارنى قىرغىن قىلغاندا، ‹مەن كوممۇنىست بولمىغاندىكىن، نېمە كارىم› دەپ ئويلاپ، ئۈندىمىدىم. كېيىن ئۇلار يەنە يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرگەندە، ‹مەن يەھۇدىي بولمىغاندىكىن، نېمە كارىم› دەپ ئويلاپ زۇۋان سۈرمىدىم. ئارقىدىن ئۇلار يەنە كاتولىك دىنىي مۇخلىسلىرىنى قىرغىن قىلىشقا باشلىغاندا، ‹مەن كاتولىك دىنىي مۇخلىسى بولمىغاندىكىن، نېمە كارىم؟› دەپ ئويلاپ، يەنە لام - جىم دېمەي تۇرۇۋەردىم. ئاخىر بېرىپ ئۇلار تىغ ئۇچىنى ماڭا تەڭلىگەندە، جېنىمغا ئارا تۇرۇپ سۆزلەيدىغانغا ئادەم چىقمىدى».

▲ ئىنسانلار تەرەققىيات ۋە يۈكسىلىشنى كۆزلەپ تەبىئەت ۋە مۇھىتنى ئۆزگەرتكەندى، ئاقىۋەتتە تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەت ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىك... كەينى - كەينىدىن يامرىدى. ئەمەلىيەتتە، ئىنسانلار تەبىئەتنى ۋە مۇھىتنى ئۆزگەرتىشتىن ئاۋۋال ئۆزىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك ئىدى.

▲ ھەممىلا ئادەمنى ماختايدىغان كىشى ئەمەلىيەتتە ھېچكىمنى ماختىمىغان بولىدۇ.

▲ مەغلۇبىيەتچى دېگەنلىك، خاتالىق - سەۋەنلىكلەردىن تەجرىبە - ساۋاق ئۆگەنمەيدىغان كىشى دېگەنلىكتۇر.

▲ تەبىئەت بىلەن جەمئىيەتنىڭ پەرقى شۇكى، جەمئىيەتنىڭ مۇئەييەن ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە مىزانلىرى بولىدۇ.

- ئازادجان نىزامىدىن ئەنجانىي

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزا 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ سەن دۇنيانى چۈشەنمەستە ئۆزۈڭنى دۇنيا ئىچىدە تۇرغاندەك، دۇنيانى چۈشەنگىنىڭدە بولسا، دۇنيا سېنىڭ ئىچىڭدە تۇرغاندەك ھېس قىلىسەن.

▲ سېنىڭ دوستۇڭ بىلەن دۈشمىنىڭنى ئېنىق ئايرىغان ياكى تولۇق چۈشەنگەن ۋاقتىڭ، ئاللىقاچان بۇ دۇنيادىن خوشلىشىدىغان ۋاقتىڭدۇر.

▲ تەلمۈرۈش ھاياتنىكى ئەڭ شېرىن، ئەڭ ئازابلىق ئەسلىمە.

▲ ھەقىقىي دوستۇڭ سېنىڭ سايەڭ ئەمەس، بەلكى ئەينىكىڭ.

- بۇۋىنۇرىيە ئابلىز

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە كوسراپ يېزا 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 - يىللىق 7 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ مۇھەببەتنى باشقىلار ئالدىدا خورلانغان ئايال ھەممىدىن گۇمانلىنىدىغان بوپقالىدۇ.

- دىلنۇر ياسىن

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2004 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

راھەت - تەن بىلەن روھنىڭ ئورتاق كۈلكىسى.

- ئابدۇرەھمان ئابدۇلكەرىم (ئەلىيەقىنىي)

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزا سايباغ كەنتىدە، دېھقان

▲ تۇنۇگۈنىڭنى ئۇنتۇپ قالما، بۈگۈن ئۈچۈن كۈرەش قىل، ئەتەڭ ئۈچۈن ئويلان.

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزا ئىچىملىك سۇ پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى، ئەپسۇس، مەزكۇر يازمىسىغا ئىسىم - فامىلىسىنى يېزىشنى ئۇنتۇغان

## كۆتۈپخانىدىكى ئويلار

▲ روھىڭغا ئىرادە كېرەك، جىسمىڭغا كۈچ.

▲ سەن قەدىرلىمىگەن نەرسە، ئەمەلىيەتتە سەن پايدىلىنىشنى بىلمىگەن نەرسىدۇر.

▲ تىڭىڭىنىڭمۇ، تىلىڭىنىڭمۇ ئىتتىكلىكىنى ئۆزۈڭگە تەگكەندە بىلىسەن.

▲سەن باشقىلارنى ئۇسسۇلغا چۈشۈرمىسەڭ، باشقىلار سېنى ئۇسسۇلغا چۈشۈرىدۇ.

▲بۇزۇۋېتىش بىر بولسا ئاقىلنىڭ ئىشى، بىر بولسا ساراڭنىڭ.

▲ئەقلىڭنى ئوغرىلايدىغىنى بىر بولسا ھېسسىيات، بىر بولسا ئالدىراڭغۇلۇق.

ـ تۇرھاجى نۇرمۇھەممەت

ئاپتور: شىنجاڭ ساقچى ئوفىتسېرلىرى ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲كىشىلەر مۇلايىم، ياۋاش ـ يۇمشاق باللارنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەمما باشقىلارنىڭ ئۇۋالچىلىقىنى كۆرگەندە مۇشت كۆتۈرۈپ چىقىدىغانلارنى لۈكچەك، دەپ كۆزگە ئىلمايدۇ. ئەگەر ئۇلار خەلقنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئەڭ ئاۋۋال كىمنىڭ جەڭگە ئاتلىنىدىغانلىقىنى بىلسىدى، كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتكەن بولاتتى.

▲ئۇرۇش ـ جېدەل جىق ئۆيدىن يا لۈكچەك چىقىدۇ، يا مۆمىن.

▲ بالىنىڭ بەختىنى ياراتقۇچىمۇ ئاتا ـ ئانا، بەختىگە ئولتۇرغۇچىمۇ يەنە شۇ ئاتا ـ ئانا.

ـ گۈزەلئاي نۇرلان

ئاپتور: ئوقۇغۇچى، ئەپسۇس، مەزكۇر يازمىسىغا ئۆز ئادرېسىنى يېزىشنى ئۇنتۇغان

▲ دوستۇم، يۇلتۇزدەك چېچىلغان تەپەككۇر دۇردانىلىرىڭنى چولپاندەك چاقنىتىمەن دېسەڭ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا «ئاشنا» بول! ئۇ ئۆزىنىڭ جەلپكار، جۇلالىق سەھىپىلىرى بىلەن سېنىڭ ئارزۇلىرىڭنى رويابقا چىقىرىدۇ، ئابىھايات كەۋسەرلىرى بىلەن چاڭقىغان يۈرىكىڭنى قاندۇرىدۇ، كەكرىدەك قىرتاق، ئەمما ئېپاردەك پۇراقلىق، ھەسەلدەك تاتلىق، شەبنەمدەك سۈزۈك، سۈتتەك پاك قەترىلىرى بىلەن خۇنۇكلەشكەن روھىڭنى پاكلايدۇ.

ـ ئابدۇرەشىد ئابلىز

ئاپتور: ئارشاڭ ناھىيە رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ مۇخبىرى

▲ئۆزىنى ئەر سانىغانىنىڭ ھەممىسى ئەر ئەمەس، بەلكى ئەل ئەر سانىغانلار ھەقىقىي ئەرلەردۇر.

▲ خام خىيال چۈش كۆرۈپ يېگەن ھەسەل، كەلگۈسىدە ئىچكەن زەھەر.

ـ نەبىجان ئەمەت

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ پىخسىقلىق تۆۋەندىكى سورۇنلاردا ئېسىل پەزىلەت بولۇپ سانىلىدۇ. بۇلار: تاماكا، ھاراق، ئەيش ـ ئىشرەت سورۇنلىرى.

ـ ئەكبەرجان ئابلىمىت

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئىلگىرى تورخانىغا كەتكەن ۋاقىت ۋە پۇللىرىمغا ئېچىنىۋاتىمەن.

ـ مۇخپۇلجان مۇھەممەتئىمىن

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ھەرىكەتكە ئايلىنالمىغان تەپەككۇر «ھامىلە» ھالىتىدىن مەڭگۈ دۇنياغا كېلەلمەيدۇ.

▲ سەممىيەت ـ ئەخلاق بىلەن ئەقىلنىڭ تۇنجى پەرزەنتى.

▲ ھېسسىيات بىلەن ئەقىلنىڭ مۇۋازىنىتى ـ «ئەڭ دانا تەدبىر»نىڭ ئانا مەكتىپى.

ـ سەئىددىنجان غوپۇر

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپ ئىلمى ئىنستىتۇتى 2004 ـ يىللىق 6 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بەزى دوختۇرخانىلار ـ ئاغزى ئېچىلغان تىمساق.

▲ ئادەم ھېسسىياتىنىڭ قۇلى بولغاندا، ۋەھشىيلەشكەن يولۋاسقا ئوخشايدۇ.

▲ ئادەم مۇساپىر بولغاندا ئەڭ ئاۋۋال ئويلايدىغىنى: ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتقانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن قانداق ئادەم بولۇش، قايسى يولدا مېڭىش.

▲ ھايا قىز ـ ئاياللاردىكى شۇنداق كۆچلۈك، قايرىلماس پەردە بولسۇنكى، ھەرگىز ئادەتتىكى تور پەردىگە ئوخشاش بوپقالمىسۇن. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئەخلاقنى يوقاتقان ۋىجدانسىز، ئىمانسىز، غۇرۇرسىز ئەرلىرىمىز نومۇسسىزلارچە تور پەردىدىن «پاشا»غا ئوخشاش كىرىۋالىدۇ.

ـ ئابدۇقادىر باياخۇن (بوران)

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 7 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

رېئاللىقتىن ھېس قىلغانلىرىم

▲ باشقىلارنىڭ ساڭا بەرگەن باھاسىغا ئەمەس، بەلكى قانداق كىشىنىڭ ساڭا بەرگەن باھاسىغا دىققەت قىلغىن.

▲ ھەسەتخورلۇق ـ كۆڭۈلنىڭ كىرى.

▲ غەم ـ قايغۇ ـ كۆرۈنمەس دۈشمەن.

▲ تۇرمۇش ـ مېڭىپ تۈگىتەلمەيدىغان يول.

▲ ئادەم، نەپسى ئۈچۈن ئۆلگىچە كۈرەش قىلىدىغان مەخلۇق.

ـ ئابلاجان ئابلەت

ئاپتور: كۈچۈك ناھىيە ۋۇماچاڭ يېزا ئۇيغۇر مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ ئادالەت ئۈچۈن تۆكۈلگەن قان ـ خەلق بەھرىلىنىدىغان بۇلاق سۈيى.

ـ مېھرىگۈل ئابلىمىت

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە

ئەبجەش خىياللار

▲ دۇنيادا ئەمەلگە ئاشمايدىغان پىلان يوق، گەپ ئىرادىدە.

▲ ياراتقۇچىنىڭ قۇدرىتىنى بىلمەكچى بولساڭ، ئىنسان ئورگانىزمى توغرۇلۇق تەپەككۇر قىل.

▲ ياراتقۇچىنىڭ نېفىت، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، كۆمۈر... قاتارلىق بايلىقلارنى زېمىن تەكتىگە يوشۇرۇشى، دەل ئىنسانىنىڭ تەپەككۇر قىلىپ، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق پايدىلىنىشى ئۈچۈندۇر.

▲ سەن - بىزنىڭ خاتالىقىمىزنى تونۇغان ۋاقتىمىز، تولىمۇ كىچىككەن ۋاقتىمىز.

▲ بىزنىڭ مەغلۇبىيىتىمىز كۆپىنچە ھالدا قارام - تەلۋىلىكىمىزدىندۇر.

▲ مەن باشقىلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئاشخانا، ھاجەتخانىلاردا، تەكچە - بۇلۇڭلاردا يىرتىلىپ، تاشلىۋېتىلگەن ھەر خىل ژۇرناللارنى كۆرگەن بولساممۇ، بىرەر پارچە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ يىرتىۋېتىلگەن ياكى تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرمىدىم.

▲ باشتىن - ئاياغ چۈمكىۋالغان پۈركەنجە، مەيدىگە چۈشۈرۈپ قويۇۋالغان ساقال پەقەت شەكىلدىن ئىبارەت. ئەڭ مۇھىمى نىيەت.

▲ ئاياللار بىلەن ئويناشقانلىق، يۇقىرى بېسىملىق توكنى تۇتقان بىلەن باراۋەر.

▲ نىيەت بۇزۇلغان دوستلۇق تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

▲ ئىنسانىنىڭ جىنايەت يولىغا مېڭىشى، بىر بولسا توقلۇقتىن، بىر بولسا ئاچلىقتىندۇر.

▲ ھەر قېتىم مېيىت ئۇزىتىپ قەبرىستانلىققا بارغىنىمدا، بىر قېتىم ھەققەتكە يېقىنلىغاندەك بولىمەن.

▲ ئۆزۈڭنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىڭنى باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلا.

▲ سېنىڭ نىيىتىڭ شۇ بولسا، كۆرىدىغىنىڭ ئالدىڭدا.

- سەۋرىدىن ھەنىپىدىن

---

ئاپتور: قاراماي شەھەر بۇرغىلاش 1 - شىركەت بۇرغىلاش 50597 - ئەترىتىدە

* * *

▲ ھازىرقى جەمئىيەتتە بىر سۆزنى يۈرەكلىك تولۇقلىيالىغانلار ياخشى ياشىيالايدۇ: «چىدىساڭ ياشا!».

▲ دائىملا باشقىلاردىن ئاغرىنىپ يۈرىدىغانلار بىر بولسا ئادالەتسىزلىككە كۆپ ئۇچرايدىغانلار، بىر بولسا شەخسىيەتچى كىشىلەردۇر.

- ئارزۇگۈل رېشىت

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 4 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1 - يىللىق 4 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## دېھقاندىن تەشەككۈر

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى ئۈچۈن تەپەككۈر دۇردانىلىرى تىزىشقا، ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسى ئۈچۈن ھەق گەپ قىلىشقا سورۇن ھازىرلىغانلىقىغا كۆپ تەشەككۈر.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۈر كۆزى» سەھىپىسى بۇ ژۇرنالنىڭ نوپۇزىنى تېخىمۇ تىكلەپ، ئىناۋىتىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، ئوقۇرمەنلىرىنى تېخىمۇ كۆپەيتكۈسى.

- ئابلىكىم ئىشان

---

ئاپتور: مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازار قىياقلىق كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ مىللەتنىڭ مەۋجۇدلۇقى ساندا ئەمەس، ساپاسىدا.

- مۇختار ھاپىز

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە چىمەن بازار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى

▲ سېنى چۈشەنمەيدىغانلار ساڭا ئۆز مەنتىقىسى بويىچە باھا بېرىدۇ.

▲ ساڭا باھا بەرمەكچى بولغانلار، ئېنىقكى، ئۆز قەلبىدە سېنى قويماقچى بولغانلاردۇر.

- ئابدۇغېنى توقو

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ خادىمى

▲ ھەقىقىي ئەركەكلەرنىڭ كۆزىدىن ئاسانلىقچە ياش تۆكۈلمەيدۇ، بىراق نۆۋىتى كەلسە ئۇلارنىڭ كۆزىدىن ياش ئەمەس قان تۆكۈلىدۇ.

▲ ئاياللار ئۈچۈن ئەڭ تەس نەرسە ئۆگەي ئانا بولماق.

▲ بۈگۈننىڭ چاكىرى بولغان ئادەم، كەلگۈسىنىڭ خوجايىنىدۇر.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى يۈگرۈشتىن بۇرۇن مېڭىشنى ئۆگىنىشنىڭ ماھىيىتىنى تېخىمۇ ئېنىق.تونۇتتى.

▲ يىقىلىشتىن قورقمساڭ، ئاندىن يېڭەلەيسەن.

- رابىگۈل ئابلىكىم

---

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىزىكا، ئۇچۇر - ئېلېكتىر تېخنىكا كەسپى 2003 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تۇرمۇش چېقىنلىرى

▲ ئېسىڭدە بولسۇن، ئەڭ يېقىن دوستۇڭمۇ سەن تارتقان ئازابنى تارتىشىپ بېرەلمەيدۇ.

▲ باشقىلارنى مەسخىرە قىلىش بەدىلىگە ئۆزۈڭنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭنى ئاشكارىلاپ قويغىنىڭنى بىلەمدىغانسەن؟!

▲ ئادەم ئۈچۈن ئۆزى خالاپ قىلغان ئىشتىنمۇ ھۇزۇرلۇق ئىش بولماس.

- ئاسىيگۈل ئابدۇرېھىم

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل فاكۇلتېتى 2003 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ روھىڭدىكى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاي دېسەڭ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى قايتىدىن بىر كۆرۈپ چىق.

- گۈزەلنۇر ئەركىن

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 4 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ دېھقان ئېتىزغا ئۇرۇقنى بىر قېتىم چاچسا، قان - تەرنى مىڭ قېتىم چاچىدۇ.

▲ ھاياتتىكى ئەڭ زور خاتالىق - ئۆزىگە ئۆزى سەممىيەتسىزلىك قىلىش.

- تەۋەككۈل توقسۇن

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئاۋات بازار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ئوقۇتقۇچىلىرى جان بېقىش كويىغا چۈشكەن مائارىپنىڭ ئۆزى ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپ، سايىسىلا قالغان بولىدۇ.

▲ مائارىپىنى قىممەتسىزلىك جەھەتتە جاۋابكارلىق سەھنىسىگە

www.uyghurkitap.com

تارتالمىغان خەلق، ئۆز مائارىپىنى تورلۇك جان باقارلارغا ئۆگە قىلغان بولىدۇ.

ـ ئابلىز ئىبراھىم

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيە غازكۆل يېزا باغئېرىق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ سىياسىي دەرس ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ جاھاندىكى جىمىكى تەڭسىزلىككە يا قۇللۇق، يا خوجايىنلىق سەۋەب بولىدۇ.

▲ ئۆزۈڭدىن گۇمانىڭ بولمىسا، ئۆزۈڭنى تەشۋىق قىلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق.

▲ قىز ـ ئىز.

▲ يا ياخشى، يا يامان بولالمىغان كىشىنىڭ ئۆز سايىسىدىن باشقا نەرسىسى بولمايدۇ.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ھاكىمىيەت تۇتقانلار ئىككى سەۋەبتىن ھاكىمىيەتنى تارتقۇزۇپ قويغان: بىرى، ئايال سەۋەبىدىن، يەنە بىرى، ئەتراپىدىكىلەرگە زىيادە ئىشەنگەنلىكىدىن.

ـ غوپۇرجان ياقۇپ (سەگەك)

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يېڭىئېرىق يېزا قۇملۇق مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

*　　*　　*

▲ ھازىرقى ئىلانچىلىق سېھىرگەرلىكتىنمۇ ئېشىپ كەتتى.

ـ نۇرمۇھەممەت توختى

---

ئاپتور: جىڭ ناھىيە 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ رەسىم ئوقۇتقۇچىسى

▲ ئاددىي كىشىلەر ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان شېئىر تىللاردا مەڭگۈ داستان بولىدۇ؛ گۆڭگا شېئىر بولسا قاراڭغۇدا چاقنىغان چاقماققا ئوخشايدۇ.

▲ دەل جايىدا يېزىلغان بىر ئابزاس، شۇ كىتابقا نىسبەتەن مەززىلىك تائامنىڭ دەل تېتىغان ئاش تۇزىغا ئوخشايدۇ.

ـ رابىيە ئاۋۇت

---

ئاپتور: ئونسۇ ناھىيە ئاممۋى قاتناش شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ ھاياتىڭدا قالدۇرغان ئىزلىرىڭ ئۆز كۆزۈڭ بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەلنىڭ كۆزى بىلەن نامايان بولىدۇ.

ـ مۇھەممەتئىمىن يۈسۈپ

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە تاغارچى يېزا چاشلىق كەنتىدە، دېھقان

▲ ئەخلاقنى ئاۋۋال ئوغۇللار دەپسەندە قىلىدۇ، ئاندىن قىزلار.

ـ تىمتاس

---

ئاپتور: ئوقۇغۇچى

▲ بورانلار گۆركىرەيدۇ، ۋاقىت گۆركىرىمەيدۇ، ئاققان سۇدەك ئاقىدۇ، شىلدىرلىشىنى ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ، ئۇ ساڭا ئۈنسىز سوئال قويۇپ، ئۈنسىز جاۋاب ئالىدۇ.

▲ ھۇرۇنلۇق باشقىلارغا موھتاجلىقىڭنى كۆپەيتسە، ئىزدىنىش، ھۈنەر ـ ئىلىمدە كامالەتكە يېتىش، ئۆزگىلەرنىڭ ساڭا بولغان موھتاجلىقىنى كۆپەيتىدۇ.

ـ مۇھەممەتجان ئابدۇغەنى

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە

▲ تەبىئەتتىكى ھەر نەرسە، تەبىئەت «رەسسام»نىڭ بىرگە سىزىلغان نادىر «ئەسەر»ى ھېسابلىنىدۇ، ئەڭ مۇھىمى سېنىڭ ئۇنى بايقىشىڭدا.

▲ غەيۋەت ئەۋج ئالغان يەردە ئەركىنلىك بوغۇلغان بولىدۇ.

ـ ئىلھام ھېمىت ساغان

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەر 23 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ «ئىرادىلىكلەر» تولۇق 2 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ نادان بىلەن بىر ئۆمۈر بىرگە ياشىغان كىشى ئۆمۈربويى تىل ۋە دىل پاراكەندىچىلىكىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

ـ مەھمۇت ئەھمەت

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزا 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسىيەدىكى ئوقۇتقۇچىسى

▲ كىتاب ـ ئىنسان روھىنىڭ يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى.

ـ ئابدۇكېرىم ئەبەيدۇللا

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ناخشا ـ ئۇسسۇل بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئەلدە يېڭىلىقلار ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

▲ مەدەنىيەت ۋە تەپەككۇرنىڭ يىلتىزى شەھەرلەردە ئەمەس، بەلكى يېزىلاردا ئىكەن ئەمەسمۇ! ئىشەنمىسەڭ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدىكى «ساۋاتسىز» دېھقانلارنىڭ ساداسىنى تىڭشاپ باق.

ـ بەھرىنىسا ئادىل (دىلەفكار)

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى 2001 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەسىرات ۋە تەشەككۇر

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بىلەن تونۇشۇپ، بۇرۇن ئۆگىنىپ بولالمىغانلىرىمنى ئۆگىتىدىغان تەلەپچان ئۇستازغا ئېرىشكەندەك، قىيىنچىلىقتا يۆلۈقسام، روھىي قۇۋۋەت بېرىدىغان سۆيۈملۈك دوست تاپقاندەك ھېس قىلدىم.

▲ مەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بىلەن تونۇشقانلىقىمغا ئەمدىلا بىر يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم بىر كۈن ئايرىلغىلى بولمايدىغان ئاش ـ تامىقىمغا ئوخشاش بولۇپ قالدى. مەن ۋە ماڭا ئوخشاشلار كېيىنكى سانىنىڭ تېزرەك چىقىشىغا ئىنتىزار.

ـ بۇۋىمەريەم ئابلا

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە كونىشەھەر چارۋا ـ مال دورىلىرى دۇكىنىدا

*　　*　　*

▲ بىر ئادەمنىڭ بوش ۋاقتىنى قانداق ئۆتكۈزۈشى، ئۇنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىشىنىڭ ئاساسلىق بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ.

▲ ئۆزىنىڭ ئەسلي ـ ۋەسلىنى ئۇنتۇغانلار «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»

ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى ئارقىلىق ئۆتمۈشىنى ئەسلىسۇن.

— باھارگۈل ئابدۇرېھىم

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىزىمات فاكۇلتېتى 2004 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## گۆدەك تۇيغۇلار

▲ بىر مىنۇتلۇق ئاچچىقنىڭ زىيىنىنى بىر يىل ھەتتا بىر ئۆمۈر تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ.

▲ خائىن ئۆزىنىڭ بىر قوشۇق قېنى ئۈچۈن مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان كىشىنىڭ دەريالاپ قېنىنى تۆكىدۇ.

▲ نادان ئادەمنىڭ خىيالى پاخالغا ئوت كەتكەندەك، دانا ئادەمنىڭ خىيالى تۇپراققا ئۇرۇق سالغاندەك.

▲ ئاتا ـ ئاناڭنى تۆۋەن كۆرگىنىڭ، ئۆزۈڭنى پەس كۆرگىنىڭ.

▲ باشقىلاردىن ئۈمىد كۈتۈش، قولمۇقتا كېتىۋېتىپ ئالدىدا بىر قاپاق سۇ پەيدا بوپقېلىشىنى ئارزۇ قىلغاندەكلا ئىش.

▲ ئىپپىتىنى يوقاتقان قىز چېقىلىپ كەتكەن جانان چىنىگە ئوخشايدۇ.

▲ بالىڭىزغا بەك پېخسىقلىق قىلماڭ، بولمىسا يانچۇقىڭىزغا قول سېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

▲ ھەقىقىي ئىمتىھان مەيدانى مەكتەپ ئەمەس، جەمئىيەت.

▲ يالغانچى ئادەم دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ.

▲ ئەڭ ئۇستا ئوغرى كۆڭۈل ئوغرىسى.

▲ باشقىلارنى خىجىل قىلىشتىنمۇ ئارتۇق گۇناھ يوق.

▲ دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر كىشىلەر ھەممە نەرسىسىنى يوقىتىپ قويسىمۇ، لېكىن كىتابىنى يوقىتىپ قويمىغان.

▲ خاسلىقىنى يوقاتقان نەرسىنىڭ قىممىتى بولمايدۇ.

— رازىيەگۈل قۇدرەت

---

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە ئوپال يېزىسىدا، دېھقان

## ياۋايى تەپەككۇرلار

▲ نىيەت تۈزەلمىگۈچە ئادەم تۈزەلمەس.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر ساھە ئاممىسىنىڭ جۈملىدىن كەڭ دېھقان ۋە چارۋىچىلارنىڭ يۈرەك ئىزھارىنى ئۆلچەشتىكى ئادىل تارازىسى.

▲ چۈشكۈنلىشىش مۇقەررەر يوقىلىشنىڭ، ئۈمىد ھەقىقەت ئويغىنىشىنىڭ ئاساسى.

▲ سەن ھەرقانچە يامان دەپ بىلگەن ئادەمنىڭمۇ ھامان بىر ياخشى تەرىپى بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالما.

— توختىيۇسۇپ (ياۋايى)

---

ئاپتور: گۇما ناھىيە دۇۋا بازىرى لامۇس كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ دېھقان يىغىسى ـ ئالەم يىغىسى، دېھقان كۈلكىسى ـ مەھسۇلات ئېشىشى.

▲ مىللىيەتلىك بوسۇغىسىدىن ئاتلىيالايدىغانلار بىر بولسا ھەقىقىي يازغۇچى، بىر بولسا يىراق سەھرادىكى ئاق كۆڭۈل دېھقانلار.

▲ جاھان گۈزەللى بىر ئادەم بىلەن چەكلەنسە، ئەخلاقى گۈزەل ئادەم نەچچە مىڭ ئادەم بىلەنمۇ چەكلەنمەيدۇ.

— ئابدۇلقاھھار ئىمىننىياز (سامپۇل)

---

ئاپتور: خوتەن ۋىلايەت 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق تەجرىبە سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## مەيىن شاماللار

▲ ئىككى نەرسە سېنى بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ: بىرى، تىنىمسىز ئەمگەك، يەنە بىرى، تىنىمسىز تەپەككۇر.

▲ بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ياشاپ باقساڭ، ئۆزۈڭنىڭ يەنىلا بىلىمسىز ئىكەنلىكىڭنى ھېس قىلىسەن.

▲ قول ئېچىلسا، يولمۇ ئېچىلىدۇ.

▲ كۆپىنچە نەرسە سېنىڭ كونتروللۇقىڭدا خىرەلىشىپ كەتسە، قولدىن كەتكەندە پارقىراپ كېتىدۇ.

▲ مۇھەببەتتە چۈشىنىش ھاسىل قىلىنغان چاغ، سىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىڭلار ئازلاپ كەتكەن چاغ.

— ئابدۇجەلىل ئابدۇقادىر

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە چاھارباغ يېزا چاھارباغ كەنتىدە، دېھقان

## كىچىككىنە قەلبىمدە...

▲ مېنىڭچە، مىللىتىمىزنىڭ دۇنياغا تونۇلماسلىقى، سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ تەبىئىي پەن ئالىملىرىمىزدىن كۆپ بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

▲ ئەرلەرنىڭ يەنە بىر ئىسمى ـ مەسئۇلىيەت.

▲ ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەركەك بولالمايدۇ، پەقەت ۋەتەن ۋە مىللەتنى ئالدىدا ئەرلىك ۋىجدانىغا يۈز كېلەلىگەنلەرلا ھەقىقىي ئەركەكتۇر!

— پاتىگۈل ئوبۇل

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## كۆڭلىمىزدىكى گەپلەر

**— گۈچۈڭ ناھىيە 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 3 ـ يىللىق 12 ـ سىنىپ (قوش تىللىق سىنىپ) ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەپەككۇرلىرىدىن**

▲ سىز قىلالىغاننى باشقىلارنىڭمۇ قىلالايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

▲ بىلمەي بېسىلغان خاتا قەدەمدىن يانغىلى بولىدۇ، ئەمما بىلىپ تۇرۇپ بېسىلغان خاتا قەدەمدىن ياناماق تەس.

▲ بىر سۆزنىڭ تولا تەكرارلىنىشى، مەقسەتنى كۈچەيتىش بولماستىن، بەلكى قىممىتىنى يوقىتىشتىن ئىبارەت.

— رىزۋانگۈل ئابلىكىمھاجى

▲ «تەبىئەتتىن ئايرىلدىم» دېيىشتىن ئاۋۋال، «تەبىئەتتىمدىن ئايرىلدىم» دېسىڭىز ئەڭ مۇۋاپىقتۇر.

▲ سېلىشتۇرۇش ـ ئۆزىنى چۈشىنىشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل.

▲ جەمئىيەت تارازىسى ئەڭ رەھىمسىزدۇر.

— گۈلمىرە بەكرى

▲ ئازاب ئىچىدىن خۇشاللىق ئىزدىيەلىگەن ئادەم، كېسەلنى تىز

پۇكتۇرگەن بىمارغا ئوخشايدۇ.

▲ تۇرمۇشتىن زېرىكىش، تۆيۈق يولغا كىرىپ قېلىشنىڭ بېشارىتىدۇر.

ـ ئىززەتگۈل جاپپار

▲ ھايات دېگەن نېمە؟

ھايات بىر ئادەم ئۆزى كومىسسىيە بولۇپ، راستچىللىق بىلەن بەرگەن ئىمتىھان. ئۇنىڭ نەتىجىسىمۇ، ئىمتىھان بېرىش جەريانىمۇ ھەركىمنىڭ ئۆزىگە تەۋە.

ـ نامىيە مۆمىن

▲ كىچىككىنە ئىشلارنى كۆڭلىگە ئېلىپ كېتىش، بىر ئادەمنىڭ چۈشىنىش دائىرىسىنىڭ تارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ـ مۇقەددەس مۇھەممەت

▲ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىسىدىن ھۇزۇرلىنالايدىغان ۋە ئازابلىنالايدىغان بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا ئوقۇتقۇچى ھەقىقىي كەسپىي سەزگۈگە ئىگە بولغان بولىدۇ.

ـ ماھىرە

▲ تىرىشچانلىققا ئەستايىدىللىق قوشۇلسىلا، غەلىبە چوقۇم بىزنىڭ.

▲ «قوش تىللىق سىنىپ» ئۆز خاسلىقىنى يارىتىشتا، مىللىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ھازىرلاش كېرەك.

ـ سەلىمە خالىق

▲ ياخشى ئۆتۈلگەن بىر سائەتلىك دەرس، ھاياتىمىزغا سېلىنغان ئېسىل دەسمايە.

ـ مېھرىبان ئابدۇللا

▲ ھەي كىتاب، سەن يىرتىلدىڭ، تاشلاندۇققا ئايلاندىڭ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىمىزمۇ تاشلاندۇققا ئايلىنىۋاتىمىزغۇ ئاخىر.

ـ پەزىلىيە غالىب

---

ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرىدىن رەتلىگۈچى: تىل ـ ئەدەبىيات مۇئەللىمىسى مەرزىيە ئابدۇللا

## تەپەككۇر تۆۋشلىرى

▲ تەدبىرلىك بول! ھىيلە ـ نەيرەڭگە تولغان دۇنيادا ياشىماقتىمىز.

▲ ئۇيقۇغا ئامراق بولما! بەش ئەسىرلىك «بۇخارا ئۇيقۇسى»دىن تېخى يېقىندىلا ئويغانغانمىز.

▲ باشقىلارنىڭ مۇۋاپىق پىكرى بويىچە ئىش كۆرگىنىڭ بولغىنى، لېكىن دائىملا شۇنداق قىلساڭ ئۆز ئەقلىڭنىڭ قۇللۇققا يۈز تۇتقىنى.

▲ ھازىر كىتابنى كۆپ ئوقۇغان ساپالىق ھېسابلانمايدۇ، بەلكى قانداق ۋاقىتتا قانداق كىتابنى ئوقۇشنى بىلگەنلەر ھەقىقىي ساپالىق ھېسابلىنىدۇ.

▲ سۇ ـ ھەم تازىلايدۇ، ھەم ۋەيران قىلىدۇ، سۆيگۈ ـ ھەم ياشارتىدۇ، ھەم تۈگمەس ئازابقا تاشلايدۇ.

▲ تار كوچىلار كەڭ يوللارغا تۇتاشقان، تار قەلبلەر جەھەننەمگە.

▲ ئاشىقلىق ئەپسانىلىرى يوقالغىنى يوق، يوقىلىۋاتقىنى ئەقىدە.

▲ سىرتىڭنىڭ بارلىقى ـ سېنىڭ تېخى قىممىتىڭنىڭ بارلىقى.

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، ئاياللىرى جەڭگىۋار مىللەتنىڭ ئەۋلادلىرى ئىنسانىيەتكە تۆھپە ياراتقان بولسا، ئاياللىرى چۈشكۈن ئەلنىڭ ئەۋلادلىرى ئىنسانىيەتكە جىنايەت ياراتقان.

▲ ھەرقانداق جاۋابنى كىتابتىن ئىزدىگۈچى بىر بولسا ئىزدەنگۈچى، ياكى مەڭگۈ ئۆز ئىزىدا سەكرەپ قالغۇچىدۇر.

▲ يالغانچىنىڭ قەسىمى تولا، دىۋانىنىڭ دۇئاسى.

▲ گېگېل: «زىددىيەت ـ تەرەققىياتنىڭ مەنبەسى» دېگەنىكەن. ئۇنداقتا، «تەرەققىيات خاتا چۈشىنىلسە، گاڭگىراشنىڭ مەنبەسى» دۇر.

▲ ھەقىقەت ئېتىقادى مۇستەھكەملەرگە مەڭگۈ ئېگىلمەيدۇ، ئېتىقادىنىڭ تايىنى يوقلارغا نىسبەتەن بىردە ئېگىلىپ، بىردە رۇسلىنىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

▲ مۇھەببەت ـ روھنىڭ ياشلىق دەۋرى.

▲ ھۆرمەت ھەرگىزمۇ بۇيرۇق بويىچە ئەمەس، بەلكى ئىچ مايىللىقتىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

▲ تارىخ ـ روھىي ئىلھام خەزىنىسى. ئەگەر سەن ئەقلىڭ بىلەن ئاچساڭ، بۇ خەزىنەسىنى ئارىفلىق ـ ئويغاقلىققا باشلايدۇ، ھېسسىياتىڭ بىلەن ئاچساڭ، ئۆتۈپ كەتكەن خىيالپەرەس ۋە مەدداھقا ئايلاندۇرۇپ تاشلايدۇ.

▲ بۇلغىنىۋاتقىنى ئېكولوگىيە ئەمەس، بەلكى روھىيەتتۇر.

▲ پۇل تاپقانچە يولۇڭ ئېچىلىدۇ، تىلىڭ شېرىنلىشىدۇ، دىلىڭ رەڭدارلىشىدۇ، يۈرىكىڭ چوڭلىشىدۇ، ۋەدىلىرىڭ كۆپلىشىدۇ، كۆزلىرىڭ ئاچلىشىدۇ، ۋەھىمە ھەمراھلىشىدۇ.

▲ ھەقىقىي دوست، سەن يىقىلغاندا قولۇڭدىن تارتىپ نىشاننى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان كىشىدۇر.

▲ قىزلار ـ ھاياتلىقنىڭ ئاساسى ھەم ھالاكىتىنىڭمۇ ئوق يىلتىزى.

▲ جەڭگىۋارلىق بىلەن چۈشكۈنلۈكنىڭ پەرقى بولسا، ئالدىنقىسى ياشارتىدۇ، كېيىنكىسى مۇكچەيتىدۇ.

▲ زېرىكىش مۇنۇ ئىككى سەۋەبتىن: بىرى، بەك چۈشىنىپ كەتكەنلىكتىن، يەنە بىرى، ھەرقانچە قىلسىمۇ، ھېچ بىلەلمىگەنلىكتىن.

▲ جۈرئەتسىز ئەر ـ «ئەرەنچە» ياسىنىۋالغان ئايال.

▲ «ئەسلىي بۇ سۆزنى ھېچكىمگە دېمەي دېگەن...» دەپ سۆز باشلىغۇچىلار بىر بولسا ساڭا چىن دىلىدىن ئىشىنىدىغانلار، بىر بولسا سېنى مەلۇم مەقسەتكە يېتىشتىكى ۋاستە دەپ بىلگەن كىشىلەر.

ـ لۇتپۇللا ئەركىن

---

ئاپتور: غۇلجا ناھىيە ئۇچئۇن خۇيزۇ يېزا مىللىي 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ساختا مۇھەببەت خۇددى بىر خىروئىن، ئەگەر سەن ئۇنى ۋاقتىدا تاشلىمىساڭ، ئۇ سېنى خۇمار قىلىپ، ئاخىرىدا ھەممە نەرسەڭدىن ئايرىيدۇ.

ـ «چالىقۇش»

---

ئاپتور: شىنجاڭ خوتەن ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ تەلۋە كىشىنىڭ مىڭ تېپىرلىشىدىن، ئاقىل كىشىنىڭ بىر قىمىرلىشى ئەلا.

ـ تۇرغۇنجان ئەمرۇللا

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2003 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئادەم رەقىبى بىلەن جەڭگە چۈشكەندە ئىشەنچكە موھتاج بولسا، دوستى بىلەن جەڭگە چۈشكەندە غەمگە موھتاج بولىدۇ.

— مۇھەممەتئەزىز مەھمۇت (چىدامىي)

---

ئەپسۇس، ئاپتور مەزكۇر يازمىسىغا ئۆز ئادرېسىنى يېزىشنى ئۇنتۇغان

▲ كىشى ئۆز قەلبىدىكى سۆزلىرىنى باشقىلار ئالدىدا تولۇق، مۇكەممەل ئىپادىلىشى ناتايىن. شۇنىڭ ئۈچۈن دېمەكچى بولغانلىرىنى يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلەشنى بىلىۋالمىقى زۆرۈردۇر.

— ئابلىمىت ئۆمەر

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرى «پىدا» سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ يامان نىيەتلىك كىشىدىن ياخشىلىق تىلەش، ئۆز بويىنىغا سىرتماق سېلىپ، سىرتماقنىڭ ئۇچىنى شۇ ئادەمگە تۇتقۇزۇپ قويغانلىق.

▲ كېچە ئاسمىنى ئاي ـ يۇلتۇزلار بىلەن چىرايلىق بولغىنىدەك، ئىنسانلار جەمئىيىتى ئالىم ـ پېشىۋالار ۋە ساپ نىيەت كىشىلەر بىلەن گۈزەلدۇر.

— مۇھەممەتنىياز ئىمىنىياز

---

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات كەسپى 2003 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ كېچىدە يېنىپ تۇرغان كوچا چىراغلىرى سىزنىڭ ئامان ـ ئېسەن يول مېڭىشىڭىز ئۈچۈن يول كۆرسىتىپ بەرسە، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى سىزنىڭ ھايات مۇساپىسىنى قانداق بېسىشىڭىزغا يول كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

▲ سىز ئالدىراپ بىراۋلارنىڭ ماختاشلىرىغا ئىشىنىپ كەتمەڭ. سىزنى ئارتۇقچە ماختىغان كىشى، بىر بولسا سىزگە ھاجەتمەن، بىر بولسا سىزنى ئۆزىگە ھاجەتمەن قىلماقچى بولغان ئادەمدۇر.

— ئانىخېنىم ياسىن (لىرىكا)

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ياخشى ئادەم بولۇشقا يىللاردىن جاۋاب ئالسەن، يامان ئادەم بولۇشقا مىنۇت ـ سېكۇنتتىن.

— مامۇتجان ئەخەت

---

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە يېڭىئۆستەڭ يېزىسىدا، دېھقان

▲ دۇنيا ئۆتكەنلەردىن ئېرىشىدۇ، ھازىرقىلاردىن تەلەپ قىلىدۇ، كېيىنكىلەردىن كۈتىدۇ.

— ئالىمجان مۇھەممەت

---

ئەپسۇس، ئاپتور مەزكۇر يازمىسىغا ئۆز ئادرېسىنى يېزىشنى ئۇنتۇغان

## رەڭدار ھېسلار

▲ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى ـ جەمئىيەتنىڭ ئەينىكى.

▲ سىزنىڭ زور غەلبىڭىزگە سىز ھېس قىلمىغان ئەڭ ئاددىي بىر ئىش تەسىر قىلىشى مۇمكىن.

▲ بىرىنچى قېتىم پۇشايمان قىلغاندا، قىلمىسام بوپتىكەن، دەيمىز. ئىككىنچى قېتىم پۇشايمان قىلغاندا، بوپتۇ، بىر قېتىم، دەيمىز. ئۈچىنچى قېتىم پۇشايمان قىلغاندا، ۋاي ئىست، دەيمىز.

▲ دۇنيا نەزەرىيە بىلەن تولماقتا، ئەمەلىيەت بىلەن تەرەققىي قىلماقتا.

— نۇرئامىنەم رىشات

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ دېھقانلار «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇغاندىن بېرى كوچىلاردىمۇ ھېكمەت سۆزلىشىدىغان بوپكەتتى.

— تۇردى ئالاۋۇش

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە خانقىتام يېزا چىمەن كەنتىدە، دېھقان

## پۇتۇمغا سانجىلغان تىكەنلەر

▲ چىرايلىق باشلىغان ئىشنى چىرايلىق ئاخىرلاشتۇرالىغان ئادەملا ھەقىقىي غالىب ئادەمدۇر.

▲ قاتىتقلىق ئاۋۋال يۇمشاقلىقتىن باشلىنىدۇ.

▲ قىزلارنىڭ ھىيلىگەرلىكى ئوغۇللارنىڭ يانچۇقىنى قۇرۇقدىسا، ئوغۇللارنىڭ ھىيلىگەرلىكى قىزلارنىڭ ۋۇجۇدىنى دەپسەندە قىلىدۇ.

— ئەركىن ئابدۇكېرىم

---

ئاپتور: شىنجاڭ ساقچى ئوفىتسېرلىرى ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## ئىزدىنىش ھېسلىرىم

▲ بەزى قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ كۆپ تىللىق بولۇشى بىر تەرەپتىن نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن كۆچۈرۈش دائىرىسىنىمۇ كېڭەيتىۋەتتى.

▲ مەن ھېچنېمە يازالمايتتىم، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مېنى يېزىشقا يېتەكلىدى؛ مەن كۆپ ئويلىمايتتىم، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى مېنى ئويلاندۇردى.

▲ كېيىن باشقىلارنىڭ ئالدىدا بېشىمىزنىڭ چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ھازىر چېچىمىز چۈشۈپ كەتكۈدەك ئۆگىنىش ھەقىقەتەن ئەرزىيدۇ.

— ياسىن بوساق (دىلبارىس)

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخى كەسپى 2005 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

دۇنيا ئادالەتسىز ئەمەس، ئادەملەر شەپقەتسىز.

— ئەزىزجان سەلەي ئىمران

---

ئاپتور: خوتۇنسۇمۇل (خېجىڭ)ناھىيە لاۋرۇڭ مەكتەپتە

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ بەخت قارىشىنىڭ ئوخشىماسلىقى، ئادەملەرنى كۆرۈنمەس تىپلارغا ئايرىۋەتتى.

▲ ئازاب ئادەمنى ئاچچىق قىيناش بىلەن بىرگە، كېيىنكى قەدىمىگە توغرا بېسىشقا يول ئاچىدۇ.

▲ ھەرقانداق ئادەمنىڭ روھىدا شۇنداق بىر نازۇك جاي باركى، ھەرگىز تېگىپ كەتمە. بولمىسا، شۇ ھامان پارتلايدۇ.

▲ غۇرۇرلۇق مۇھەببەتتىن ئۈستۈن تۇرالىشى كېرەك، بولمىسا ئادىمىلىك قىممىتىڭ تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

▲ پىكىر ـ ئىنسانىيەتنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى. خەلقنىڭ قەلبىنى سۆزلەيدىغان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن پىكىر قىلىشنى ئۆگەندىم.

▲ پەسلەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىگە پىسەنت قىلما. بولمىسا، ئۆزۈڭمۇ بىلىپ ـ بىلمەي پەسلىشىپ قالىسەن.

▲ يوقسۇزلۇق ئەڭ ئاۋۋال سېنى ماددىي جەھەتتىن نامراتلاشتۇرىدۇ، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى مەنىۋى جەھەتتىن نامراتلاشتۇرىدۇ.

▲ بىرى، باللىق قالدۇرغان يۈرەك يارىسى، يەنە بىرى، تۇنجى مۇھەببەت قالدۇرغان يۈرەك يارىسى مەڭگۈ ساقايمايدۇ.

▲ ئۈمىدسىزلىك بەك ئۇزاق داۋاملاشسا، ئادەم «ۋاستە تاللىمايدىغان مەخلۇق»قا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ـ ئايتۇرەم ئابلىتىپ

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2004 ـ يىللىق 13 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ 21 ـ ئەسىر نېمىگە ئەڭ ئېھتىياجلىق؟ئىختىساسلىقلارغا، ئىختىساسلىقلار نېمىگە موھتاج؟ داۋاملىق بىلىمنى يېڭىلاپ تۇرۇشقا.

▲ بىر ئادەم بىلەن تونۇشۇشتا پۇرسەتكە، بىر ئادەمنى چۈشىنىشتە ئەقىل ـ پاراسەتكە، بىر ئادەم بىلەن ئىناق ئۆتۈشتە كەڭ قورساقلىققا تايىنىش كېرەك.

ـ ئابدۇرەھمان ئىبراھىم

ئاپتور: قەشقەر شەھەر پاختەكلە يېزا مەركىزىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

**خاتىرەم بېتىدىن...**

▲ دوراش ـ ئەڭ دەسلەپتىكى يول.

▲ ھەركىم ئۆزى قىلىۋاتقان كەسىپنى سۆيگەندە، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىققاندىلا، ھازىرقى دەۋردىكى ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر بولالايدۇ.

▲ جەمئىيەتتە قىزلارنى بۇزۇۋاتقىنى بىر بولسا موھتاجلىق ۋە ئامالسىزلىق، بىر بولسا ئەركىنلىك.

▲ يوقسۇزلۇق ۋە جۇدالىق ـ تۇرمۇشتىكى ئەڭ قىيىن ئىمتىھان.

▲ سېنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىڭ ئوخشاش جىنسلىقلار ئوتتۇرىسىدا رىقابەتچىلىرىڭنى كۆپەيتسە، يات جىنسلىقلار ئوتتۇرىسىدا قىزىققۇچى ۋە چوقۇنغۇچىلىرىڭنى كۆپەيتىدۇ.

▲ ھەر بىر ئادەمنىڭ كەچۈرمىشى بىر ھەقىقەت.

▲ سېنىڭ مۇھەببەت ـ نەپرىتىڭ سېنىڭ ۋىجدانىڭنى تۇغدۇ.

ـ تۇراقىز توختى

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئەدەبىيات كەسپى 2002 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكىڭنىڭ ئورنىنى مەڭگۈ تولدۇرالمايسەن.

▲ گۈلنىڭ تۇزىغىنىنى كۆرۈپ ئاھ ئۇرما! ئۇ تۇزىغان بىلەن ئورنىدا بىر تال ئۇرۇقى قېپقالىدۇ ئەمەسمۇ.

ـ ئايشەمگۈل ئېلى

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا شېكەر باغ كەنتىدە، دېھقان

**تەپەككۇر ئۇزۇندىلىرى**

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى دېھقانلارنىڭ تەپەككۇر ئۇرۇقلىرىنى مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مىللەتلەرنىڭ دىل ئېتىزىغا تېرىغۇچى سەرخىل ژۇرنال.

▲ باشقىلارنىڭ يۇرتىدا مۇساپىر بولۇشتىن قورقمىغىن، لېكىن ۋىجدانىڭنى يوقىتىشتىن قورققىن.

▲ باشقىلارنىڭ بىلىمى بىزنى ئەقىللىق قىلىشى مۇمكىن، بىراق مەدەنىيىتى ھايالىق قىلالىشى ناتايىن.

▲ ئەقلىي ئەمگەك روھىمىزنى تازىلىسا، جىسمانىي ئەمگەك تېنىمىزنى ياشارتىدۇ.

▲ شەھەرلەردە لالما ئىتلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، ھەددىدىن ئارتۇق ئىسراپچىلىقنىڭ يامراپ كەتكەنلىكىدىن.

▲ قىزلىق قىزنىڭ ئىپپىتى بولسا، ۋەتەن ئەرنىڭ ئىپپىتى.

▲ كۆپ مەسلىھەت سېلىش، باشقىلارغا ئاجىزلىقنى ھېس قىلدۇرۇپ قويىدۇ.

ـ كامىل ئەخمەت (ھىدايەت)

ئاپتور: بورتالا شەھەر چىندىل يېزا گۈلۈمتى كەنتىدە، ھۈنەرۋەن

▲ ئىلغار ئىدىيىنى ئاتوم بومبىسىمۇ يوقىتالمايدۇ.

ـ بەختىيار قادىر

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى تەييارلىق 2005 ـ يىللىق 14 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

**ئالىي مەكتەپتىكى تۇيغۇلار**

▲ مەكتەپ ئاشخانىلىرىدىكى گۆشلۈك تائاملارنى ئىسراپ قىلغان قىزلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دېھقانلار ئارىسىدا پراكتىكا قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم.

▲ ئالىي مەكتەپ ئاجايىپ بىر دۇنيا، بۇ يەردە بەزىلەر ۋاقىت يەتكۈزۈپ بولالماي، بەزىلەر ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ بولالماي ئاۋارە.

▲ يېقىندا بىر تۆمۈرچى شادا ئورۇيدىغان ئەسۋابتىن بىرنى كەشىپ قىلىۋېدى، دېھقانلار ئەمدى كەتمەن، ئورغاق ياكى قولى بىلەن شادا يۇلۇشتىن قۇتۇلۇپ، بۇ ئەسۋاب بىلەن ئېشىكىگە تايىنىپ شادا ئورۇيدىغان بولدى. دېھقانلارنىڭ يۈكى يېنىكلىدى. لېكىن بىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دېھقانلار ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىپ بېرەلىدۇق؟

ـ ھەبىبۇللا ئايۇپ

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىسادىي قانۇن كەسپى 2004 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

**چولتا پىكىرلەر**

▲ ئۆز قىممىتىڭنى ئۆزۈڭ بىلمىسەڭ، باھايىڭنى باشقىلار بېكىتىدۇ.

▲ غالىبلارنىڭ غالىب بولۇشىدىكى سىر، ئۆز ئاجىزلىقىغا تەن بەرمىگەنلىكىدە.

▲ ياۋروپا ئەللىرى ئۆزىنى كۈچەيتىش ۋە ئۆزىنى تونۇتۇشنى

«سانائەت ئىنقىلابى» بىلەن باشلانغان بولسا، بىز ئۆزىمىزنى كۆچەي- تىش ۋە دۇنياغا تونۇتۇشنى «سەنئەت ئىنقىلابى» بىلەن باشلاۋاتىمىز.

▲ ۋىجدانسىز ئالىمنىڭ ئىلمى ئەلنى قىينايدىغان جازا قورالىدىن ئىبارەت.

▲ ئادەمنىڭ ئۆزىنى باشقۇرۇشى، ئاغزىدىن ئوت يېنىپ، ئەزايە- دىن زەھەر تېمىپ تۇرغان ئەجدىھانى باشقۇرماقتىنمۇ قىيىن.

▲ ئەگەر بۇ دۇنيادا يىغا بىلەن ئۆز ئارزۇسىغا يېتەلەيدىغان ئادەم بار دېيىلسە، ئۇ دەل بوۋاق بالىدىن ئىبارەت.

▲ دۈشمىنىنى مەنسىتمەسلىك بىر تەرەپتىن چەكسىز غالىبلىقنىڭ بېشارىتى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن چېكىدىن ئاشقان غاپىللىقنىڭ ئا- لامىتىدۇر.

–ئابدۇللاجان قۇدرەت (بەرداش)

---

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە كۆكيار يېزا ئېكىزيار كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ كۆز يېشىڭنىڭ تەمنى پەقەت ئۆزۈڭلا تېتىيالايسەن.

▲ پانىينىڭ جەننىتى ئەلنىڭ قەلبىدە.

– ئاسىيەم نۇرمۇھەممەت

---

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تارىخ كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدىكى ئادەملەر بىلەن پىكرىڭىزنىڭ ئوخ- شاش چىقماسلىقىدا پەقەتلا ئىككى خىل سەۋەب بولۇشى مۇمكىن: بىر بولسا سىز ئۇلارغا قارىغاندا ئەخمەق، بىر بولسا سىز ئۇلاردىن نەچچە ھەسسە ئەقىللىق.

▲ سىز ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ۋاقتىڭىزدا ئاندىن ئەترا- پىڭىزدىكى يېقىن ئادەملىرىڭىزنى ھەم ئۆزىڭىز دۈچ كېلىۋاتقان خە- ۋىرىنى قايتا تونۇپ يېتىسىز.

▲ دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك «قامچا» خەلقپەرۋەر قەلەم تەۋرەت- كۈچىمىزنىڭ قولىدا.

–ئايتۇرسۇن ئابلا

---

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتى 2004 – يىللىق 1 – سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ موللامنىڭ مەرتىۋىسى مازاردا، ھايۋاننىڭ مەرتىۋىسى بازاردا.

▲ باينىڭ بالىسى ئويۇننىڭ ئارقىسىدىن قويۇندەك يۈرسە، نام- راتنىڭ بالىسى بىلىم ئارقىسىدىن تىلەمچىدەك يۈرىدۇ.

▲ ئېغىز بىلەن سۆزلىگەننىڭ ھەممىسىنى قەلەم بىلەن بولماس يېزىپ، يەر – زېمىننىڭ بايلىقىنى كىران بىلەن بولماس قېزىپ.

– ئېلى مەتيۇسۇپ

---

ئاپتور: چىرا ناھىيە گۇلاخما يېزا ئاراتۆستەڭ كەنتىدە، دېھقان

## ئېغىر تىنىقلار

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر مېۋىلىرى» سەھىپىسىدىكى ھەر بىر ئەقلىيە ھەر بىرىمىزگە ئەۋەتىلگەن ئادىل ھۆكۈمدار ۋە چاقىرىق قەغىزى، ھەر بىرىمىز ئۇچۇن جاھاننەما ئەي- نىكى ھەم يول كۆرسەتكۈچى بەلگە، ھەر بىرىمىزنىڭ قىلغان – ئەت- كىنىمىزنىڭ دەلىل – ئىسپاتى.

▲ ساقايماس كېسەل – كۆڭۈل يارىسى.

▲ ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭىزنى تولۇق چۈشەنگەن چېغىڭىزدا ئۇنىڭدىن ئاللىبۇرۇن ئايرىلغان بولىسىز.

▲ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىش، دوستنىڭ دۈشمەنگە ئايلىنىشى.

▲ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئازابلىق ئىش – باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قېلىش.

▲ دوستۇڭ بىلەن ئۇرۇشقىنىڭ ئەقىلسىزلىق.

دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشقىنىڭ ئامالسىزلىق.

▲ ھايات – قولىڭىزدىكى بىر چىنە تۇزسىز ئاش.

–ئابلەتجان شۈكۈر (خۇشچاقچاق)

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە دۆڭقوتان بازار لەنگەر كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ مۇنبەردىكى دەبدەبىلىك نۇتۇق، كىرېسلودىكى يېزىق، تامدى- كى ۋەدىنامە بىلەن چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولسا، تەبىئەتتىكى گۈلدۈرماما ئارقىلىق دۇنيادىكى زومىگەرلىكنى توسۇغىلى بولاتتى.

▲ مۇناپىق ئۆلۈمدىن قورقىدۇ، باتۇر نومۇستىن.

▲ دەرىجە پەرقى ئۆسكەنسېرى ھاكىمىيەت خەلقتىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

▲ ھەر قانداق نەرسە ئۆز خىلى ئىچىدە ئەتىۋار.

– توختى ناسىر

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كەسپىي – تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتە- پىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ قوپال دەپ ئاتالساڭمۇ، ئاجىز دەپ ئاتالما.

▲ ھايات ئاقىللارغا نىسبەتەن ئاتقان ئوقتەك تېز ئۆتسە، نادانلارغا نىسبەتەن توختام سۇدەك تۇيۇلىدۇ.

– ئابدۇۋەلى ئېلى

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزىسىدا، دېھقان

▲ ئۈمىدۋارلىق – غەلىبە ئۇچقۇنى.

– گۈزەلنۇر مۇھەممەت

---

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەت 6 – ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 – يىللىق 15 – سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئۆزىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىش ئادەمنى مۇستەبىتكە ئاي- لاندۇرسا، ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك ئادەمنى قۇللۇققا باشلايدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەپەككۇر قۇشلىرىنىڭ ئەركىن قانات قاقالايدىغان كەڭرى ساماسى.

– رىزۋانگۈل ھۇسەيىن

---

ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل – ئەدەبى- يات فاكۇلتېتى 2004 – يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## كۆڭۈل خاتىرەمدىن

▲ ئەينەككە قارىۋېدىم، ھارغىن ئەكسىمنىلا كۆردۈم. تېلېۋىزورغا قارىۋېدىم، تەكرار – تەكرار ئېلانلارنى كۆردۈم. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا قارىۋېدىم، يۈرەكنىڭ بېغىشىغا تەگكۈدەك چىن – ھەقىقىي، ئېتىملىق ھېكمەتلەرنى، بەجايىكى مەھمۇد كاشغەرىي بوۋام، ئاماننىسا موماملارنىڭ ھىدى سىڭگەن ئىلىم بۇلىقىدىن ئۇچۇملاپ ئىچىپ، چاڭقاق

قەلبىمنى قاندۇرغىدەك ئەقىل ئابىھاياتلىرىنى كۆردۈم.

ـ رۇقىيە ئابلەت

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە بەشكەندبازار خانئېرىق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

* * *

▲ ئۆزۈڭنى گۆھەر ھېسابلىسالڭ، ئۆزۈڭ قاز، بولمىسا مەڭگۈ كۆمۈلۈپ قالىسەن.

ـ ياسىن قەييۇم

---

ئاپتور: كورلا شەھەر «ئىتتىپاق» سودا بازىرى 6 ـ دۇكاندا

▲ ھەسەتخورلۇق بىلەن چىدىماسلىق بىرلەشسە، پىتنىخورلۇققا ھامىلدار بولىدۇ.

▲ كۆڭلى تۈزنىڭ تۇرمۇشىدا «جۇدۇن پەسلى» ئۇزاق بولىدۇ.

▲ تىل يالغاننى سۆزلىسە، كۆز راستنى سۆزلەيدۇ.

ـ ئابدۇۋەھھاب جەلىل

---

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات كەسپى 2003 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئىنتىلدىڭ، ئېرىشتىڭ.

بوشاشتىڭ، يوقاتتىڭ.

▲ «مۇشۇ كۈنۈمگىمۇ شۈكۈر» دەپ ئولتۇرىدىغانلار، رەھىمسىز رېئاللىقنىڭ بىچارە قۇللىرىدۇر.

ـ زۆھرەگۈل ئەزىز

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئالىم ئۆلسە ئاۋام تەلەي يىغلايدۇ، زالىم ئۆلسە ئايالى يالغان يىغلايدۇ.

▲ ياغاچنىڭ كالتىكىنى رەندە، ئەرنىڭ ئەسكىسىنى خوتۇن ئوڭشايدۇ.

ـ ئابدۇللا ياقۇپ

---

ئاپتور: جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى موڭغۇلكۈرە چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتى خۇنخاي چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىدا

▲ كۆڭلۈڭنىڭ بىسەرەمجانلىقى ئاغزىڭنىڭ ئىتتىكلىكى، پۇت ـ قولۇڭنىڭ بىسەرەمجانلىقى ئەقلىڭنىڭ گاللىقىدىن.

▲ بىراۋنىڭ كۆزىدىن ئەقلىنى، كۈلۈشىدىن غەرىزىنى، مېڭىشىدىن ئىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى، سۆزلىشىدىن قەلب ئەينىكىنى، سۆز ئاڭلاش سەنئىتىدىن پەزىلىتىنى كۆرەلەيسەن.

ـ غۇنچەم توختى

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات كەسپى 2002 ـ يىللىق 6 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

تىل قوزغىغان ھېسلار

▲ تىلنىڭ ساپلىقى، مىللەتنىڭ مۇكەممەللىكىدۇر.

▲ تىل ئالاقىلىشىش ۋاستىسىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى مىللەتلەر رىشتىنى چاتقۇچى خاسىيەتلىك يىپ.

▲ تىلنىڭ قېينىلىق دەرىجىسىنى شۇ تىل قۇرۇلمىسىنىڭ مۇرەككەپلىكى ئەمەس، بەلكى شۇ مىللەتكە بولغان ھۆرمەتنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى بەلگىلەيدۇ.

▲ تىل ـ تاپقان ـ تەرگىنىڭنىڭ ئانىسى.

▲ تىل ـ خورىماس ھەم بۇلانماس بايلىق.

▲ مىللەتنىڭ شان ـ شەرىپى ئۇنىڭ تىلىدىن تارىلىدۇ.

ـ تۇرسۇن تۇردى

---

ئاپتور: ماىناغ 6 ـ رايون ئاھالىلەر كومىتېتىدا

تەپەككۇر ئۇنچىلىرى

▲ قاتمال «مۇدىر» مائارىپ مەنىۋىيىتىنىڭ رەھىمسىز قاتىلى.

▲ تەننىڭ ھەرىكىتى ـ ئۆمۈرنىڭ بەرىكىتى.

▲ يولۋاسنىڭ باتۇرلۇقى، يىلپىزنىڭ چەبدەسلىكى، شىرنىڭ رەھىمسىزلىكى، ئېيىقنىڭ كۈچتۈڭگۈرلۈكىنى ھېس قىلالىغان كىشى ـ ھەقىقىي بوكسچى بولالايدۇ.

▲ ئاقلىق ئەزەلدىن پاكلىقنىڭ سىمۋولى بوپكەلدى. ئۇنداقتا، ئاق رەڭلىك توي كۆڭلىكى بىلەن يۆتكەلگەن قىزنىڭ ھەممىسى پاكمۇ؟

▲ بىزدىكى رېستورانلىشىش خۇشامەتچىلەرگە پۇرسەت، ھاراقكەشلەرگە ئۆلپەت، ئائىلىلەرگە كۈلپەت ئەكەلدى.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئوقۇرمەنلەرگە نەپ بەردى، بىلمىگەننى دەپ بەردى.

ـ ئابدۇقادىر بارات

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئالمەت يېزا مەركىزىي ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ ياشلىقىمدا چەككەن جەبىر ـ جاپالىرىڭ، تارتقان ئازابلىرىڭ، قېرىغاندا ئېرىشىدىغان بەخت ـ سائادىتىڭ ئۈچۈن ئالدىن تۆلىگەن زاكالەت.

ـ زورىگۈل قۇربان

---

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2002 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ «پېشانەمگە پۈتۈلگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ» دېيىش، تەدبىرسىزلەرنىڭ تەسەللى دورىسى.

▲ ئۇلۇشكۈن، تۈنۈگۈن، بۈگۈن قىلغان ئىشىڭىزنى ئەتە يەنە قىلسىڭىز ئادەتكە ئايلىنىدۇ، مەيلى ياخشى ئىش ياكى يامان ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر.

ـ تۇرسۇنجان ئوبۇل

---

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى باغۋەنچىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ كائىناتتا يول كۆپ، ئەڭ ئۇلۇغى ـ كۆزۈڭ بىلەن مېڭەڭ ئارىلىقىدا.

▲ تالادىكى دۈشمەندىن ئۆيدىكى دۈشمەن يامان.

ـ تاڭنۇرى سىدىق

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى

ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2003 ـ يىللىق 6 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ سېنىڭ سىرىڭنى بىلگەن ئادەم، ھامان بىر كۈنى ساڭا دۈشمەن.

ـ تۇرسۇنگۈل ئەھمەت

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ غالىبلارچە ياشىغۇڭ بولسا، ئاقىللارچە ئىش قىلىشنى ئۆگىنىۋال.

▲ سېنى ئەڭ چۈشەنگەن ئادىمىڭلا ئاسان مەغلۇب قىلالايدۇ.

ـ ئوغۇلنىسا سۇلتان

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى تىل ـ ئەدەبىيات كەسپى 2004 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تۇرمۇشنى قايتىدىن باشلاي دېسەڭ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن مەسلىھەت ئال.

▲ تىنىمسىز ھەرىكەت ئەڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

▲ ھاياجان خىيالغا قانات، شائىرغا ئىلھام، غالىبقا دۈشمەندۇر.

▲ ئەڭ ئۇلۇغ سوۋغا ھېكمەت سوۋغىسىدۇر. بۇ سوۋغا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

ـ ئاينۇر رەھمان (ئېرەن)

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئەدەبىيات كەسپى 2004 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ دۇنيادىكى ئەڭ تاتلىق نەرسە، جاپا تارتىپ ئېرىشكەن نەتىجە.

▲ «يەنە ئازراق بولسىكەن»، سېنىڭ لەززەت تاپقان ۋاقتىڭدۇر.

ـ يۈسۈپجان ھامۇت

---

ئاپتور: باي ناھىيە سايرام بازىرى لاپار كەنتىدە، دېھقان

### چىن خىتابلار

▲ ئەلچى كۆپ كەلگەن ئۆيدىكى قىز كۆپىنچە خاتا تاللاپ قويىدۇ.

▲ ئانىسى ئۇرسىمۇ، بالا يەنىلا «ئانا» دەپ يىغلايدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ ئۆزىڭىز ئۈمىد قىلغان ئادەم بولالمىغانلىقىدىن قايغۇرماڭ، چۈنكى، بەلكىم سىزمۇ باشقىلار ئۈمىد قىلغان ئادەم بولالماسلىقىڭىز مۇمكىن.

ـ مۇنەۋۋەر ئوبۇلھەسەن

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل فاكۇلتېتىنىڭ خەنزۇ تىلى مۇئەللىمەسى

## پارچىلار

### خوتۇن قانداق؟

خوتۇن ـ ئەرنىڭ ۋۇجۇدىنى تاۋلىغۇچى ئوچاق ھەم ئازابلىغۇچى ئۇرۇق.

### چۈشىنەمۇ ياكى پەرىشتە

«پەرىشتە قونغان كىشىنىڭ ئىشلىرى ئالغا باسىدۇ.» ـ ھەق سۆز. لېكىن پەرىشتىمۇ قونغىچىلىكى بار ئادەمگە قونىدۇ. چۈنكى ئۇ چۈشىنەئە-

مەس.

### شۆھرەت قوغلىشىش

شۆھرەت قوغلىشىش ـ شەخسنىڭ خەلقتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنىڭ بېشارىتى.

### تالانتلىق كىشى كىم؟

قانداق ۋاقىتتا ئېغىزىنى يۇمۇشنى بىلىدىغان ئادەم

ــ ئابلەت ئابدۇللازوقىي

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە ئايباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ چەت ئەلچىدىن تەرجىمىگە ئۆيغۇردىن مىڭ ئالىم، ئۇيغۇرچىدىن چەت ئەلچىگە قېنى ئالىم؟

ـ ئالىمجان تۇرسۇن

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ دۇنيادا نېمە ئىش قىلىش تەس دېسە، ئوخشىمىغان جاۋابلار چىقىشى مۇمكىن، يەنىلا قىزىقمىغان ئىشنى مەجبۇرىي قىلىش ئەڭ تەس.

ـ نۇرلانە

---

ئاپتور: سانجى ئىنستىتۇتى خەنزۇ تىلى فاكۇلتېتى تولۇق كۇرس 2003 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى

▲ تارىخ بىلەن باغلانمىغان ئەدەبىيات روھسىز تەنگە ئوخشايدۇ.

ـ ئانارگۈل روزى

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات مۇئەللىمەسى

▲ قەلەم تۇتۇشنى قەدىرلىك ئۇستازلاردىن ئۆگەنگەن بولسام، كەتمەن تۇتۇشنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن ئۆگەندىم.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇپ ئۆز ئەكسىنى كۆرگەنلەردىن بەزىلەر كۈلۈپ كەتسە، بەزىلەر ئۆلۈپ كېتىدۇ.

▲ مەن قۇياشقا نۇرغۇن قەرزدار ئىكەنلىكىمنى توك ھەققى تۆلىگەندە ھېس قىلدىم.

ـ ۋەرشىدىن تۇردىقۇلى

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە تار تاجىك مىللىي يېزا ئالمىلىق كەنتىدە، دېھقان

### خىيال تىۋىشلىرى

▲ بەخت ـ سىرى ئېچىلمىغان، ھەممىنى جەلپ قىلىدىغان دۇنيا گۈزىلى.

▲ خىيال ـ چەكلىمىسىز، پاسپورتسىز ساياھەتچى.

▲ مەغلۇبىيەت، ھەربىر ئىنسان ئىچىپ باققان شارابتۇر.

▲ خاتا سىياسەت ـ ئەلگە قىيامەت.

ئابدۇرەھمان ئابدۇلئەزىز

---

ئاپتور: ئاقسۇ ۋىلايەت 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 7 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى (M1)

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت

# ئالتۇن دەۋردىن سۈلياۋ دەۋرگىچە

ئەنۋەر مەتسەئىدى




قەدىمكى گرېك ئەپسانىلىرىدا ئېيتىلىشىچە، تەڭرى تەرىپىدىن بەش دەۋر ئىنسانلىرى يارىتىلغانمىش. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، «ئالتۇن دەۋر» ئىنسانلىرى بولۇپ، ئۇلار غەم ـ ئەندىشىسىز، كۈچلۈك، ساغلام، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرگەنمىش. ئۇلار باقىي دۇنياغا كۆچكەندىن كېيىنمۇ شاپائەت مالائىكىلىرىگە ئايلىنىپ، بۇلۇتلار ئۈستىدىن يەر يۈزىگە شاپائەت ۋە ھەققانىيەت ياغدۇرۇپ، گۇناھ ۋە يامانلىقنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ تۇرغانمىش. ئىككىنچىسى، «كۈمۈش دەۋرى» ئىنسانلىرى بولۇپ، ئۇلار بالاغەتكە يەتكىچە تولىمۇ ئۇزاق يىل بالىلىق ھالىتىنى ساقلاپ، ئانىلىرىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى ئىچىدە ياشىغانمىش. بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن بولسا، تۇرلۇك بەتقىلىق ئىشقا بېرىلىپ، تەڭرىگە ھۆرمەت قىلمىغانلىقتىن، چاقماق ئىلاھى زېۋس ئۇلارنى ئىنس ـ جىنغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنمىش. ئۈچىنچىسى، «تۇچ دەۋرى» ئىنسانلىرى بولۇپ، ئۇلار رەھىمسىز، قوپال، ئۇرۇشقاق بولغانمىش. تۆتىنچىسى، «قەھرىمانلىق دەۋرى» ئىنسانلىرى بولۇپ، ئۇلار گەرچە ئۆتكەن ئىنسانلارغا قارىغاندا ئالىيجاناب ۋە ئادالەتپەرۋەر بولسىمۇ، لېكىن كېيىنچە بۇلارمۇ ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىدىغان، بايلىق، يەر ـ زېمىن ۋە خوتۇن ـ قىزلارنى تالىشىپ ئۇرۇشىدىغان بولغانمىش. بەشىنچىسى بولسا، «قارا تۆمۈر دەۋرى» يەنى بۈگۈنكى دۇنيا ئىنسانلىرى بولۇپ، ئۇلار پۈتۈنلەي گۇناھكار بولغانمىش. بۇ دەۋردە زوراۋانلىق، ئادالەتسىزلىك، ۋىجدانسىزلىق، تۆھمەتخورلۇق، ئىناقسىزلىق، بەتنىيەتلىك، ھەسەتخورلۇق، ئاچكۆزلۇك قاتارلىق قەبىھ ئىللەتلەر ھۆكۈم سۈرگەچكە، تەڭرىلەر مەيۈسلىنىپ، مەڭگۈلۈك بۇلۇت

## بۈگۈنكى دۇنيا

ئۈستىگە چىقىپ كەتكەنمىش. بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ھېكايىلەر قەدىمكى ھىندى ئەپسانىلىرىدىمۇ بار.

بۇ ئەپسانىدىن كىشىلەرنىڭ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ۋە ئۇرۇش تەھدىتىگە تولغان بۈگۈنكى تىنچسىز دۇنيا رېئاللىقىغا بولغان كۈچلۈك نارازىلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ھەتتا ئىنسانلارنىڭ گۇناھتىن پاكلىنىپ، نىجاد تېپىش ئۈمىدىمۇ يوققا چىقىرىلغان. بىزنى ھەممىدىن بەك ئىزتىراپقا سالىدىغان نەرسە شۇكى، ئۇ ئەپسانە بىزگە گويا راستتەك، ئۇقۇشماستىن «قارا تۆمۈر دەۋرى»دە تۇغۇلۇپ قالغان بىز شور پېشانە ئىنسانلارنىڭ شۇ قەدەر بىچارە ۋە ئېچىنىشلىق تەقدىر ـ قىسمىتىمىزدىن ھېكايە سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. ئەڭ ئېچىنىشلىقى، بىزنى پۈتۈنلەي باش ـ پاناھسىز قالغاندەك، ئەمدى ھېچقانداق قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتى قالمىغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ـ ھە!

ئارستوتېل: «ئەپسانە ھەقىقەتتىن دېرەك بەرگۈچى يالغان ھېكايە»دېگەنىكەن. بىز ئىنسانىيەت بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي مۇساپىلەرگە ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى داۋامى بولغان ھازىرقى دۇنيا رېئاللىقىغا ئەقىل ۋە ئىبرەت كۆزىمىز بىلەن نەزەر سالساق، يۇقىرىقى ئەپسانىنىڭ پۈتۈنلەي ئاساسسىز ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ تېگىگە ناھايىتى چوڭقۇر بىر ھېكمەتنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ پۈتكۈل تارىخنى ۋە بۇ تارىخ بەخش ئەتكەن ئىنسان قىسمىتىنى مول تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمىدە ئەڭ ئىخچام، ئەڭ ئوبرازلىق ۋە ئەڭ چىن ئىنكاس قىلغان بىر ئەپسانە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز.

ئالدى بىلەن بۈگۈنكى دۇنيا ھادىسىلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، بىز بۇ ئەپسانىدىن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ بىر ئومۇمىي يۈزلىنىشنى، يەنى ۋاقىتنىڭ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ بارغانسېرى ئۆتكۈرلىشىپ ۋە مۇرەككەپلىشىپ

ماڭغانلىقىنى؛ ئېتىقاد ۋە ئەخلاق كىرىزىسلىرىنىڭ، جۈملىدىن ھەر خىل
ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىپ ماڭغانلىقىنى؛
شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش بېسىمى ۋە روھىي بىنورماللىقنىڭ كۈنسېرى
ئېغىرلاپ بارغانلىقىنى بىلىمىز.

ئىنسانىيەتنىڭ روھىيەت تارىخى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تـەھـلـىـل
قىلساق، بۇ ئەپسانە بىزگە شۇنداق بىر ھەقىقەتنى، يەنى جىسمانىي ۋە
ئەقلىي تەرەققىياتى يېتىلگەنسېرى ئۆزىگە ئىشىنىشى، ياق، تەمەنـنـا
قويۇشى ئارتىپ، تەبىئەتتىن ۋە ياكى سىرلىق كۈچلەردىن ئەيمىنىشى
سۇسلاپ، نەپسى ـ تەمەسى بارغانسېرى كۈچىيىپ ماڭغان ئىنسانلار-
نىڭ بارغانسېرى ئۆزىدىن يىراقلىشىپ، ياتلىشىپ كەتكەنلىكى؛ ھېرىس
ۋە ئاچ كۆزلۈككە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ، تولىمۇ ئېغىر گۇناھ
پاتقىقىغا پاتقانلىقى (ئەپسانىۋى تەپەككۇر ۋە دىنىي چۈشەنچە بويىچە
تەڭرىدىن يىراقلىشىپ ماڭغانلىقى)دەك بىر تراگېدىك جەريانىنى ئىن-
كاس قىلىپ بېرىدۇ.

ماددىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتساق، ئىنسانـلارنـىڭ
ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ئۆسكەنسېرى ئۆزىگە ۋە ئۆز مۇھىتىغا
بۇزغۇنچىلىق قىلىش دەرىجىسى ئارتىپ، ئۆز تراگېدىيىسىنى ئۆزى
تېزلىتىپ ماڭغانلىقىدەك تارىخىي چىنلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. ماركسنىڭ
جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىنى «ئەڭ چوڭ تراگېدىيە»دەپ ئاتىشى
مەلۇم مەنىدىن يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ماس كېلىدۇ.

بۇنىڭدىن ئۈچ مىڭ يىللار ئىلگىرى توقۇلغان بۇ ھېكايىدە، قە-
دىمكى گرېك خەلقى ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنيانى شۇنداق سۈرەتلىگە-
نىكەن. ئۇلار تېخى سانائەت بۇلغىنىشىنى كۆرمـەي تـۇرۇپ، يـادرو
تەھدىتىنى ھېس قىلماي تۇرۇپ، ئېغىر ئەخلاق كرىزىسىغا دۇچ كەل-
مەي تۇرۇپ، ئەيدىز، سارس دېگەندەك ۋابالارنى بىلمەي تۇرۇپ،
تاجاۋۇزچىلىق، زوراۋانلىق، ئىرقىي قىرغىنچىلىق، تېررورلۇق دېگەن-
لەرنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچىسى، نە-
جاتكارى، روھىي يۆلەنچۈكى بولمىش ئىلاھلىرى بىلەن بىللە ياشاۋې-
تىپمۇ ئۆز دەۋرىنى، ئۆز ھاياتىنى ئەنە شۇنداق قارا تۈمۈرگە تەققاس-
لاپ سۈرەتلىگەنىكەن. ناۋادا ئۇلار بۈگۈنكى دۇنيادا ياشىغان، مۇشۇ
دۇنيانى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولسا (ۋە ياكى ساپ، ساددا، غە-
رەزسىز ئەپسانىۋى تەپەككۇر ئۆز كۈچىدىن قالماي، ئۇشبۇ ھېكايە
داۋاملىق ئىجاد ئېتىلىۋەرگەن بولسا)، ئۇلار بۈگۈنكى دۇنيانى نېمە
دەپ ئاتار ۋە قانداق ئىبارىلەر بىلەن سۈپەتلەر ئىدى ـ ھە! مېنىڭچە،
ئېنىقكى، ئۇلار دۇنيانىڭ بۈگۈنكى دەۋرىنى قىلچە ئىككىلەنمەستىنلا
«سۇلياۋ دەۋرى» دەپ ئاتىشى تۇرغان گەپ ئىدى (ئەمەلىيەتتىمۇ
خەلقئارادا مۇشۇنداق دېگۈچىلەر خېلى بار). چۈنكى بۈگۈنكى دۇنيا
ئىنسانلىرىنىڭ ئەقلى تەستىقلاپ تۇرغىنىدەك، ئەگەر ئۇشبۇ دۇنيانى
شۇنىڭدەك ئۇشبۇ دۇنيادىكى ئىشلار ۋە ھادىسىلەرنى، ئىنسان خا-
راكتېرىنى ۋە مەنىۋى قىممەتلەرنى مېتال بىلەن سۈپەتلەشكە ياكى
مەلۇم بۇيۇم بىلەن باراۋەر قىلىشقا توغرا كەلسە، ئەلۋەتتە بۇنىڭغا
«سۇلياۋ»دىن بۆلەك مۇۋاپىق نەرسە تېپىلمايدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇش
بۇيۇملىرىدىن تارتىپ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكلەرگىچە؛ كو-
چا ـ كوي، باغۋاران، ئېتىز ـ ئېرىقـلاردىن تـارتـىپ تـاغ ـ دەشت،
چۆل ـ باياۋانلارغىچە ھەممىلا نەرسىنى، ھەممىلا يەرنى سۇلياۋ قاپ-

لاپ كەتكەن، ھەتتا كىشىلەرنىڭ مىجەز ـ تەبىئەتلىرىگىچە سۇلياۋغا
ئوخشاپ قېلىۋاتقان ئۇشبۇ دۇنيانى خاراكتېرلەشكە ئۇنىڭدىن بۆلەك
يەنە نېمە ئەڭ ماس كەلسۇن؟

دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمچە جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخى، جۈمە-
لىدىن مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىي نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا،
ئىنسان باللىرىنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش، مەدەنىيلىشىش ۋە مۇكەممەللە-
شىش دەرىجىسى ئۆسكەنسېرى ئۇلارنىڭ ھايۋانلىق تەبىئىتى ئاجىز-
لاپ، ئىنسانلىق تەبىئىتى ۋە كىشىلىك پەزىلىتى كۈچىيىپ مېڭىشى كې-
رەك ئىدى. ئەپسۇسكى، يۇقىرىقى ئەپسانىدىن مەلۇم بولغىنى، شۇن-
داقلا بۈگۈنكى دۇنيا رېئاللىقى ئىسپاتلاپ تۇرغىنى دەل بۇنىڭ ئەك-
سىچە بىر ئەھۋال. مانا بۇ «پەلەكنىڭ چاقى تەتۈر ئايلىنىدىغان»لى-
قىدەك يەنە بىر دىئالېكتىكنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرى ئۇلارنىڭ ئەقىل، بىلىم جەھەتتە
ئاجىز ۋاقتى ئىدى. بىراق ئۇ چاغدا ئىنسانلار «ئالتۇن دەۋرى»نى
بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. كېيىنكى دەۋرلەردە ئىنسانلار بارغانسېرى ئۆ-
زىگە تەمەننا قويىدىغان بوپكەتتى. ئۆز كۈچىنى ھېس قىلغانسېرى
ھېرىسمەنلىك، ئاچ كۆزلۈك ئۇلارنىڭ پەيلىنى ھايۋانغا يېقىنلاشتۇرۇپ
ماڭدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۈچەيگەنچە گۇناھقا پېتىپ، ئاخىر «قارا
تۈمۈر دەۋرى»نىڭ جاپاكەش بەندىلىرىگە، ھەتتا «سـۇلـيـاۋ دەۋ-
رى»نىڭ سۇنئىي بىرىكمە مەھسۇلاتلىرىغا ئايلانغىلى تۇردى. دېمەك،
تەرەققىيات ئىككى خىل يۆنىلىشتە، يەنى ئوڭ ۋە تەتۈر تاناسىپلىق
ھالەتتە داۋاملاشتى. تارىخ ئالغا قاراپ سىلجىغانسېرى ئىنساننىڭ ئەق-
لىي تەپەككۇرى تەرەققىي قىلدى، تۇرمۇش شارائىتى ياخشىلاندى ۋ
تۇرمۇش تەلىپى يۇقىرىلاپ ماڭدى. بىلىم جۇغلانمىسى كۆپەيگەنسې-
رى، ماھارىتى ۋە تېخنىكىسى ئۆسكەنسېرى خىزمەت ئۈنۈمى ئۆسۈپ
باردى. ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئىشلەپ-
چىقىرىش قوراللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تەبىئەت ۋە باشقا
رەقىبلىرىگە نىسبەتەن قوغدىنىش ۋە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئۆ-
سۈپ باردى. باياشات ياشاش ئارزۇسى شۇنچە رېئاللىققا ئايلاندى.
مانا بۇ ئوڭ تاناسىپلىق تەرەققىيات ھالىتى ئىدى. بىراق بۇ خىل
كۈچىيىش جەريانى ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ شۆھرەتپەرەسلىك، راھەتپە-
رەسلىك ۋە پۇلپەرەسلىك ھەۋىسىنى ئۇلغايتىپ، ئۇلاردىكى ئېتىقاد ۋە
ئەخلاق كۈچى بىلەن مۇستەھكەملەنگەن ئىنسانلىق تەبىئەتنى ئاجىز-
لاشتۇرۇپ، ھايۋانلىق تەبىئىتىنىڭ جۇش ئۇرۇشىغا سەۋەب بولدى.
قىسقىسى، شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىنسانلارغا تەقدىردىن
نېسىپ ئېتىلگەن ۋە ئۆزلىرى تىرىشىپ ياراتقان تەرەققىيات تۆۋەن
باسقۇچتىن يۇقىرى باسقۇچقا ئۆتكەنچە، ئىنسان تەبىئىتىدىكى روھىي
پاكلىق، روھىي ئۇلۇغۋارلىق شۇنچىكى زەربە يېگەن ۋە كـەمـلـەپ
ماڭغان بولۇشى مۇمكىن. مانا بۇ تەتۈر تاناسىپلىق ھالەتتۇر. مانا بۇنى
مۇلاھىزىچىلەر، پەيلاسوپلار دائىم ئىنسانلاردىكى «ئۆزلۈكنى يوقى-
تىش» ھادىسىسى، «ئۆزىدىن يىراقلىشىش» ياكى «ياتلىشىش» دې-
گەندەك ئۇقۇملار بىلەن ئىپادىلەپ كەلدى. ھالبۇكى، بۇ ھالەت يۇ-
قىرىقى ئەپسانىدە تەبىئەتتىكى مېتاللارنىڭ قىممىتىگە تەققاسلـىـنـىپ،
ئالتۇندىن باشلىنىپ قارا تۈمۈرگە كېلىپ توختىغان بىر جەريان بىلەن
ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ بېرىلگەن. ئالتۇن پاكـلـىـق، تـەقـۋادارلـىـق،

www.uyghurkitap.com

ئۇلۇغۋارلىق، ئالىيجانابلىق، خاتىرجەملىك، تىنچلىق، ئادىللىق، غەمسىزلىككە بەلگە قىلىنغان؛ كۈمۈش بولسا، ساپلىق دەرىجىسى ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك تۇرىدىغان خىسلەتكە بەلگە قىلىنغان؛ تۇچ بولسا، تېخىمۇ بەتتەررەك ھالەتكە قىياس ئېتىلگەن. ۋاقىت تەرتىپىدە ئۇنىڭدىن كېيىن تۇرىدىغان (ئېپوسلارغا خاس جاسارەت، ھوقۇق، ئۇيۇشۇش، غۇرۇر ۋە ھاكىمىيەتتىن بېشارەت بەرگۈچى «قەھرىمانلىق» سۆزى بىلەن سۈپەتلەنگەن)دەۋر گەرچە بىر مەزگىل چوقۇنۇلغان ھەمدە ئۇلۇغۋار خىسلەتلەر بىلەن تەرىپ ئېتىلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن قىرغىنچىلىق، بۇلاڭچىلىق، زوراۋانلىق، بۇزغۇنچىلىق قاتارلىق ۋەھشىي ئالامەتلىرى بىلەن ئىنسانىيلىقتىن تېخىمۇ يىراقلاشقان، يەنى قىممىتى تۇچتىنمۇ بەتتۋار «قارا تۆمۈر دەۋرى»نىڭ ھازىرلىنىشى ياكى ئالدىنقى شەرتى تەرىقىسىدە تەۋسىپ ئېتىلگەن. قارا تۆمۈر بولسا، شۇنداق بىر سىمۋولكى، ئۇ ئادەمئاتا ئەۋلادلىرى بولمىش بىز ئىنسانلارنىڭ گۇناھكارلىقى، جاپاكارلىقى، ستەمكارلىقى، بەتتۋارلىقى قاتارلىق بىر قاتار جاھىل، غاپىل، ئاسىي، بىچارە، گۇمراھ ھالەت ۋە خۇي ـ پەيلىلىرىمىزگە ئىشارە قىلىنغان.

يۇقىرىقى ئەپسانىنى ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئۇنىڭدىكى تۇغما ئاجىزلىقلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇلاھىزە قىلساق، ئۇنىڭ ھېكمەت قىرغاقلىرىغا تېخىمۇ يېقىنلىشالىشىمىز مۇمكىن.

ئادەم تەبىئەتتىن كەلگەن، تەبىئەتكە قايتىدۇ. ئادەمنىڭ تەبىئەتكە قايتىش جەريانى ئۆزىگە قايتىش جەريانىدۇر. شۇڭا ئىنساننىڭ ئۆتمۈشنى سېغىنىشى يەنى ئۆزىگە قايتىش ئىستىكى كۈچلۈك بولىدۇ. يەتمەكچى بولغىنى مەڭگۈ مەنىۋى مەنزىل. ئىنسان ئۆزىنىڭ مەنىۋى مەنزىلگە پەقەت سەنئەت ۋاستىسى بىلەن يەتكىنىدەك، ئۆزىگە قايتىش ئارزۇسىنىمۇ سەنئەت ئارقىلىق قاندۇرۇپ كەلگەن. بۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتە مۇمكىن بولماسلىقى دەل ئىنساننىڭ تراگېدىك ئېڭىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن.

ئىنسان ھەر قاچان نەپس ۋە ھېرىسنىڭ قۇلى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ تەبىئىتى بۇزۇقچىلىق ۋە ھارامخورلۇققا مايىل بولىدۇ. ئەگەر ئەقلىنىڭ كونتروللۇقىدىن ئايرىلسا، ئۇنىڭ بۇ خىل تەبىئىتى تېخىمۇ بىۋاستە ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. ئىنساننىڭ تۇنجى گۇناھقا قەدەم قويۇشىمۇ، دەل مۇشۇ تەبىئىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشىدۇر. تەدرىجىي تەرەققىيات داۋامىدا، گەرچە ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش دائىرىسى كېڭىيىپ، ئەقلىي تەرەققىياتى نىسپىي يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ گۇناھقا مايىل تەبىئىتى ئۆزگەرمىگەن. ئەكسىچە، تەمەننىاسى، مەغرۇرلۇقى ئېشىپ، ئۆزىنى چاغلىيالمايدىغان، ھەقنى، قانۇنىيەتنى كۆزگە ئىلمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەچكە، بارغانچە ھالاكەتلىك، ئېچىنىشلىق تەقدىرگە قاراپ مېڭىۋەرگەن. مانا بۇ «يىلدىن يىل بەتتەر»لىكنىڭ ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ئاجىزلىقتىن، كەمتۈكلۈكتىن تەرەققىي قىلىپ چىققانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەپسانىدە بۇنىڭ بىر پۈتۈن جەريانى فانتازىيىلىك يول بىلەن سىمۋوللۇق، بېشارەتلىك ھالدا ئىپادىلەنگەن.

ئىنسانىيەتنىڭ پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي ئىدىيىلەر تارىخىدا ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان «ۋەھدەت» (ئەسلىي بارلىق، يەككە مەۋجۇدلۇق) تەلىماتى ۋە شۇ ئاساستا مەيدانغا كەلگەن «دەرۋىشلىك»، «راھىبلىق»، «سوپىلىق» قاتارلىق بىر قاتار ئىستىقامەت يوللىرى گۇناھتىن خالاس بولۇش، ھەقىقىي خۇشاللىققا ياكى بەختكە ئېرىشىش (سوپىلارنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا ۋەسلى ئىلاھى، بۇددىستلار تىلى بويىچە نىرۋانا، كۆڭزى، پلاتون، فارابىي قاتارلىق ئوبيېكتىپ ئىدىيالىزمچە پەيلاسوپلارنىڭ تىلى بويىچە ئىنسانىي كامىللىق) ئۈچۈن روھنى بەدەننىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. گەرچە روھ ۋە روھنى قۇتقۇزۇش، پاكىزلاشتىكى ۋاستە، ئۇسۇل ئوخشىمىسىمۇ ئۇلار ھەممىسى بىر نۇقتىدا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، جەمئىيەتنى تەرك ئېتىش (كۆڭزىمۇ شۇنداق دەپ قارىغان) ۋە نەپسىنى تىزگىنلەشتىن ئىبارەت. بۇنداق سوپىلارچە ئىستىقامەت يولى (بۇ يول «شەرىئەت»، «تەرىقەت»، «مەرىپەت»، «ھەقىقەت»دىن ئىبارەت تۆت باسقۇچلۇق مەنىۋى جەرياندىن ئىبارەت)نى ئەسلىگە قايتىش، ئۆزىگە قايتىش جەريانى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئىنساننىڭ ئەسلىگە قايتىش ۋە روھنى بەدەندىن قۇتۇلدۇرۇپ ئەبەدىيەتكە يەتكۈزۈش ئارزۇسى دىنىي مىستىك ئىدىيىۋى ئېقىملاردا «ئاللاغا قوشۇلۇش»، «ۋەھدەت» چۈشەنچىسى بويىچە ئىپادە قىلىنغان بولسا، سەنئەتتە جۈملىدىن ئەپسانىلەردە ئەنە شۇ خىل ئىستەكنىڭ تراگېدىك نەتىجىسى سىمۋوللۇق بېشارەتلىك كۆرسىتىلگەن.

بالىلىققا ئىنتىلىش، ئۆتمۈشنى سېغىنىش ياشلىقى بىلەن خوشلاشقان ھەر قانداق ئىنسان بالىسىنىڭ ئورتاق پىسخىكىسى. ئايرىلغاندىن كېيىن قەدرىنى ھېس قىلىش، مەھرۇم بولغاندىن كېيىن ھەسرىتىنى چېكىش ھەر كىمدە بولىدىغان ئورتاق تۇيغۇ. بارىغا قانائەت قىلماسلىق، ھازىردىن ئاغرىنىش، گىرىپتارلىقتىن دادلاش، شارائىتتىن نارازى بولۇش ھەر زامان ۋە ھەر دەۋر كىشىلىرىگە ئورتاق بىر كەيپىيات. رېئاللىقتىن قېچىش، بېسىمدىن قۇتۇلۇش، ئازادىلىككە ئىنتىلىش، ئۆزىنى يېنىكلىتىش ھەركىمگە ئورتاق روھىي ھالەت. ئۆتمۈشنى قاراڭغۇلۇققا كىرىپ كېتىۋاتقان، كېلەچەكنى پارلاپ، يورۇپ كېلىۋاتقان ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئىنسان بالىلىرىغا نىسبەتەن، كەلگەن كۈنلەر، كېلىۋاتقان كۈنلەر ھە دېگەندە ئۈمىد قىلغاندەك، تەسەۋۋۇر قىلغاندەك بولماي قالىدۇ. شېرىن خىياللارنى رەزىل، رەھىمسىز رېئاللىق يالماپ يۇتۇپ، يۇيۇپ تۇرىدۇ. ھاياتلىق بەخش ئەتكەن بۇنداق ئالڭ ۋە تۇيغۇلار فانتازىيە توقۇغۇچىلارنى بارلىق ياخشى پەيتلەر، ئېسىل چاغلار ئىنساننىڭ گۆدەكلىكىدە قېپقالغان، ھەر نەرسە باشلىنىشىدا گۈزەل، ساپ، سۆيۈملۈك، ئۆزگەرمىگەن، ھەقىقىي بولىدۇ دېگەن مەنتىقە ياكى پىكىر يۈنىلىشى ئاساسىدا سەنئەتكە يۈزلەندۈرگەن بولسا كېرەك.

دېمىسىمۇ، ئىنسان ئەسلىي تەبىئىتىدىن شەخسىيەتچى، ئاچ كۆز، قانائەتسىز مەخلۇق بولغاچقا، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بۇ خىل تەبىئىتى ئىنساننىڭ ئۆز مۇھىتىنى چۈشىنىش، ماددىي بايلىقلارنى ئىگىلەش ئىقتىدارى ۋە ئىستېمال سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ماس ھالدا بارغانسېرى تۆۋەن باسقۇچتىن يۇقىرى باسقۇچقا تەرەققىي قىلغاچقا، ئۇنىڭ تارىخىي تراگېدىيىسى بارغانسېرى ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. دىنلار ئىنسانلارنىڭ بارغانسېرى ھەددىدىن ئاشقان يامان ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى چەكلەشكە تىرىشتى. ئىنسانلارنى قۇتۇلدۇرماقچى،

ئۆلۈمگە تاقابىل تۇرۇپ، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشتۈرمەكچى بولدى. ئاچ كۆزلۈككە چەك قويىدىغان، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشكە ئۈندەيدىغان ئاھايىتى چىڭ ئەقىدىلەرنى كۆچەپ تەرغىب قىلدى. دوزاخ ئازابى بىلەن ئاگاھلاندۇردى، قورقۇتتى. تويماس نەپسى ۋە راھەتپەرەسلىك ھاۋايى – ھەۋەسلىرى ئۈچۈن جەھەننەمنى ۋەدە قىلدى. تەڭرىنىڭ ئادىل، ھەققانىي، ئەبەدىي پادىشاھلىقى ھەققىدىكى خۇش خەۋەرلەر بىلەن ئۈمىداۋار، سەۋرى – تاقەتلىك بولۇشقا چاقىردى. شۇ ئارقىلىق ئازاب – ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇش ۋە جەننەت پاراغىتى بىلەن مەڭگۈلۈك بەختىيار ياشاشتەك مەنىۋى ئارزۇسىنى قاندۇرۇپ كەلدى. ئەمما ئىنساننىڭ تىلى بىلەن دىلى، نىيىتى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولمىدى. ئەھدىگە ۋە ۋەدىگە ئەمەل قىلمىدى. ئىنسانلار ئارزۇ قىلغان، دىنلار ۋەدە قىلغان بەختلىك ھايات رىۋايەت ۋە چۆچەك بولۇپ قېلىۋەردى.

كىشىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «ئىنسانىيەت تارىخىدا مۇتلەق مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى بىردىنبىر شەخس» دەپ قارايدۇ. شۇنداق. بويسۇندۇرۇش ۋە ئىنسانلارنى ئۆز يولىغا، دىنىغا بەيئەت قىلدۇرۇشتا، ئىنسانلارنىڭ ئىدىيولوگىيە تارىخى ۋە ياشاش ئۇسۇلىغا ئۈزۈل – كېسەل ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىش جەھەتتە بۇ بىر ھەقىقەت. بىراق ئىنسان باللىرىنىڭ تۈپكى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش جەھەتتە، ھەرقانداق بىر دىننى، ھەرقانداق بىر پەلسەپىنى، ھەر قانداق بىر ئۇلۇغ شەخسنى ئۈزۈل – كېسەل مۇۋەپپەقىيەت قازاندى دېگىلى بولمايدۇ. تارىخنى ئۆزگەرتىش، كىشىلەر ئىدىيىسىگە ۋە تۇرمۇشىغا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى ئەكىلىش، بۇ بىر كاتتا مۆجىزە، غايەت زور غەلىبە، دېيىشكە بولىدۇ. بىراق ئىنسانىيەتنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنى پەقەتلا نىسپىي، ۋاقىتلىق ۋە باسقۇچلۇق تەسىر دېيىشكىلا بولىدۇ. ئىنساننىڭ تۈپكى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، بولۇپمۇ مەنىۋى جەھەتتىن ئۈزۈل – كېسەل ھىدايەتكە باشلاش، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلارنى بارلىق ئارزۇسىغا قاندۇرۇش، دەل ھېلىقىدەك يارالما ئاجىزلىقى تۈپەيلى ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. مانا بۇ غايە بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ مەڭگۈ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىدىكى، ھەتتا بارغانسېرى كېڭىيىپ بېرىشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق سەۋەب.

ئىنسان يەنە ئۆزىنىڭ ئەجەللىك تەرەپلىرىنى بىلىدۇ. قۇتۇلۇشقا، خالاس بولۇشقا، غايە ئۈچۈن يېقىنلىشىشقا ھەرىكەتچان ۋە ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتىدۇ. بۇنداق پوزىتسىيە ۋە ھەرىكەتلەر تارىختا ھەر خىل شەكىلدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. دىن بىلەن پەلسەپە بۇلارنىڭ ئىچىدە تەسىرى ھەممىدىن ئۇزاق ھەم چوڭ بولغان، ئۇنۇمىمۇ ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولغان مەنىۋى شەكىللەردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىنسانىيەت تارىخىغا ھەل قىلغۇچ تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن نۇرغۇنلىغان ئىنقىلاب، ئىسلاھات بولۇپ ئۆتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشىمىغان ساھەلەر بويىچە، ئوخشىمىغان شەكىللەردە تۈپكى زىددىيەتنى يەنى ئىنسانلارنىڭ بەختىيار، ئەركىن، غەمسىز، خۇشھال – خۇرام، پاك ياشاش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ چارە – تەدبىرلىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلەر ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، ئىسلامىيەتنىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئىلىم – پەن، پەلسەپە ۋە مەرىپەت ئويغىنىشى ھەرىكىتى، ئىسلاھىيەتچىلىككە ۋە فېئوداللىق ئىسكەنجىلەرگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان، گۇمانىزمنى يەنى ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئاساسىي بايراق قىلغان ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتى، مۇستەملىكچىلىك ۋە قۇل قىلىشنى چەكلەش قىلغان بۇرژۇئازىيىنىڭ سانائەت ئىنقىلابى، ئىلىم – پەن ۋە مەرىپەتنى شوئار قىلغان يېڭىلىققا كۆچۈش (جەدىتىزم) ھەرىكەتلىرى، سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيىگە، فېئودالىزمغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان پرولېتارىياتنىڭ ئازادلىق ھەرىكەتلىرى، مۇستەبىتلىككە، زوراۋانلىققا ۋە تېررورلۇققا قارشى ئېلىپ بېرىلغان دېموكراتىك ھەرىكەتلەر، ئىلىم – پەننى، تېخنىكا ۋە ئۇچۇرنى نىشان قىلغان رىقابەت ۋە كۈچ كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى، يىلتىز ئىزدەش، ئەقىل بايلىقنى ئېچىش ۋە ئاقارتىشنى بەلگە قىلغان زامانىۋى مائارىپ ياكى مەرىپەتچىلىك ھەرىكەتلىرى ئىنسانىيەتكە ئەڭ كەڭ ھەم كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن، ئىجابىيلىقى بىر قەدەر گەۋدىلىك، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەر شارى كرىزىسى ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىمۇ ھەسسىلەپ كۆپەيتىۋەتكەن ھەرىكەتلەر بولدى.

يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ھەرىكەت ۋە ئىسلاھاتنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن تۈپ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنى، ئىنسانلارنىڭ گۈزەل كېلەچىكنى قۇرۇپ چىقىشنى مەقسەت قىلغان. گەرچە ھەممىسى نەزەرنى كەلگۈسىگە تىككەن بولسىمۇ، بىراق يەنىلائوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆتمۈشكە نەزەر سېلىش ياكى قەدىمكىنى ئۈرنەك قىلىشتىن خالىي بولالمىغان. ئۆتمۈشتىكى مەلۇم دەۋرگە قايتىش خاھىشى، ئۆتمۈشتىكى مەلۇم دەۋردىكى مەلۇم ئىش ۋە ھادىسىلەردىن ئىبرەت، ئەينەك ياكى ئۈرنەك سۈپىتىدە پايدىلىنىش ھادىسىسى ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇد بولغان. مەسىلەن، ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتى قەدىمكى يونان ۋە رىم مەدەنىيىتىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە مەنبە قىلغان. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەدىب كۇڭزىمۇ ئۆتمۈشكە قايتىشنى تەرغىب قىلغان، شۇ قاتاردا جۇڭگودىكى كۆپلىگەن ئەدىب ئۆزلىرىنىڭ «فۇگو» (ئۆتمۈشكە قايتىش 复国 ) تەلىماتى بىلەن تونۇلغان. ھەتتا ئەڭ كەسكىن ئىنقىلاب ئارقىلىق تەڭسىز جەمئىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئادىل يېڭى جەمئىيەت ئەندىزىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسچىلىرىدىن ماركس، ئېنگېلسلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ كوممۇنىزم ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىنى مەلۇم جەھەتتىن ئەپسانىلەردە «ئالتۇن دەۋر» دەپ تەسۋىرلىگەن، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي تۈزۈمى بولغان «ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەيدىغان، ئېھتىياجىغا قاراپ ئالىدىغان»، «سىنىپ بولمىغان» باشلانغۇچ كوممۇنا ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان.

دېمەك، ئۆتمۈش قويىندا بۈگۈن ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك نەرسە ساقلانغان بولىدۇ. ئۇ قەدىمىيلەشكەنچە رىۋايەت ۋە چۆچەكلەرگە ئايلىنىپ تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ يارقىن ۋە تېخىمۇ سىرلىق تۈسكە كىرىدۇ. ئۆتمۈشتىكىنى سۆيۈملۈك قىلىپ، كۆز ئالدىدىكىنى كىشىلەرگە تېخىمۇ رەھىمسىز قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئەپسانىلەردە ئەكس ئەتتكەن بۇ ھېكمەتنى تارىخ ئۆز جىسمى بىلەن ئىسپاتلايدۇ. ئۇنى دۇچ كەلگەن يېڭى – يېڭى قىيىن مەسىلىلەر بىر –

www.uyghurkitap.com

بىرلەپ تەستىقلايدۇ.

يۇقىرىدا ئىنسان تراگېدىيىسىنىڭ ئىنسان تەبىئىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇق. مېنىڭچە، ئىنساننى ئۆتمۈشتىن مېھرىنى ئۈزەلمەس قىلىپ قويغان يەنە بىر مۇھىم ئامىل بار، ئۇ بولسىمۇ، جەمئىيەتتە ئەخلاق ۋە ئېتىقادنىڭ ئۆز كۈچىدىن تەدرىجىي مەھرۇم قىلىنىشىدۇر. ھەر قانداق دىنىي ئەقىدىنىڭ ئۇستقۇرۇلمىسى تەقۋادارلىق، ياخشىلىق، پاكلىق ۋە ئالىيجانابلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. ئۇ مۇقەددەس ۋە دەخلىسىز بىر ئېتىقاد ئوبيېكتىنىڭ قارشىسىدا ئادەملەرنى ئۆز ـ ئۆزىگە تونۇتىدۇ. ئەيمىنىش ۋە قورقۇش ئىنساننى چېكىدىن ئاشقان ۋە ناشايان ئىشلاردىن چەكلەيدىغان، قەلبكە پۈتۈلگەن مۇقەددەس قانۇن. جاھاننى تۇتۇپ تۇرۇشتا، ئىنساننىڭ چېكىدىن ئاشقان ئاچ كۆزلۈكىنى، ھەۋەس ـ ھېرىسىنى تىزگىنلەشتە بۇنداق قەلب قانۇنىنى تۈۋەن چاغلاشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭسىز باشقا قانۇنلار ئۈنۈملۈك رول ئوينىيالىشىمۇ ناتايىن. بۇنداق قەلب قانۇنىنىڭ رولىنى ئوينايدىغان ئەقىدە، ئېتىقاد، ۋىجدان، ئەخلاق، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىقلار ئېتىباردىن قالغانسېرى جەمئىيەت ئالتۇن دەۋردىن سۇلياۋ دەۋرگە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ.

بۇرۇن ئىشىكلەرگە قۇلۇپ سالمايتتۇق. ئەمدى پولات ـ تۆمۈرلەردىن بىخەتەرلىك ئىشىكلىرىنى بېكىتمەي خاتىرجەم بولالمايدىغان بولدۇق. بۇرۇن ئات ـ ئېشەكلەردىن چۈشۈپ سالام ـ سەھەت قىلىشاتتۇق. ئەمدى بېشىمىزنى خۇشياقمىغاندەك ئازراقلا لىڭشىتىپ ياكى يالغاندىن ھىجىيىپ سالاملىشىدىغان، ھەتتا سوقۇلۇپ ـ سۈرۈلۈپ يۈرۈپمۇ بىر ـ بىرىمىزنى تونۇمايدىغان بولدۇق (بۇ يەردە قەلب ۋە ئادەت قانۇنىغا سىغمايدىغان يەنە نۇرغۇن ئىشنى كۆرسىتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، بۇ ھەممىگە ئايان). ئەقەللىي كىشىلىك مۇئامىلىگە، خالىس ئىززەت ـ ھۆرمەتكە بۇ قەدەر بىپەرۋالىقنىڭ كېلىپ چىقىشىدا ناھايىتى چوڭ ياتلىشىش ۋە ئاينىش مەۋجۇد. بۇ، كۆڭۈلنىڭ ئۆز غېمى ۋە شەخسىيىتى ھەلەكچىلىكىدە ئارامدا ئەمەسلىكىنىڭ، بۇنداق ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى ئۆزىگە مەنپەئەتسىز دەپ قارىغانلىقىنىڭ، كىشىلەرنى ئۆز كۆرمىگەنلىكىنىڭ، نىيەتنىڭ خالىس، دۇرۇس بولمىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى، دېيىشكە بولىدۇ. ھېچ بولمىغاندىمۇ ئاتالمىش ئېسىللىك، ئالىيجانابلىق، مەغرۇرلۇق، كۆرەڭلىك دېگەندەك ياسالمىلىقنىڭ ئالامىتى، خالاس.

ئەقىل، دەرۋەقە ئۇلۇغ بىر مۆجىزە، تەڭداشسىز نېمەت. بىراق ئۇنىڭ شەرتسىز سەرپ ئېتىلىشى، چەكلىمىسىز ئېچىلىشى، بولۇپمۇ مەنمەنلىك ۋە ئۆزىنى كۆرسىتىشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قېلىشى خەتەرلىكتۇر. ئەقىل ياخشىلىق، پاكلىق، ئادىللىق، تەقۋادارلىق ۋە توغرىلىق قاتارلىق كىشىلىك بۇرچ ۋە پەزىلەتلەر بىلەن ھەققىي بىرلەشمىسە، ساپلىق ۋە ساددىلىقنى ئاجىزلىق، ئەخمەقانىلىك ھېسابلايدىغان «ئاقىللار» جاھىل، نادانلاردىنمۇ ئۆتە قەبىھ ئىشلارنى قىلىشتىن ئۇيالمايدۇ.

بۇرۇن ھەر ھالدا مەردلىك، مەردانىلىك، قەھرىمانلىق ئۇلۇغلىناتتىكەن. ئەزىمەتلەر مەردلىكى، كۈچتۈڭگۈرلۈكى، مەرگەنلىكى، چەۋەندازلىقى، ئالغۇرلۇقى ۋە چاققانلىقى بىلەن ماختىلاتتىكەن. نامەردلىك، ساختىلىق، ھىيلە ـ نەيرەڭ نومۇسلۇق، شەرمەندىلىك ھېسابلىناتتىكەن. يىگىتلىكنىڭ بەلگىسى پىداكارلىقتا بولسا، قىزلىقنىڭ بەلگىسى زىلۋالىق، شەرم ـ ھايالىق، مۇلايىملىق ۋە ئىتائەتچانلىقتا بولغانىكەن. ھازىرقى كۈندە بۇلار يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسەت، تۈرلۈك ھىيلە ـ نەيرەڭ ۋە ئاللىقانداق ھۈنەرلەرنى ئىشقا سېلىپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە نۇرغۇن پۇل تاپالايدىغان ياكى ئىش قاملاشتۇرالايدىغان قابىلىيەت ئالدىدا نېمىگە ئەرزىيدۇ؟ كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، بىر بارمىقى بىلەن دۇنيا بازىرىنى بويسۇندۇرغان بىر مەجرۇھ ئادەم قالتىسمۇ ياكى جىسمانىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، تاغنى تالقان قىلغۇدەك غەيرەت ـ شىجائەتكە ئىگە بىر بېجىرىم ئەر قالتىسمۇ؟ پۇلى كۆپ، ئەمما چىرىك، ئىپلاس بىر زەردار ـ باي بىلەن ئىمانىي پاك، ئاق كۆڭۈل، ۋاپادار بىر نامرات يىگىتنىڭ قايسىسىنىڭ يۈزى چوڭ ۋە گېپى ئۆتۈك؟ بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق زادى قانچىلىك؟ ئۇلارنىڭ قىممىتى زادى قانداق ئۆلچىنىدۇ؟ بۈگۈنكى دۇنيانىڭ قىممەت ئۆلچىمى بويىچە، نۇرغۇن كىشى ھېلىقى ئاق كۆڭۈل، مەرد، پىداكار يىگىتنى ھاماقەت قاتارىغا چىقىرىشى مۇمكىن. مېنىڭچە، بۈگۈنكى دەۋرنى «قاراتۆمۈر دەۋرى»دىن «سۇلياۋ دەۋرى»گە ئايلاندۇرۇۋەتكەن نەرسە دەل مۇشۇ بولسا كېرەك. بۇنداق سۈپەت ئۆزگىرىشى دەل دەۋر روھىنىڭ ئۆزگىرىشى، يەنى ئادەم روھىنىڭ ئۆزگىرىشىدۇر.

كىشىلىك ياكى ئىنسانىي ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە قارىغاندا، پۇلنىڭ ھۆرمىتى يۈكسەك بولغان «قارا تۆمۈر دەۋرى»دە ياشاشمۇ، ھەر ھالدا تەبىئەت ۋە تەبىئىيلىكتىن مەھرۇم ئەمەس ئىدى. تۆمۈر گەرچە ئالتۇنغا تەڭ بولمىسىمۇ، ئۇ يەنىلا بىر مېتال. ئۇنىڭدا ھەر ھالدا ئۆزىگە خاس چىڭلىق، پىششىقلىق، چىدامچانلىق، نەيزە ـ قىلىچقا يارىغۇدەك خىسلەت بار. بىراق سۇلياۋ قانداق نەرسە؟ «سۇلياۋ دەۋرى» قانداق دەۋر؟ بىز ـ بۈگۈنكى دۇنيا ئىنسانلىرىنى ئازابلىق، دەھشەتلىك تۇيغۇلارغا گىرىپتار قىلىدىغىنى مانا مۇشۇ سوئالدىن ئىبارەت.

يۇقىرىقى ئەپسانە روھى بىلەن بىر پۈتۈن تارىخقا نەزەر سالساق، ئىنسانلار بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىلەر ئىنسانلارنىڭ ئۆز تەبىئىتىدىن تەدرىجىي ياتلىشىپ، ئۆزىنىڭ روھىي پاجىئەسىنى قۇرۇپ چىققان، ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئەخلاقىي يادرو قىلغان ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدىن چەتنەپ، ئۆزىنىڭ ھايۋانىيلىقى ۋە زاۋاللىقى ئۈچۈن تىنىم تاپماي كۆرەشكەن تراگېدىك جەريان دەپ قارايمىزكى، بۇ پاجىئەلىك كىرىزىسنى ھەل قىلىش، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ بىرلىكى ئىشقا ئاشۇرۇلغان، ئەخلاق ۋە قانۇن ئارقىلىق جەمئىيەت ئىدارە قىلىنىغان، كىشىلىك قەدرىيەت، ئىجتىمائىي ھەققانىيەت، سىياسىي مەدەنىيلىك سىياسىي ئاتموسفېراغا ئايلانغان «ئىناق جەمئىيەت»نى تەقەززا قىلىدۇ (مەسئۇل مۇھەررىردىن).

خوش، ئىنسانىيەتنىڭ بىر پۈتۈن پاجىئەسىنى ئوبرازلاشتۇرغان بۇ ئەپسانىدە زادى قانچىلىك ھەقىقەت بار؟ مېنىڭ مۇلاھىزەم ئۇنىڭغا قانچىلىك يېقىنلاشتى؟ بۇنى ئەقىللىق ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ تەپەككۇرىغا قويدۇق.

2005 ـ يىل نويابىر، شەھىرى قەشقەر

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانت (M1)

# ئۆلۈش

(ئەدەبىي يازما)



تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس

بۇنىڭدىن قانچە يىل بۇرۇن ۋە قايسى مەتبۇئاتتا ئىكەنلىكى ئېسىمدە يوق، ئىشقىلىپ گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ نىتزىنىڭ «خۇدا ئۆلدى» دېگەن سۆزىنى تۇنجى ئاڭلىغىنىمدا، سان - ساناقسىز سوئال سىڭىپ كەتكەن بىر خىل ھەيرانلىق ئىلكىدە نەچچە كۈنگىچە ئازابلىق ئويلار ئىچىدە خاراموش يۈرگىنىم ئېسىمدە. چۈنكى، گەرچە مەن دىنىي مۇخلىس بولمىساممۇ، لېكىن دىنغا دائىر مەسىلىلەر ئەڭ سەزگۈر نۇقتىغا ئايلىنىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا، «خۇدا ئۆلدى» دەپ جاكارلاش ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى.

ئازابلىق ئويلار رەھىمسىز رېئاللىقتىن كېلىدۇ. بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيادىكى رەھىمسىز رېئاللىق ماڭا كېيىن شۇنى ئۇقتۇردىكى، نىتزىنىڭ «ئۆلدى» دېگىنى ھەرگىزمۇ نوقۇل دىنىي مەنىدىكى خۇدانىڭ ئۆزى بولماستىن، بەلكى بەندىلەرنىڭ «خۇدا» دېگەن مۇشۇ سۆزگە يىغىنچاقلانغان ئېتىقادى ئىكەن. ناھايىتى روشەنكى، ناۋادا ئىنسانلارنىڭ ئېتىقادىدا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش يۈز بەرسە، ماكان ئۇيۇقتاش تۇرغىنى بىلەن، زاماندا ئاسمان - زېمىن ئۆزگىرىش بولىدۇ. پۈتكۈل جانلىقنىڭ ئورتاق ۋەتىنى بولغان يەر شارىدىن ئىبارەت ئانا ماكانىڭ ئۆزگىرىپ ھالسىزلىنىپ، بۇنىڭدىن بىر ئەسىر بۇرۇنقى ساغلام ھالىتى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمىغىدەك دەرىجىگە چۈشۈپ قېلىشى، ناھايىتى ئېنىقكى، ئىنسانىيەتنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە باشقا پائالىيەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، يەر شارىدىن ئىبارەت بۇ ئانا ماكانىڭ بۈگۈنكىدەك ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلغان ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىنى ئېتىقادى ئۆلۈۋاتقان ئادەملەرنىڭ بىنورمال «تەرەققىيات»ى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

شۇنداق، ئىنسانلار ھەر خىل ماشىنا - ئايروپىلاننى كەشىپ قىلىپ، يەر يۈزىنىڭلا ئەمەس، ھاۋا بوشلۇقىنىڭمۇ ئەركە شاھزادىلىرىگە ئايلاندى. ئەمما ئاشۇ ماشىنا - ئايروپىلانلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ئېنېرگىيىنى ئانا يەرنىڭ باغرىنى تېشىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىدىن سۈمۈرۈۋالدى؛ سان - ساناقسىز زامانىۋى شەھەرنى بەرپا قىلىپ، بىنالارنىڭ بويىنى كۆككە تاقاشتۇردى. ئەمما ئىنسانلار ئۆزى بەرپا قىلغان ئاشۇ ئاسمانپەلەك بىنالارنىڭ ئالدىدا گويا قۇرت - قوڭغۇزغا ئوخشاپ قالدى. قايسىبىر گېزىتتە ئېلان قىلىنغان لوندون شەھىرىنىڭ ئارقا كوچىسىدىكى ئەخلەت دۆۋىسىنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، نەچچە ئادەمنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر بۇنىڭ ياخشى دەلىلى.

مۇنداق دەلىللەر بۈگۈنكى دۇنيا رېئاللىقىدا تولۇپ - تېشىپ يېتىپتۇ. تەرەققىياتنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ بېرىۋاتقان شەھەرلەردىكى يۇندى - چاقاندىلارنىڭ دەريا - كۆللەرنى بۇلغاپ بولۇپ، ئەمدى دېڭىز - ئوكيانلارنى بۇلغاشقا باشلىغانلىقى؛ ئىسسىق بەلباغ ئورمانلىرىنىڭ شىددەت بىلەن كېسىپ تۈگىتىلىشى

## قىرتاق پاراڭلار

نەتىجىسىدە، يەر شارىنىڭ ياۋاش پەرزەنتلىرى بولغان قىممەتلىك ياۋايى هايۋانلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقى؛ ئوخشاشمايدىغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە دۆلەتلەر ئارىسىدىكى يادرو تالاش ـ تارتىشلىرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كەسكىنلىشىپ، ئىنسانىيەت تىنچلىقىغا تەهدىت شەكىللەندۈرۈۋاتقانلىقى قاتارلىقلارنىڭ هەممىسى، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ئەڭ ئەقىللىق جانلىق هېسابلىشىغا قارىتا كۈچلۈك گۇمان پەيدا قىلدى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، نىتزىنىڭ كېيىن «ئادەم ئۆلدى» دەپ جاكارلىشىمۇ ئەلۋەتتە ئورۇنسىز ئەمەس. روشەنكى، بۇ يەردىكى «ئۆلۈش» ئىنساننىڭ جىسمانىي جەهەتتىكى ئۆلۈشىگە ئەمەس. بەلكى مەنىۋى جەهەتتە ئىپادىلىنىدىغان ئىمان ـ ئېتىقاد، ۋىجدان، ۋاپا، دىيانەت، ئەخلاق... قاتارلىق ئىنسانىي ئىنسان قىلىپ تۇرىدىغان ماهىيەتلىك ئامىللارنىڭ ئۆلۈشىگە قارىتىلغان. نىتزىي راست ئېيتىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادا ئادەملەرنىڭ تاشقى قىياپىتى قانچە گۈزەللىشىپ سالاپەتلىك بوپكەتكىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ ئادەملىك روهى ئۆلدى ۋە ئۆلۈۋاتىدۇ. ئىمان ـ ئېتىقادسىز، مېهىر ـ مۇهەببەتسىز، ۋىجدانسىز... ئادەمنىڭ هايۋاندىن بەتتەر بولىدىغانلىقىنى هەممىمىز ئېتىراپ قىلىمىز. بۇ يەردىكى ئېتىراپ قىلىشنىڭ ئەمەلىيەتتە نىتزىنىڭ سۆزى بىلەن ماهىيەتلىك پەرقى يوق. دېمەك، يەر شارىدىكى نوپۇس شىددەت بىلەن كۆپىيىپ، خۇددى كىرزىكنىڭ پىتلىرىدەك هەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارغىچە يامراپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئادىمىيلىك شەرتىگە توشىدىغانلار، هېچبولمىغاندىمۇ ئادىمىيلىك هەققىدە ئويلاپ باقىدىغانلار بارغانسېرى ئازىيىپ بارماقتا.

بۇ يەردە قەيت قىلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر مەسىلە شۇكى، نىتزىنىڭ «خۇدا ئۆلدى»، «ئادەم ئۆلدى» دەپ جاكارلىشىدا كۆزدە تۇتقىنى دۇنيا مىقياسىدىكى بىر خىل يۈزلىنىش بولسىمۇ، لېكىن تېخى ئۇ مۇتلەق ئومۇملۇققا ئايلىنىپ كەتكىنى يوق. خۇددى دەريا قىنىنى بۇزۇپ ۋاقىتسىز يامرىغان كەلكۈن يېتىپ بارغانلا يېرىنى لاي ـ لاتقىلارغا كۆمۈپ تاشلىسىمۇ، ئەمما ئانا زېمىنغا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان مەزمۇت دەرەخلەر يەنىلا كۆكىرىپ تۇرغانغا ئوخشاش، ئىبرەت سەهنىسى بولغان بۇ دۇنيانىڭ خىلمۇخىل ئېزىقتۇرۇشىغا پىسەنت قىلماي، هەقىقىي ئادەملىك خىسلىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئىنسانلار هېلىهەم تۈگەپ كەتكىنى يوق. «دۇنيادا راست گەپ قىلىدىغان ئادەملا بولىدىكەن، قىيامەت قايىم بولمايدۇ» دېگەن سۆز بەلكىم ئەنە شۇنىڭغا قارىتىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئۇلار ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى پاك ساقلاپ قالالىغىنى بىلەن، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بۇلغىنىۋاتقان ئېتىقادىغا قانچىلىك تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، مانا بۇ مەسىلىنىڭ ئەڭ مۇهىم تەرىپى.

مەسىلە مەۋجۇد ئىكەن، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بىر قانچە تەرىپى بولىدۇ. مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپى شۇكى، بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئاچچىق رېئاللىقىنى .تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا زېرىكمەي تەكرارلايدىغان چىرايلىق ـ پەردازلانغان گەپ ـ سۆزلەرگە قاراپ ئەمەس بەلكى يۈز بېرىۋاتقان نەق پاكىتلارغا قاراپ سوغۇققانلىق بىلەن كۆزىتىپ باقىدىغان بولساق، «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» بولۇۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. مېنىڭچە، نىتزىي هېلىمۇ هايات بولىدىغان بولسا، بۇ هالەتنىمۇ ئوبرازلاشتۇرۇپ، «هەقىقەت ئۆلدى» دەپ جاكارلىغان بولاتتى. چۈنكى بۈگۈنكى دۇنيادىكى هەقىقەت، ئىلگىرىكى هېچكىمنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدىغان، هەممە تەرەپ، هەتتا هەممە ئادەم ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەردىكى قانۇنىيەت خاراكتېرىنى ئالغان بەهەيۋەت هالەتتىن ئۆزگىرىپ، مانا ئەمدىلىكتە هەرخىل گورۇهلار ۋە كىشىلەر ئۆز ئالدىغا شەرهلىسە بولۇۋېرىدىغان هالەتكە چۈشۈپ قالغىلى تۇردى. ئورتاقلىقتا ياكى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان هەقىقەتنىڭ هەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئېهتىياجىغا ئاساسلىنىپ پارچىلىنىپ، هەركىمنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى قوغدايدىغان قالقىنىغا ئايلىنىپ قېلىشى، ئەمەلىيەتتە هەقىقەتنىڭ ئۆلۈشكە يۈز تۇتۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇ يەردە كىچىككىنە بىر مىسال ئالساق ئارتۇق كەتمەس: دۇنياغا مەشهۇر كومېدىيە پېشۋاسى چارلىز چاپلىن هايات ۋاقتىدا يېڭىلىققا، جۈملىدىن يېڭى مەدەنىي پائالىيەتلەرنى ئويلاپ تېپىشقا ئامراق ئامېرىكىلىقلار «چارلىز چاپلىننى دوراش مۇسابىقىسى» ئۆتكۈزگەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان چارلىز چاپلىن نەتىجىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قىزىقىپ، باشقا بىر ئىسىم بىلەن تىزىملىتىپ مۇسابىقىگە قاتناشقان. مۇسابىقە ئاخىرلىشىپ نەتىجە ئېلان قىلىنغاندا، ئويلىمىغان يەردىن چارلىز چاپلىن ئىككىنچى بوپقالغان...

شەكىل ياكى يۈزەكى هادىسە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، يۇقىرىقى مىسالدىكى پاكىت ئادەمگە قىزىقارلىق تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ماهىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇنى هەقىقەتنىڭ ئۆلۈشى دېمەي ئامال يوق. چۈنكى مۇسابىقىنىڭ ماهىيىتى ئۆز ئىسمىدىن چىقىپ تۇرغاندەك، «چارلىز چاپلىننى دوراش» بولسىمۇ، ئەمما چارلىز چاپلىننىڭ ئۆزى بۇ مۇسابىقىدە ئىككىنچى بوپقالغان، قارىماققا دورىغۇچىلار چاپلىندىن ئېشىپ كەتكەندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىكى ئەڭ ماهىيەتلىك مەسىلە «چارلىز چاپلىننى دوراش» بولۇپ، هەرگىزمۇ باشقا بىر رېكورت ياكى يېڭى سەۋىيە يارىتىش ئەمەس. شۇڭا، دېيىش مۇمكىنكى، بۇ يەردە هەقىقەت بولۇشقا تېگىشلىكى چاپلىننىڭ ئۆزى بولۇپ، هەرگىزمۇ يېڭىدىن يارىتىلغان رېكورتلار ئەمەس.

يۇقىرىقىغا ئوخشاش مىساللار ئەتراپىمىزدىكى رېئاللىقتىمۇ مانا مەن، دەپ تۇرۇپتۇ: قايسىبىر گېزىتنىڭ ئۆتكەن يىلقى بىر سانىدا خەۋەر قىلىنىشىچە، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ بىرىدە، پېنسىيىگە چىققان خادىملار ئۆلۈپ كەتسە، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى يوشۇرۇپ، مائاشىنى داۋاملىق ئېلىپ خەجلەيدىغان ئەهۋال پەيدا بولغان. بۇنىڭغا قارىتا مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بەلگىلىمە چىقىرىپ، پېنسىيىگە چىققانلار مائاش ئالىدىغان چاغدا ئۆزى تۇرۇشلۇق ئورۇندىكى ساقچىخانىنىڭ ئىسپاتىنى ئېلىپ كېلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. نەتىجىدە مۇنداق بىر ئەهۋال كېلىپ چىققان: ئۇزۇن يىل شەهەردە ئىشلەپ پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن ئۆز يېزىسىغا قايتىپ تۇرمۇش كۆچۈرۈۋاتقان بىر پېشقەدەم كادىر، يىغىلىپ قالغان نەچچە ئايلىق مائاشىنى ئېلىش ئۈچۈن ساقچىخانىغا ئىسپات تەلەپ قىلىپ بارسا، ساقچىخانىنىڭ تامغا تۇتىدىغان كاتىپى كاماندىروپكىغا كېتىپ قالغانلىقتىن، هېلىقى پېشقەدەم كادىر كۆڭلىدە: «مېنىڭ ئۆلۈپ كەتمىگەنلىكىمگە ئۆزۈمدىن ئارتۇق ئىسپات بولامدۇ؟...» دەپ ئويلاپ، نەچچە يۈز كىلومېتىر يولنى بېسىپ، شەهەرگە مائاش ئېلىش ئۈچۈن بارغان. ئەمما بانكىدىكىلەر ساقچىخانىنىڭ ئىسپات خېتى بولمىسا مائاش بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان. پېشقەدەم كادىر يېنىدىكى كىملىكىنى كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ هايات ئىكەنلىكىنى

ئىسپاتلىغان بولسىمۇ، لېكىن بانكىدىكىلەر ساقچىخانىنىڭ ئىسپاتى بولمىسا زادىلا بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالغان. پېشقەدەم كادىر قانچە چۈشەندۈرۈپمۇ ئۆزىنىڭ ئۆلمىگەنلىكىگە ئۇلارنى ئىشەندۈرەلمەي، ئاخىرقى ھېساباتا يەنە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

ئەقىل ـ ھوشى جايىدا بولغان ھەرقانداق ئادەمگە ئايانكى، بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كەتمىگەنلىكىگە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھايات تۇرۇۋاتقانلىقىدىنمۇ ئارتۇق ئىسپات بولمايدۇ. بىر ئادەم ھايات ئۆرە تۇرۇپ، يەنە كېلىپ قولىدا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئىسپاتلايدىغان كىملىكى تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا ساقچىخانىدىن خەت ئەكېلىشكە بۇيرۇلسا، بۇ قانداقمۇ مەنتىقىگە سىغسۇن؟ ناۋادا بىر ئادەمنىڭ تىرىك ياكى ئۆلگەنلىكىنى ئايرىشتا شۇ ئادەمنىڭ ئۆزى ئەمەس بەلكى ساقچىخانىنىڭ ئىسپاتى ئاساس قىلىنىدىغان بولسا، ئىنسانىي ئېتىقاد ئۆلۈشكە يۈز تۇتۇپ، پۇل «خۇدا»غا ئايلىنىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا، پۇلنىڭ كارامىتى بىلەن سان ـ ساناقسىز ساختا ئىسپات ياسىلىپ، ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن قانچىلىغان كىشى بىر كېچىدىلا «تىرىلىپ» قايتىدىن مائاش ئېلىشقا باشلايدىغان ئىشلار يۈز بەرمەيدۇ، دەپ كىممۇ ئېيتالايدۇ؟!

يۇقىرىقى مىسالدىكى پېشقەدەم كادىرنىڭ ئۆزىنىڭ دۆلەت تارقاتقان كىملىكىنى كۆتۈرۈپ بېرىپمۇ بانكىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملار ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى ئىسپاتلىيالمىغانلىقى، ماھىيەتتە بۇ مەسىلىدىكى ھەقىقەتنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆلمىگەنلىكىگە ئۇنىڭ ئۆزى، جۈملىدىن ئۇنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان ئىككى كۆزى، گەپ قىلىۋاتقان ئاغزى، نەپەسلىنىۋاتقان بۇرنى ۋە سوقۇپ تۇرغان يۈرىكى ئەڭ ئىشەنچلىك بىۋاستە ئىسپات بولۇپ تۇرۇقلۇق، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئېتىراپ قىلىنماي، قەغەز يۈزىدىكى ۋاستىلىك ئىسپاتنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ـ بۇ مەسىلىدىكى ھەقىقەتنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ھەقىقەت ھەركىمنىڭ نەزەرىدە ھەرخىل نەرسىگە ئوخشىشى مۇمكىن. مېنىڭچە، ھەقىقەت سۇغا ئوخشايدۇ. چۈنكى سۇ شۇ قەدەر مۇھىمكى، ئىنسانلار كىيىم ـ كېچەكسىز، ئاش ـ نانسىز بىر مەزگىل ياشىيالىسىمۇ، لېكىن سۇسىز ھەرگىز ياشىيالمايدۇ. سۇ قارىماققا شۇ قەدەر يۇمشاق، شۇ قەدەر ياۋاشكى، ئىنسانلار ئۇنى دەريا ـ ئۆستەڭلەرگە باشلاپ، تۇرۇبا ـ چېلەكلەرگە سولاپ، ئۆز ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرىدۇ، ئەمما ئاشۇ ياۋاش، مۇلايىم كۆرۈنگەن سۇ ئۆزىگە ئۇۋال قىلىنغاندا ياكى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش چەكتىن ئېشىپ كەتكەندە شۇ قەدەر قەيسەرلىشىپ كېتىدۇكى، دەريا ـ ئۆستەڭلەرنىڭ توغانلىرىنى بۇزۇپ، تۇرۇبا ـ چېلەكلەرنى تېشىپ ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. ھەتتا ئىنسانلار ئۇنى ئىچىپ ئىچىگە سولىۋالغان تەقدىردىمۇ، قورساقنى غولدۇرلىتىپ، توسالغۇسىز قايتىپ چىقىدۇ. دېمەكچىمەنكى، سۇ قانچىلىك مۇلايىم بولسىمۇ، ئۇنى قامال قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

ئەمدى ھەقىقەتنىڭ ئۆلۈشكە يۈز تۇتۇشىدىكى سەۋەبلەرگە كەلسەك، بۇ سەۋەبلەرنىڭ ئوق يىلتىزى يەنىلا ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈۋاتقان ئېتىقادى ۋە يىمىرىلىۋاتقان ئەخلاقىدا دېيىش مۇمكىن. گەرچە ئاق ياكى قارا بولۇشتىن قەتئىينەزەر، «تەرەققىيات» دەپ ئاتالىسىلا مەستانىلارچە مەپتۇن بولۇپ، ئۇنى روياپقا چىقىرىدىغان نوقۇل ھالدىكى يەن ـ تېخنىكا ئەلمىساقتىن تارتىپ تەبىئىي ھالدا ئىككى جىنسقا ئايرىلىپ كەلگەن ئىنسانلارنى ئاتالمىش ئوپېراتسىيىلەر ئارقىلىق ئۆزگەرتىپ، ھەم ئەرلىك، ھەم ئاياللىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە قوش جىنسلىق يېڭى مەخلۇقلارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتقان، جۈملىدىن ئەلمىساقتىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تەبىئىي قانۇنىيەتلەرگە جەڭ ئېلان قىلىپ، بەزى ھەقىقەتلەرنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، يەن ـ تېخنىكا ئىنسانلارنىڭ بىر خىل ئەڭ ئىلغار قورالى بولۇپ، ئۇنى قاچان ۋە قانداق ئىشلىتىش ھوقۇقى يەنىلا ئىنسانلارنىڭ قولىدا. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەقىقەتنىڭ ئۆلۈشىنى ئادەملىكنىڭ ئۆلۈشى كەلتۈرۈپ چىقارغان، دېيىش مۇمكىن.

ئۆلۈش ئۇقۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، گەرچە ھەممە شەيئىي ئۈچۈن ئورتاق بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ شەكلى ۋە ئەھمىيىتى ئوخشاش بولمايدۇ. جۈملىدىن، بەزى نەرسىلەرنىڭ ئۆلۈشى بۇ دۇنيا ئۈچۈن ھېچ نەرسىگە ئەرزىمىسىمۇ، يەنە بەزى نەرسىلەرنىڭ ئۆلۈشى خۇددى ئادەملىكنىڭ ئۆلۈشى ھەقىقەتنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانغا ئوخشاش، ئىنسانىيەت ھەتتا يەر شارىدىكى پۈتكۈل ھاياتلىق ئۈچۈن مۆلچەرلىگۈسىز ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. گەرچە ئىنسانلار يېقىنقى بىر ئەسىردىن بۇيان ئۆز تەقدىرىگە ئاجايىپ ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراپ، «ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل»، «كەلگۈسىمىز ھامان پارلاق» دېگەندەك شوئارلارنى بولۇشىغا توۋلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەپسۇسلىنارلىقى، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ماكانى بولغان يەر شارىنىڭ مۇھىتى كۈندىن ـ كۈنگە ناچارلاپ كەتتى. بۇنى ئاز دەپ، ئېتىقادنىڭ ئۆلۈشكە يۈز تۇتۇپ، ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى دۇنياۋى مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ مەۋجۇد مەسىلىلەر ھەققىدىكى مۇلاھىزە داۋاملاشسا، مۇقەررەركى گەپ دىنىي رىۋايەتلەردىكى ئاخىر زامانغا بېرىپ تاقىشىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئاخىر زامان بولغاندا ئادەملەرنىڭ بۇ دۇنيادىكى قىلغان ـ ئەتكەنلىرى ئادىل تارازىغا سېلىنىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار جەننەتكە، گۇناھ ئىشلارنى قىلغانلار دوزاخقا يولغا سېلىنغاندىن كېيىن، قارلىغاچ بىچارە دوزاختىكى ئاسىي بەندىلەرنىڭ داد ـ پەريادلىرىغا چىدىماي، دوزاخ ئوتىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن كىچىككىنە ئاغزىدا سۇ توشۇپ چاچارمىش... بۇ گەرچە بىر دىنىي رىۋايەت بولسىمۇ، ھەقىقەت بۇرمىلىنىپ ۋە خۇنۇكلىشىپ، ئۆلۈشكە يۈز تۇتۇۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئادەملىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆرنەك ئېلىشقا تېگىشلىك بىردىنبىر ئىش. چۈنكى ياخشىلىقنىڭ رەمزى بولغان قارلىغاچنىڭ ئاغزىدىكى سۇ بىلەن دوزاخ ئوتىنى ئۆچۈرگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن تەبىئىتىگە ئېزگۈلۈك سىڭىپ كەتكەن قارلىغاچ ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئەھمىيەتلىك ئىش مەۋجۇد ئەمەس. يەنە بىر ئېھتىماللىق شۇكى، كىچىككىنە قارلىغاچنىڭ ئېزگۈلۈك، مېھرىبانلىق، خالىسلىق چاقناپ تۇرغان روھىدىن خۇدا تەسىرلىنىپ، دوزاختىكى بەندىلىرىنى بىر يولى ئازاد قىلىۋەتسە تېخىمۇ ياخشى. ناۋادا ئۇنداق بولمىغاندىمۇ، ئاغزىدا سۇ توشۇپ دوزاختىكى ئوتقا چاچىدىغان قارلىغاچلار قانچە كۆپەيسە، دوزاختىكى بەندىلەرنىڭ ئازابى شۇنچە ئازىيىدۇ، ئەلۋەتتە.

2006 ـ يىل 18 ـ فېۋرال، مەكىت

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيە مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ پېنسىيونېرى (M2)

www.uyghurkitap.com



# ساۋاقنامە: غاپىللىقتىن نۇرلۇق تاڭغىچە ...

ئۆمەرجان ئىسمائىل

## ئۆزۈڭنى تونۇ

ئېسىمنى بىلسەم، ئۆيىمىز مەكتەپنىڭ ئىچىدە ئىكەن. مەكتەپ ئىچىدە گاھ يالغۇز، گاھ باشقا بالىلار بىلەن ئويناپ يۈرگەنلىكىمنى غۇۋا ئەسلەيمەن. تولىراق يالغۇز يۈرۈپ زېرىككەن ئوخشايمەن، «مەنمۇ ئوقۇيمەن» دەپ جېدەل قىپتىمەن (ئەمما يادىمدا يوق). شۇنىڭ بىلەن ئاپام: «بالىلارنىڭ ئوقۇغىنىغا قاراپ قىزىقىۋاتقان گەپ، ھازىر ئەكىرىپ قويسام بەرىبىر ئەتىلا قېچىپ چىقىدۇ» دەپ ئويلاپ تەييارلىق سىنىپىغا ئەكىرىپ قويغانىكەن. ئاپامنىڭ قېلىن ھەم گۈللۈك رەختتىن قاتلاپ، ئىككى تەردىپىنى تىكىپ تەييارلاپ بەرگەن سومكىسى، ئاسما باغ ئورنىدىكى بىر تال ئۈزۈن بوغقۇچ ۋە ئىچىدىكى بىر دەپتەر بىلەن بىر تال قېرىنداش، تۇنجى قېتىم سىنىپقا كىرگەن چېغىمدىكى مەنزىرە... خۇددى ھازىرقىدەكلا يادىمدا. شۇ چاغدا تېخى بەش ياشقىمۇ كىرمىگەنىدىم. شۇڭا كېيىنچە مېنى «بەرىبىر باشقىلارغا يېتىشەلمەيدۇ» دەپ چىقىرىۋالماقچىمۇ بولغانىكەن. مەسئۇل مۇئەللىم: «ئۆگىنىشى يامان ئەمەس، ئوقۇۋەرسۇن، قاچان يېتىشەلمەي قالغاندا تۆۋەن سىنىپقا چۈشۈرۈۋەتسەكمۇ بولىدۇغۇ» دەپ ئېيتقالغانىكەن. شۇنداق قىلىپ، مەكتەپكە كىردىم. بۇ پۈتۈنلەي ئائىلە تەربىيىسىدىن ئايرىلىپ يېرىم ئائىلە، يېرىم مەكتەپ تەربىيىسىگە ئۆتكەنلىكىمدىن دېرەك بېرەتتى. باشلانغۇچ مەكتەپتە خېلى يامان ئەمەس ئوقۇدۇم. شۇ چاغلاردا ئوقۇتقۇچىنىڭ ھۆكۈمى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغاچقا، يېڭىلىق قوبۇل قىلىشىم ئادەتتە يۇمشاق دىسكىغا ھۆججەت قاچىلاشتىن پەرقسىز ئىدى. ئوتتۇرا مەكتەپكە بەكلا كىچىك چىقىپ قالدىم. ئۇ چاغلاردا ھازىرقىدەك ئارخىپ بويىچە يېشىغا توشقانلارنى قوبۇل قىلىدىغان ئىش بولمىغاچقا، مەكتەپكە كىملا كىرسە ئېلىۋېرەتتى، يەنە

كېلىپ سىنىپ كۆچەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارنى شۇ يىللىقتا قايتا ئوقۇتىدىغان قائىدىلەر بولغاچقا، سىنىپىمىزدا سىنىپ ئاشالماي قالغانلارمۇ خېلى بار ئىدى. بىرىنچى مەۋسۇمدىلا نەتىجەم تېك سىزىق بويىچە تۆۋەنلەپ كەتتى. بولۇپمۇ تەبىئىي پەنلەرگە بەكلا كىچىكلىك قىپقالدىم. بۇنىڭدا ھېلىقى سىنىپ كۆچەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ «تۆھپىسى»مۇ يوق ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ رەسىم سىزىشقا بولغان ئالاھىدە قىزىقىشىم ۋە ئالاھىدىلىكىم بىلەن تىرىشىپ -تىرمىشىپ يۈرۈپ دارىلمۇئەللىمىنگە ئىلىنىشۋالدىم. ئۈچ يىل ۋاقىت رەسىم سىزىپ، توپ ئويناپلا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا مەندە كەلگۈسى توغرىسىدا ئىنچىلىك ئويلىنىش بولماپتۇ. توغرا، بولۇپمۇ باققان. بولغاندىمۇ ئۆزۈمنىڭ ماددىي مەنپەئەتى چېگرىسىدىن ھالقىپ چىقالماپتۇ. ھازىر ئويلىسام، شۇ خىياللىرىم تولىمۇ ساددا، فانتازىيىلىك خىياللار ئىكەن. كېيىنچە خىزمەتكىمۇ چىقتىم. پەرەز قىلغىنىمدىن زور دەرىجىدە پەرقلىق بولغان بۇ مۇھىت دۇنيا قارىشىمنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى، يېڭىلىدى. ئۆزۈمنى خېلى ئىلغار كۆز قاراشقا ئىگە زىيالىي چاغلايدىغان بوپقالدىم. كېيىن ئۆرۈمچىدە بىلىم ئاشۇرۇپمۇ كەلدىم. بۇ، ھاياتىمدىكى ئەڭ زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان مەزگىل بوپقالدى. ئۆزۈمگە، ئېسىمنى بىلگەندىن تارتىپ ئۆتكۈزگەن 20 يىللىق ھاياتىمغا قايتا نەزەر تاشلىدىم. كۆز ئالدىمدا بىر ئىلغار زىيالىي ئەمەس، بەلكى تېگى يوق ھاڭ ئالدىدا تۇرغان بىر ئازغۇن ياش زاھىر بولدى. ئاخىر ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىمنى كۆرۈپ يەتتىم. ئۆزۈمنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىشكە بەل باغلىدىم. گەرچە جىسمىم ئۆز ئەينىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، روھىم - جىسمىمنى كونترول قىلىپ تۇرغان روھىم تامامەن باشقا روھ ئىدى. بۇ مېنىڭ ھەقىقەتنى - ئەڭ توغرا يولنى تاپقانلىقىمدىن ۋە بۇ يولۇمدىن قەتئىي تەۋرەنمەيدىغانلىقىمدىن دېرەك بېرەتتى.

يەنە ئۆتمۈشۈمگە نەزەر تاشلىدىم. ئىسلام شەرىئىتىمىز بويىچە ئوغۇل 12 ياشتا بالاغەتكە يەتكەن ھېسابلىنىپ چوڭلارغا ئوخشاش مەسئۇلىيەتلەر ئارتىلىدۇ. ئەمما ھازىرقى ھالىتىمىزدە 12 ياشلىق بالا دېگەن ئاغزىدىن ئانا سۈتى كەتمىگەن سويما ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، ھازىرقى 12 ياشلىق باللاردا ئاق - قارىنى ئىلغا قىلغۇدەك تەپەككۇر يوق. ئۇلاردا پەقەت مۇئەللىم ياكى ئاتا - ئانىسى كاللىسىغا قۇيۇۋەتكەن ئاق - قارا ئۇقۇملا مەۋجۇد. شۇڭا ھازىرقى قانۇنىمىزدا 16 ياشتىن باشلاپ ياشلىق دەۋرى ھېسابلىنىپ جىنايى جازا ئۆلچىنىدۇ. مۇشۇ بويىچە 16 يېشىمدا ئاز - تولا ئاق - قارىنى بىلدىم دەپ ھېسابلىسام، ئاز كەم ئون يىللىق ئۆمرۈمنى جاھالەت باياۋىنىدا سەرگەردان بولۇپ، گاھىدا ئازغۇنلۇق سازلىقلىرىدا پاتقاقلارغا مىلىنىپ ئۆتكۈزۈپتىمەن. خۇددى سازلىقتىكى پاقا سازلىقنى جاھاندىكى ئەڭ ئەلۋەك جاي ھېسابلىغاندەك، مەنمۇ ئۆزۈمنى ئىلغار زىيالىي ھېسابلاپ يۈرۈپتىمەن. ئون يىللىق ھايات ... بۇ جەرياندا بىھۇدە سەرپ قىلىنىۋەتكەن ئىقتىساد... بۇلار ھەرگىزمۇ كىچىك سانلار ئەمەس ... ئۇلارغا يۈز كېلەلمەيمەن ... يارىلىشىمدىلا ماڭا ئاتا قىلىنغان ئەقىل، كۆز، قۇلاق، ئېغىز، پۇت - قول ... ھەممىسى مەندە ئامانەت ئىدى، خىيانەت قىلدىم، سىلەرگە يۈز كېلەلمەيدىمەن. ماڭا بېرىلگەن ھەر قانداق نېمەت ئۈستىدە سورىلىپ قالسا، جاۋاب بېرىشكە ئاجىزدۇرمەن ...

يەنە ھازىرغا قايتىپ كەلدىم. توغرا يولغا باشلىغۇچى قۇدرەت ئىگىسىگە ھېسابسىز شۈكۈركى، ئۇ ماڭا ئازغۇنلۇق ئىچىدە قالغانلىقىمنى ھېس قىلدۇردى. رەڭگارەڭ چىراغلار بىلەن سۈنئىي يورۇتۇلغان دىل قاراڭغۇلۇقىدىن - ئازغۇن - چىركىن ئىدىيىلەرنىڭ ئاسارىتىدىن ھەقىقىي نۇرلۇق تاڭغا باشلىدى ... مەڭگۈلۈك بەختكە تۇتاشقان داغدام يولغا باشلىدى... بۇ يولنىڭ ئىپتىداسى ۋە ئىنتىھاسى شۇنچىلىك روشەن! مەنىۋى قاراڭغۇلۇقتا قالغان يولغا قارىدىم. كىشىلەر ئۆزىنىڭ مۇستەقىل - توغرا قارىشىدىن مۇستەسنا ھالدا باشقىلار تەرىپىدىن ياسالغان، رەڭگارەڭ ئىدىيە - مەسلەك، ئەبجەش ئېقىملار گىرەلىشىپ كەتكەن مەنزىلى نائېنىق يوللاردا نىشانسىز يۈرمەكتە ئىدى.ئۇلار يولنىڭ نەگە بېرىشى بىلەن پەرۋايى پەلەك، چىراغ يورۇقى بولسا، مۇدۇرۇلۇپ كەتمىسىلا دوزاخقىمۇ كېتىۋېرىدىغاندەك ... ئۇلار چىراغلارنىڭ مەلۇم ئېھتىياج ئۈچۈن مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى ئۇنتۇپ كەتكەن ... ئۇلار چىراغلارغا شۇنچىلىق كۆنۈپ كەتكەنكى، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە چىراغلار دانكونىڭ يۈرىكىگە ئايلىنىپ كەتكەن ... ئۇلار ئالەمدە چىراغتىنمۇ باشقا يورۇقلۇقنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى بىلمەس، بىلسىمۇ ئىزدەشنى خالىماس، رەڭگارەڭ چىراغلار ئالا - يېشىل چاقناپ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى غەلەت قىلىپ، ھەقىقىي يورۇقلۇقنىڭ ماھىيىتىنى ئاڭقىرالماس قىلىۋەتكەن...

مانا بۇلار كۆز ئالدىمدىكى رېئاللىق. رەڭگارەڭ چىراغلار بىلەن يورۇتۇلغان قاراڭغۇلۇققا سىڭىپ كېتىۋاتقان قېرىنداشلىرىمغا قاراپ ئېچىنىۋاتىمەن. ئېچىنغانىكەنمەن،

ئۇلارنى تارتتۇپلىشقا تىرىشىشىم، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ قاراڭغۇلۇقتا قالغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇشۇم كېرەك. ئەپسۇسكى، مەندە ئۇنچىلىك قۇۋۋەت، ھوقۇق ۋە ۋاستەمۇ يوق. قولۇمدىن كېلىدىغىنى پەقەت تېگى يوق، ئاخىرى چىقماس خىياللارنى سۈرۈش. بەزىدە ئولتۇرۇپ ئۆزۈمنىڭ ئون يىللىق «جاھىلىيەت» دەۋرىمنى ئەسلەپ قالىمەن. ئون يىللىق ئۆمرۈمنى بىھۇدە كەتكۈزگەن بۇ كۆرۈنمەس قوزغاتقۇچنىڭ نېمىلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا تىرىشىمەن، تاپقان جاۋابلىرىمغا ئۇنچە قايىل بولغۇم كەلمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ھەر ھالدا قۇرۇق قولمۇ قالمايمەن، ئازدۇر ـ كۆپتۇر ھاسىلاتمۇ پەيدا بوپقالىدۇ.

مانا، بۈگۈن ئولتۇرۇپ ئاشۇ تېگى يوق خىياللارغا غەرق بوپكېتىۋاتىمەن. يازمامنىڭ باشلىنىشىدىلا ئۆتمۈشۈمگە قىسقىلا نەزەر تاشلاپ ئۆتكەنىدىم. ئەمدى قارىسام بەزى ئىشلارغا تەپسىلىيرەك مۇئامىلە قىلمىسام بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

گەرچە مەكتەپتە ياخشى ئوقۇيالمىغان بولساممۇ، كىتاب ئوقۇيدىغان بىر ياخشى ئادىتىم بار ئىدى. ئاتا ـ ئانام ئوقۇتقۇچى بولغاچقا، گېزىت ـ ژۇرناللارغا ئۈزۈلمەي خەتلىنىپ تۇراتتى. بىر ئىشكاپتا ئاز ـ تولا كىتابمۇ بار ئىدى. مانا بۇلار مەندىكى باشقىلاردا بولمىغان ئارتۇقچىلىقلار ئىدى. بوش ۋاقىتلىرىمدا بەزىدە كۈنلەپ ئۆيدىن چىقماي كىتاب ئوقۇيتتۇم. كىتاب ـ ژۇرناللاردىن ئالغان بىلىمىم مەكتەپتە ئۆگەنگىنىمدىن ئېشىپ كېتەتتى. دارىلمۇئەللىمىندىكى ئۈچ يىل باياتىن دېگەندەك رەسىم سىزىپ، توپ ئويناپلا ئۆتۈپ كەتتى. ژۇرناللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا «ئويغانغان زېمىن»دىن باشقا ياخشىراق كىتاب ئوقۇغىنىم يادىمدا يوق. ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇغان بولغاچقا، ساۋاقداشلىرىم ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆگىنىش ئۈچۈن ماڭغاندا مەن «باغلاقتىن بوشىنىپ» جەمئىيەتكە قەدەم قويدۇم. نېمە ئۈچۈنكىن تالڭ، خىزمەتكە چىقىپمۇ مەندە بىر قەدەر تۇراقلىق، ئۆزۈمگە خاس دۇنيا قاراش يېتىلمىگەنىكەن (ئەمما شۇ چاغلاردا بۇنى ھېس قىلالمايتتىم، ئەلۋەتتە). قارىغۇلارچە ئەگىشىش ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ نادانلىقتىن ئۆزۈمنى ئىلغار ھېسابلايتتىم. «ئالتە ئاي ئاتقان پاختا بىر پوغا يارىماپتۇ» دېگەندەك، بۇ «ئىلغار»لىقلىرىم جەمئىيەتنىڭ رەھىمسىز رېئاللىقى ئالدىدا بىر پەشۋاغىمۇ يارىمىدى. مائارىپ بىلەن تۇرمۇش ۋە جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى كۆرۈنمەس ھاڭنى غۇۋا ھېس قىلىشقا باشلىدىم. دەسلەپ خىزمەتكە چىققاندىمۇ ئۆگىنىشنى، كىتاب كۆرۈشنى تاشلىمىدىم. بارا ـ بارا مۇناسىۋەت دائىرەم كېڭەيدى. ئىدىيە جەھەتتە مەندىن خېلى ئىلغار، قەلبىمدە ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەر بىلەن تونۇشتۇم، تونۇۋالدىم. ئەپسۇسكى، ئۇلاردىن ئالغان ئىجابىي تەسىردىن كۆرە ئۇلار ماڭا شۇنداق بىر بىھوشلۇق دورىسى بەردىكى، شۇنىڭ تەسىرىدە بەش ـ ئالتە يىللاپ خۇدۇمنى بىلمەي يۈردۈم. بىلىشىمچە، كۆپ قىسىم قېرىنداشلىرىمىز مانا مۇشۇ بىھوش دورىسىنىڭ تەسىرىدە تېخىچىلا خامۇش يۈرۈۋاتىدۇ. بۇ دورىنىڭ ئىسمى «ئۆگەنگەندە تازا تىرىشىپ ئۆگىنىش، ئوينىغاندا تازا قېنىپ ئويناش». مانا بۇ مەن ئۇچراتقان خېلى كۆپ قىسىم زىيالىينىڭ پەلسەپىسى. ئۇلاردىن «ئويۇن دېگەننىمۇ ئويناپتىمىز، مۈڭگۈز ـ قۇلاق چىقماپتۇ، مۇنچە پۇل، مۇنچە ۋاقتىم تۈگەپتۇ، شۇلارنى ئىشلىتىپ مۇنداق ئىش قىلغان ياكى تىل ئۆگەنگەن بولسام مۇنچىلىك بوپكېتەتتىم، بىز قىلغان ئەخمەقلىقنى سىلەر قىلماڭلار» دېگەندەك نەسىھەتلەرنى ئاڭلىيالمايسىز. بەلكى چارچىغاندا ئويناپ، كۆڭۈل ئېچىپ قويغاننىڭ زىيىنى يوق، دەپ قارايدۇ، ھەتتا باشقىلارغا ئۈلگە بولۇپ ئويۇن ـ تاماشىلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرىدۇ. ھەممىدىن ئېچىنىشلىقى، ئىلغار زىيالىيلىرىمىز تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان كاتتا ئىلمىي سورۇنلارمۇ مىللىتىمىزنىڭ كېلەچىكى ھەققىدىكى دەبدەبىلىك مۇنازىرىلەر بىلەن باشلىنىپ، مىللىتىمىزگە ئاپەت بولۇۋاتقان ئىچىپ ـ چېكىش ۋە ئەخلاقسىز تاماشىلار بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئۇلار دەم ئېلىشنىڭ باشقا شەكىللىرىنى خالىمايدۇ. مەسىلەن: توپ ئويناش، رەسىم سىزىش، ھۆسنخەت يېزىش، مۇزىكا... قاتارلىقلارمۇ دەم ئېلىشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى ھەم دەم ئېلىش ئارقىلىق ئىقتىدار يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. دېمەك، قىپقىزىل زىيان ئۈستىگە قۇرۇلغان ئويۇن ـ تاماشا شەكلىدىكى دەم ئېلىشتىن ۋاز كېچەلمەسلىك ـ زىيالىيلىرىمىزدىكى روھىي ئاجىزلىق، شۇنداقلا ياش ھەۋەسكارلارغا ئۇرۇلغان ئەقىدىنى سۇسلاشتۇرۇش ئوكۇلى.

پېقىرنىمۇ ئوينىماي ئۆگەن دەيدىغان دانا بولمىغاچ، جاھان شۇنداق ئوخشايدۇ دەپ، گاھى ئۆگىنىپ، گاھى ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرۈپتىمەن. كېيىنكى يىللاردا ئوقۇيدىغان كىتابلىرىمنىڭ مەزمۇنىدا ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ئاز ـ تولا ئەقىل تېپىپ قالدىم. ئۆزۈمدىكى ئىللەتلەرنى تۈزىتىشكە بەل باغلاپ بىرقانچە قېتىم ھەرىكەتمۇ قىلىپ باقتىم. ھەر قېتىم ئاز ـ تولا ئۈنۈمى كۆرۈلگەندە گېزىت ـ ژۇرناللاردىكى بەزىبىر ئەسلىمە، ئەدەبىي خاتىرە ياكى ئاخبارات، سۈرەت قاتارلىقلاردىن، كوچا پاراڭلىرىدىن مەن

ئالاھىدە ھۆرمەتلەيدىغان ئەربابلارنىڭ تۈزگەن سورۇنلىرى، ئىچكەن ـ چەككەن ۋە قوپال چاقچاقلىرى ... قاتارلىقلار توغرىسىدىكى خەۋەرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالىمەن. ئۇلار ماڭا شۇنچىلىك زور «روھىي تەسەللى» بولىدۇكى، مىڭبىر مۇشەققەتتە قۇرغان ئىرادە قورغانلىرىمنىڭ توپىسىنى ئاسمانغا سورۇۋەتتى. چىراغلار بىلەن يورۇتۇلغان قاراڭغۇلۇقتا نىشانسىز يۈرۈشكە باشلىدىم...

2003 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا چىقتىم. ئادەمنى بۇزىدىغان ـ تۈزەيدىغان، ئوينايدىغان ـ ئۆگىنىدىغان ... ئەيتاۋۇر ئۆزىڭىز خالىسىڭىزلا ھەر قانداق شارائىت يېنىڭىزدىلا تۇرىدىغان بۇ شەھەردە بىر يىلغا يېقىن بۇرۇنقى سەنئىمگە دەسسەپ لەلەڭلەپ يۈردۈم. ئەمما جىسمىم شۇنداق يۈرگەن بىلەن روھىمغا نۇرغۇن ئەجايىپ ئىش، ياخشى شەخسلەر تەسىر كۆرسىتىۋاتاتتى. كاللامدا ماڭا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان يېڭى ئەقىدە بىلەن ماڭا ھازىر ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئىجتىمائىيەت ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۆرەش بولۇۋاتاتتى. ئاخىرى قەتئىي قارارغا كەلدىم. سانسىزلىغان ناچار ئىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە باشتىن ـ ئاخىر ماڭا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن مەسلەكتىن 180 گرادۇس يۈز ئۆرۈدۈم، «ئۈچ تالاق» خېتىنى بەردىم. مانا، ئەمدى ھېس قىلىۋاتىمەنكى، ئېغىزدىكى گېپىگە ۋە يازغان ئەسەرلىرىگە، ئېيتقان ناخشىلىرى ۋە ياكى باشقا تەرەپلىرىگە قاراپلا ھەر قانداق ئادەمگە، مەيلى ئۇ ئادەم باشقىلارنىڭ نەزەرىدە ئەۋلىيا بوپكەتسىمۇ ئەگەشكىلى بولمايدىكەن. نەزەرىمدە مىللىتىمىزنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان سەركىلىرى بولمىش زىيالىيلار ئېسىل ئەسەرلىرى، ئۇلۇغ ئىدىيىلىرى بىلەن روھىمغا قۇۋۋەت بەرگەن بولسا، يەنە شۇ زىيالىيلارنىڭ ھەر خىل ۋاستە ئارقىلىق ماڭا يېتىپ تۇرغان پائالىيەتلىرى ئۆز مەسلىكىمگە خىلاپ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمغا «ھالال»دەپ پەتىۋا بېرىۋاتاتتى. ئەسەرلىرىگە قارىسىڭىز «ئاھ! مىللىتىم» دەپ ھەسرەت چېكىۋاتقان، ئەمەلىيەتتە يازغانلىرىنى قانداق قىلىپ ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغان، «مىللىتىم بۇزۇلۇۋاتىدۇ» دەپ قاقشاۋاتقان، قارىسىڭىز بۇزۇلۇشقا سەۋەب بولۇۋاتقان ئىللەتلەردىن قول ئۈزەلمەيۋاتقان ... خۇراپىلىقنى ياز دېسە، سەللە ـ يەكتەككە يۆگىنىۋالغان ئاز بىر قىسىم بىلەرمەننى بارلىق ئاخۇن ـ موللىلارغا ۋاكالىتەن زورلاپ سەھنىگە چىقىرىپ سازايى قىلدۇق. ھازىر ھاجى ياكى موللا دېسە خەقلەرنىڭ كۆز ئالدىغا يوغان سەللە يۆگەپ، ئۇزۇن چاپان كىيىپ خەقلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزى ئەكسىنى قىلىدىغان، ئەرەبچە چۆچەك ئەكېلىپ بەرسىمۇ ئايەت دەپ ئوقۇيدىغان كىشىلەر كېلىدىغان بوپكەتتى. ئەمما ئۆزىمىزنى شۇ تارازىدا تارتىپ باقمىدۇق. مەسىلەن: ھاراق ـ تاماكىنىڭ ئىنسانلارغا، جۈملىدىن مىللىتىمىزگە كەلتۈرۈۋاتقان غايەت زور ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، جىسمانىي زىيىنىنى بىلمەيدىغان زىيالىيلار بولمىسا كېرەك. ئەمما ئۆزى باشلامچى بولۇپ قول ئۈزگەنلەر قانچىلىك؟ زىيالىيلىرىمىزدىن نۆۋەتتە مىللىتىمىز دۇچ كېلىۋاتقان كرىزىسلەر ھەققىدە سورىسىڭىز، بىر تالاي ئىللەتنى كۆرسىتىشىدۇ. ئەمما ئۆزلىرى شۇ ئىللەتلەرنى تەرك ئەتكەن ئەمەس، بەزىلىرى ئەكسىچە كاتالىزاتورلۇق رول ئويناماقتا. نۇرغۇن زىيالىي بۇ ئىللەتلەرگە «شەخسىي ئەركىنلىك»تونىنى كىيگۈزۈپ، ئۇنى ئۆزى ئېتىقاد قىلىدىغان مەسلەككە تاقابىل تۇرىدىغان قالقان قىلىۋالغان. ماڭا ئوخشاش ئەخمەقلەر ئۇلارنىڭ ئىللەتلىرىدىن ئۆزىنىڭ ئىللەتلىرىگە تەسەللى تېپىۋاتقان...

قېرىندىشىم! بۇ دېگەنلىك ھېچقانداق ئادەمگە ئەگەشكىلى بولمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ئاق ـ قارىنى تولۇق ئىلغاپ بولالمىغاندا ئۆزى ھۆرمەت قىلىدىغان زىيالىيلارنىڭ يولىنى ئۈلگە قىلىپ، شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە، ئەقلىڭىز ھېسسىياتىڭىز ئۈستىدىن غالىب كەلگەندە ئۆزىڭىز خاس يول تېپىشىڭىز كېرەك.

سىز شۇنداق زىيالىيلارغا ئەگىشىڭكى، ئۇلار ھەر قانداق رىيا ـ تەمەدىن خالىي، ئۆزى ئېتىقاد قىلغان مەسلەككە گېپى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك ئۆزىنى بېغىشلىيالايدىغان بولسۇن.

سىز شۇنداق زىيالىيلارغا ئەگىشىڭكى، ھەر قانداق مەنپەئەت ۋە ئېزىتقۇ ـ خاتا سىياسەت ئۇلارنى ئۆز مەسلىكىدىن قايتۇرالمىغاي. شۇنىسى يادىڭىزدا بولسۇنكى، بۇ سۈپەتلەر پەقەت ئەڭ توغرا يول تۇتقان ئادەمدىلا بولىدۇ. زامان ۋە ماكانىنىڭ ھەسەت ـ تۆھمەتلىرى ئۇلارنىڭ نۇرىنى خۇنۇكلەشتۈرەلمەيدۇ. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا مىللىتىمىزنىڭ سەرخىللىرىدىن كىملەر زىيانكەشلىككە ئۇچرىمىغان؟ ئاخىرى ئالتۇن ئوتتا تاۋلانغاندەك ساپلىرى ئايرىلىپ چىقتىغۇ؟!

شۇنداق زىيالىيلاردىن ھەزەر ئەيلەڭكى، ئۇلار ئاغزىدا باشقىلارنى ئۆز مەسلىكىگە چىللاپ ئۆزلىرى بەل قويۇۋەتكەنلەر. يەنى، ئاغزىدا مىللەتنىڭ كەلگۈسىدىن گەپ سېتىپ، ھەرىكىتىدە جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋالغانلار، ھەتتا ئۆز مەسلىكىگە خالاپ ـ خالىماي خىلاپلىق قىلىۋاتقانلار. شۇنداق زىيالىيلاردىن ھەزەر ئەيلەڭكى، ئۇلار

ئۆزلىرى ئازغۇنلۇقتا ھەم باشقىلارنىمۇ ئازغۇنلۇققا باشلە-غاي ... ئەمەلىيەتتە ئۇلار زىيالىي تونىغا ئورۇنــۇۋالـغـان مۇناپىقلاردۇر.

مانا بۇلار مەن ئەقلىمنى تاپقاندىن كېيىن پۇشايمان ئىلكىدە ھېس قىلغانلىرىم. ئاز ـ تولا بىر نەرسە بىلىپ قالسا، ئاتىكاچىلىق قىلىش ئىنسانىنىڭ بىر خىل ئاجىزلىقى بولسا كېرەك. مەنمۇ ئەمدىلا ئەقلىمنى ئاز ـ تولا تېپىپ قالغىنىمغا باقماي قېرىنداشلىرىمغا نەسھەت قىلغۇم كېلە-ۋاتىدۇ:

قېرىندىشىم! ياشلىقىڭىزنى، مىنۇتسىرى ئۇپراۋاتــقـان ھاياتىڭىزنى قەدىرلەڭ. بىر مىنۇت ئۆتتى دېگەنلىك ـ ئۆ-لۈمگە بىر قەدەم يېقىنلىدىڭىز دېگەنلىك. ياشلىق ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ جۇشقۇن، تەسەۋۋۇرلار مول، يېڭى مەس-لىكلەرنى ئاسان قوبۇل قىلىدىغان ۋە ئەقىدىسى ئاسانلا تەسىرگە ئۇچرايدىغان مەزگىل، ياشلىق باشقا ھەر قانداق چاغدا بولمايدىغان خاسىيەتلەر بىلەن تولغانــكى، كــىشى ياشلىق دەۋرىدە بۇلارنى ئاسانلىقچە ھېس قىلالمايدۇ. سىز بەلكىم ئۆتكۈزگەن ياشلىق دەۋرى بىلەن پەخىرلىنىدىغان بىرەر ئاقىلنى كۆرمىگەنسىز (قىلغان شۇملۇقلىرى بىلەن ھۇزۇرلىنىدىغان ئەخمەقلەر بۇنىڭ سىرتــدا). يــاشــلــىق شۇنچىلىك قىسقىكى، ئەقلىڭىزنى تېپىپ، ھېسسىياتىڭىزنى كونترول قىلغاندا قارىسىڭىز، ئۇنىڭدىن بەكلا يــىراقـلاپ كەتكەن بولىسىز. نۇرغۇن پۇرسەتمۇ شۇنىڭ بىلەن بىللىلا يوقالغان بولىدۇ. يەنى ئائىلە، خىزمەت ۋە ئايىغى چىقماس ئادەمگەرچىلىكلەر بىلەن ئۆتكىنىدىغان ۋاقتىڭىز يوقالغان، يۇقىرى گرادۇسلۇق ئىچىملىك، چېكىملىك ۋە تىرىكچىلىك غېمى بىلەن ئەقلىي قابىلىيىتىڭىز ۋە جىسمانىي قۇۋۋىتىڭىز ئاجىزلاپ كەتكەن بولىدۇ. ياشلىقىڭىزدا بىر كۆرۈپ ئۆ-گەنگەن نەرسىنى ئوتتۇرا ياشقا كېلە ـ كەلمەيلا بەش ـ ئون قېتىم كۆرمىسىڭىز ئۆگىنەلمەيسىز. ئەنە شۇ چاغدا بىھۇدە ئۆتكەن ياشلىقىڭىزغا ئۆكۈنىسىز (ئەلۋەتتە ئەقلە-ڭىزنى تاپسىڭىز). ياشلىقىڭىزدا سىزگە ئاز بىلەن باققان ئويۇن ـ تاماشا، مەئىشەتلەر ئەمدى مەسخىرە بىلەن باقى-دۇ. ھازىرقى زاماندا يېڭىدىن ـ يېڭى، رەڭگارەڭ، باش ـ ئاخىرىنى چۇشىنىپ بولمايدىغان مەسىلىلەر پەيدا بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ ۋە بەزىلىرى سىياسىي، بەزىلىرى مەدەنىيەت يوللىرى ئارقىلىق تېز سۈرئەتتە يامراۋاتىدۇ. ھەممــىدىن يامىنى، ئەگەر ياشلىقىڭىزدا تەنتەكلىك، يەڭگىللــىك، كــەم ئەقىللىق بىلەن ئاشۇنداق خاتا مەپكۇرىلەر قاينىمىغا كە-رىپ قالسىڭىز، شۇ مەپكۇرىنىڭ تىزگىنىدە بىر ئۆمۈر جا-ھالەتتە ئۆتىسىز. بەلكىم تىزگىنىدىن چىقىپ كېتىشىڭىزمۇ مۇمكىن. ئەمما چىققان كۈز ئورنىغا كەلمىگىنىگە ئوخشاش، شۇ مەپكۇرىنىڭ كونتروللۇقىدا قىلىپ سالغان ئىشلىرىڭىز بىر ئۆمۈر يۈزىڭىزگە سالغان ياماقتەك سىزگــە ھــەمـراھ بولىدۇ. بۇ داغنى ھەر قانداق ئالىي سوپۇن ـ مايلار بىلەن يۇيۇپ چىقىرىۋېتەلمەيسىز. بۇنىڭغا مىسال ئالىمىز دېسەك، قەلەمدارلىرىمىزدىنمۇ، ئەلەمدارلىرىمىزدىنمۇ بىرمــۇنــچـە مىسالنى كەلتۈرۈش مۇمكىن. باشقىلىرىنى قويۇپ، خەلق سۆيگەن مەرھۇم شائىرىمىز روزى سايىتنى مىسالغا ئال-ساق، بىر ئۆمۈر دېگۇدەك شېئىر ـ قوشاق يازغان بولسى-مۇ، ئۆمرىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە «ھوشنى تاپقان»-لىقى كۆپ قىسىم ئوقۇرمەنگە نامەلۇم بولمىسا كېرەك. شائىر ئۆز ئۆمرىنىڭ «شەيتانغا گىرىم قىلىپ» ئۆتۈپ كەتكەنـ-لىكىدىن قاتتىق ئۆكۈنگەن. تېخىمۇ ياخشى ئىبرەت ئېلە-شىڭىز ئۈچۈن يازمامنىڭ ئاخىرىدا مەرھۇم روزى سايىت ئاكىنىڭ ئون بىرىنچى شېئىرلار توپلىمى ئۈچۈن ئەسەر تاللاش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىنى يەكۈنلەپ يــازغــان، «كرۇران» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىل 6 ـ سانىدا ئېلان قى-لىنغان «ھاسلات» سەرلەۋھىلىك شېئىرىنى قىســتۇرۇپ قويۇشنى لايىق كۆردۈم.

## ھاسلات

(ئون بىرىنچى شېئىرلار توپلىمىم ئۈچۈن ئەسەر تاللاش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىم)

ئاققا ئېلىپ،
قارىتا كۆچۈرۈپ،
بىرنى ئىلغاپ ئوننى ئۆچۈرۈپ،
يېڭى توپلام تۈزۈۋاتىمەن،
ئاتاپ ئېسىل، ياخشى كۆڭلەرگە.
مەن ناماقۇل «ناچار مال» لىرىم،
ئۆتتۈگلار چەتكە.
غەشلىك سالماي دىل ـ كۆڭۈللەرگە.
غۇبار بولۇپ يۇقماي گۈللەرگە.
ھازىرمۇ ئەستە،
يېزىۋېدىم سىلەرنى تەستە.
ئەمدى مانا،
تۇرىسىلەر بويۇننى قىسىپ،
تەگمىگەچكە توپلامدىن ئورۇن،
تۇرۇم ـ تۇرۇم ...
ھەم دەستە ـ دەستە ...

«بالىلىقىم ـ چالىلىقىم»دىن،
كالپىداردىن ئىنئام ئاختۇرۇپ،
تىنىپ يالغان، سۇنئىي نەپەستە،
يېزىۋېدىم سىلەرنى.
ئۇ چاغ،
شوئارۋازغا،
ساختا ئىلھاملىق ـ
مەدھىيىگە كەڭ بولغاچ رەستە.
ئاچ يۇرسەممۇ پولۇ كېكىرىپ،
تىترىسەممۇ يالاڭ ـ كۆكرىپ،
(دىشۋار ـ ئەلەمدە)
قەلىمىمنى «بال»غا چۆكۈرۈپ،
ھەر يۆتەلدە كەمپۈت تۈكۈرۈپ،
داۋراڭ سېلىپ «بەختىۇ ـ تەلەي»دىن،
كۆپلىبت راسلاپ «خوش ـ خوش، لەببەي»دىن،
ھەر بايرامغا تىزغان گۈلدەستە.
ئەمدى مەن خىجىل،
سىلەر براك،
سىلەر «ئەتكەس»تە...

چىنلىق، راستگۈيلۇق،
بازار تاپسا بولاركەن شۇنداق،
توغرا كەلدى بەدەل تۆلەرگە.
ئۇۋال سىلەرگە،
ئۆتمۇشۇمگە ئوقۇغۇلار لەنەت،
بوپكەتتىڭلار دەپىنلىك بۇگۇن،
ساختا ئىلھام دۇكانلىرىدىن،
يۇققان ھۇنەرگە.

شائىرلىق ۋىجدانىم تىرىلگەن دەم بۇ،
ھەق گەپكە ئىجازەت بېرىلگەن دەم بۇ.
شۇڭا سىلەر ئېلىنماي ئاققا،
ئۆتتۈپ چەت ياققا،
توپلامىنىڭ سىرتىغا سۇرۇلگەن دەم بۇ.

تۇنۇگۇنكى روزى ئەمەسمەن،
(سىلەر كۆرگەن تەنتەك روھ يىتكەن!)
ئەللىك سەككىز ياشنى تۇگەتتىم،
ئىلھامىمغا «ھەق»نى ئۆگەتتىم،
كۆڭلۈم كېزەر ئەرشىئەلانى،
تۇيغۇم ئېتەر تېرەن مەنانى،
بوۋاي بولسامۇ،
بوۋايمەنكى چىنلىقنى يۇدكەن!

قېرىغاندا كەلدىم ھوشۇمغا،
خۇشلۇق قاتتى بۇ ھال خۇشۇمغا.
زىبالاشتى ئورىگىناللىرىم،
قىلماس بولدۇم شەيتانغا گىرىم،
سۆيۈپ ھەر تاڭ ئىلھام دىلبىرىم،
ئون بىرىنچى نەزمىي توپلىمىم،
ئىجاد تاجى تاقتى بېشىمغا ...
ئېسىت، تەلەيسىز «ئۆتمەس مال»لىرىم،
تىزىلالماي قاتارغا ـ رەتكە.
چىقىڭلار چەتكە.
قالدىڭلار دەردكە.

---

ئاپتور: قۇمۇل شەھەر راھەتباغ يېزا چۆلتۆر مەكتەپىنىڭ ئوقۇتقۇ-
چىسى (M1)

## ژۇرنىلىمىز مەخسۇس مۇھەررىرلىرىنىڭ تەھرىرلىك مەسئۇلىيەت نومۇرى



قۇربان مامۇت (ئالىي مۇھەررىر) (M1)



رسالەت مۇھەممەت (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر) (M2)



# ئەركەكلىكنىڭ چىللىشى

نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن

نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىمىز ۋە يازۇ - پۈتۈكلىرىمىز بىزگە خەلقىمىزنىڭ پىسخىكىسى ۋە ھاياتلىق مىزانى ھەققىدە قىممەتلىك تەلقىن ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. بىز تارىخنىڭ سارغايغان بەتلىرىنى قانچە كەينىگە ۋاراقلىغانسېرى شۇنچە ئېپتىخار ۋە ھاياجانغا چۆمىمىز. گەرچە نېمە ئۈچۈنلىكىنى دەپ بېرەلمىسەكمۇ، ئۇزاق تارىخنىڭ سەلتەنەتلىك شانۇ - شەۋكىتى دىللاردا كېيىپ، تىللاردا كۆپۈك قايناتماي قالمايدۇ. مەن ھۇن تەڭرىقۇت چەۋەندازلىرى، ئوغۇزخان، ئاتىللا، چىنتۆمۈر باتۇر... لار ھەققىدە گەپ بولغاندا كۆزلىرى ھەۋەس، شادلىقتا چاقنىمىغان، قېنى قىزىپ، ھاياجىنى تاشمىغان بىرمۇ ئۇيغۇرنى كۆرمىدىم. «سپارتاك»، «سۇ بويىدا»، «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» فىلىملىرىگە مىقتەك قادىلىپ ئولتۇرۇپ، باھادىر - ئەزىمەتلەرنىڭ ھەق - ناھەق پاسىلى ئۈستىدىكى غەزەپ - زارىغا، قورقۇمسىز شىر يۈرەكلىككە ئاپىرىن

## روھ چوقانلىرى

ئېيتىپ تىل چاكىلداتقان ئادەملەرنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ساناپ بېرەلمەسلىكى مۇمكىن.

تارىخ نوقۇل يىللار دۆۋىسى ئەمەس. تارىخ تەتقىقاتى يالغۇز ۋەقەلەرنى دەلىللەش ۋە قاتىرىسىغا يىلنامە، جەڭ خاتىرىلىرىنى تىزىپ كۆرسىتىشلا ئەمەس. ئۇ مەلۇم بىر دەۋرنىڭ مەۋجۇدلۇق ئۈچۈن كۆرەش تارىخىلا ئەمەس، بەلكى بىر قوۋمنىڭ مەدەنىيەت، تۇرمۇش ئەندىزىسى، ئېتىقاد، روھىيەت ئارخىپى. بىز ئەمدى تارىخ تەتقىقاتىنى مەدەنىيەت - پىسخىكا تەتقىقاتى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىز لازىم. چىنتۆمۈر باتۇر بەلكىم سىگىلسى مەختۇمسۇلانى قۇتقۇزۇش ئۈچۈنلا يەتتە باشلىق يالماۋۇز بىلەن ئېلىشمىغان بولغىيتتى؟ ئۇنىڭ مىسران قىلىچىنىڭ غەزەپ بىلەن ھەر بىر ئۇرۇلۇشىدا ئۆز قېرىندىشى، ئائىلىسى، قوۋمىنىڭ ئار - نومۇسى، قىز - خوتۇنلىرىنىڭ ئىپپەت - ھاياسى، نەسەب شەجەرىسىنىڭ ئۇلۇغۋار - مۇقەددەسلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن جان تىكىپ كۆرەش قىلىش ئەقىدىسى يالىلداپ تۇرىدۇ. دېمەككى، ئۇ بىزنىڭ روھىيەت تىندۇرمىمىزدا چۆچەك ئىچىدىكى بىر قەھرىمانلا ئەمەس، بەلكى ئەخلاق، ئەقىدە ئىمپېراتورىغا ئايلىنىپ كەتكەن. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەنىۋىيەت يۇلتۇزلىرىمىزنى قايتىدىن، يېڭى - يېڭى روجەكلەردىن

جۇلالاندۇرۇپ تۇرۇش، پۈكۈلگەن قەددىمىزنى رۇسلاپ، چىرىگەن قەلبىمىزنى پاكلاشتا پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. راستىنى ئېيتقاندا، بىزنىڭ رېئال تۇرمۇشىمىزدىمۇ ئادەم سۇرەتلىك يەتتە باشلىق يالماۋۇزلار كونسايىن كۆپەيمەكتە. چۆچەكتە ئاران بىرسى بولسا، بىزنىڭ چۆچەكتەك خىيالىي، رىۋايەتلەردىكىدەك بىغەم، ئەپسانىلەردىكىدەك بەدىئىي رېئاللىقىمىزدا تۈرلۈك ئىجتىمائىي سىياقتا نىقابلانغاب مۇنداق ئادەم سۇرەتلىك يالماۋۇزلار ئاز ئەمەس. ھوشيار بولمىساق ماڭدامدا بىر يۈتلىشىپلا تۇرىمىز. بەلكىم مەن، سىز، بىز... بىلىپ ـ بىلمەي يەتتە باشلىق يالماۋۇزلارغا ئوخشاش قىلىۋاتقاندىمىز ياكى بولمىسا ئۇنىڭ مەلۇم بىر بېشىغا... ئەمما چىنتۆمۈر باتۇر قېنى؟ مىسران قىلىچى بارمىدۇ؟ كاپكاپ كۆچۈكى تەييارمىدۇر؟ ئارغىماق ئېتى تەقمىدۇ؟...

نازۇكۇم يېتىم بوتىلاقتەك ئايانچلىق ئاۋازدا شۇنداق قوشاق قېتىشقا مەجبۇر بولغانىدى:

تاغدىن چۈشكەن لاي سۈنى،
سۈزۈپ ئىچەر ئەر بارمۇ؟
نازۇك باشقا كۈن چۈشتى،
ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ؟

ئۇنىڭ ھەسرەتلىك نىداسىغا ئېزىلگەن، خورلانغان پۈتكۈل قىز ـ ئاياللىرىمىزنىڭ مۇڭى قېتىلىپ كەتتى. ئەمما نازۇك باشلارغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدىغان ئەر نازۇكۇمغىمۇ، نازۇك قىزلىرىمىزغىمۇ چىقمىدى، چىقسىمۇ يوق ھېسابتا بولدى. ئاچچىق تارىختىن قېپقالغان ئازابلىق سوئال ئۇيغۇرنىڭ ئاڭ بوشلۇقىغا يەنە شۇنداق ئېسىلغان پېتى قالدى: ئەر بارمۇ؟ ئەر بارمۇ؟؟؟

نەچچە مىڭ يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئىنسانىيەتنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرى جىمجىت ئاخىرلاشتى. بىز ئەمدى بىر چاغلاردىكى ئاقار يۇلتۇزدەك ئۇچۇپ بارىدىغان تۇلپار ـ ئارغىماقلارنى تار، بىكىك ئىشخانىلاردا يۇمشاق ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ خىيالەن ئويلايدىغان بوپقالدۇق. بىر قوۋم، ئەل ئۈچۈن نەچچە مىڭ باھادىر سۆيەت يىگىتنىڭ كۆزىنى مىتمۇ قىلىپ قويماي جان تەسەددۇق قىلىشلىرى كىتابلاردىكى ساماۋىي چۆچەكلەرگە، كىشىلەر ھەۋەس بىلەن ئېغىزىنى تامشىتىدىغان كەتسە كەلمەس ئۆتمۈش ئەپسانىلىرىگە ئايلاندى. بىز ئەمدى بۇنداق باتۇرلۇق داستانلىرىنى ھوللىۋۇد، جۇڭگو، شياڭگاڭنىڭ ئۇرۇش فىلىملىرىدىن كۆرىدىغان بولدۇق. ئەمما كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىش ھامان كىشىلەرنىڭ ئىچكى تۇيغۇسىدىن چەتتە قالدۇ، ئۇ مەڭگۈلۈك ئەس بوشلۇقىدىن قارار تاپالمايدۇ. كىنوخانىدىن چىقساقلا، تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدىن قوپساقلا ھەممە يوق. ئالدىمىزدىكىسى بىر ـ بىرىدىن ئالدىراش، پەرۋاسىز ئادەملەر، ھەممەيلەن ياشاش ئېھتىياجىنىڭ ئايىغى چىقماس ھەلەكچىلىكىدە قالغان. تېخى بايىلا قارام ئەركەكچىلىكنىڭ ھۇزۇرلۇق ئېقىنىدا ئاققانلار يېنىدىلا بىر قىزنىڭ ناجىنسلارچە دەپسەندە قىلىنىشى، خورلىنىشى ياكى بوزەك قىلىنىشىغا پەرۋاسىز كۆز يۇمۇپ، قۇلاق يوپۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن. مۇمكىنلا ئەمەس، تۇرغان گەپ. سىز، مەن ئۇنداق قىلمىدۇق دېيەلەمدۇق؟... روھىيەتتىكى ئەركەك ۋە ئەركەكتىكى روھ... قەھرىمانلىق ئەپسانىسى ۋە ئەپسانىۋى قەھرىمانلىق، ئەپسانىدىكى قەھرىمانلىق... كىشىلەر ئايال مىجەزلىشىۋاتاتتى، ئاياللىشىش پۈتكۈل يەر شارى خاراكتېرلىك ئورتاق ئاپەت ئىدى... غايە بىلەن رېئاللىق، ئارزۇ بىلەن ئەمەلىيەت ئوتتۇرىسىدىكى تار قىسىلچىقتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ناھايىتىمۇ ئېغىر پاجىئەلىك تەڭقىسلىقى مىچىلداپ تۇراتتى:

ئەركەكلىك!!!
ئات يايلى ئۆچتى سارغۇچ بەتلەردىن ،
باتۇرلۇق كۆچتى قىلىچلىق ئەردىن.

ـ ئادىل تۇنىياز: «ئۇيغۇر كوچىغا چىققاندا» دىن

بولار ئىمىش ئەرلەرنىڭمۇ ئېپىتى،
ۋەتەنسىزلەر كىرەلمەسمىش جەننەتكە.

—غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت: «ناخشا» دىن

بىز قەھرىمانلىق دەۋرى ئەپسانىلەرگە ئايلانغان تالاي يىلدىن كېيىن توساتتىنلا كىملەرنىڭدۇ قەھرى بىلەن تۇۋلاشقانلىرىنى ئاڭلاپ قالدۇق. «ئەركەكلەر، قېنى سىلەر؟» دەيتتى بىرى ئادەم پاتماي قالغان ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا ئەلەڭشىپ ۋارقىراپ يۈرۈپ. كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ قويۇشاتتى ـ يۇ، يەنىلا ئۆز ئىشلىرى بىلەن بەند ئىدى. ۋارقىرىغانلا ئادەمگە قاراپ تۇرۇپ ۋاقىت ئىسراپ قىلىشقا بولمايتتى. پۇل تېپىش كېرەك ئىدى. تىجارەت قىلىش، خىزمەتكە بېرىش ئۈچۈن چاپمىسا بولمايتتى. پۇل تاپقاندا كىمنى قانداق چىرقىرىتىپ، ۋارقىراتقۇسى كەلسە شۇنى قىلالايدىغانغا ئۇلار سۆزسىز ئىشىنىشەتتى. ۋارقىرىغۇچىنىڭ ئەتراپىدىكىلەر بىلەن كارى يوقتەك ئىدى. ئۆز خىيالىدا ۋە ئۆلچىمىدە ئۇ يالىڭاچلىنۋاتقان ئاياللارنى، ھېسسىياتسىز، بېسىقىپ كەتكەن بىچارە ئەرلەرنى، كوچىلاردا كەلكۈندەك دەۋرەپ، قۇتراپ كېلىۋاتقان شەھۋەتنى، ھايانىڭ قات ـ قات چۈمپەردىسىنىڭ جارتىلداپ يىرتىلغىنىنى ئېنىق كۆرەتتى ۋە يەنىمۇ چىڭقىلىپ، بوغۇلۇپ ۋارقىرايتتى. «ئادىل تۇنىياز» دەپ قويايتتى كىملەردۇ ئېچىنىپ. ئۇنىڭ ئاڭلارغا چولىسى يوق ئىدى. ئۇ ئۆزى ئوبدان بىلەتتى، ناھايىتى ئېنىق، ھەغدادىغا يەتكۈزۈپ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلگەنىدى. ئۇنىڭغا، ياق، ئۇنىڭغا ئەمەس، ئۇنىڭ ئالدىدىكى بەتبەشىرە رېئاللىققا ئەر كېرەك ئىدى، ئەركەكلىك تۈزدەك لازىم ئىدى.

ئۇنىڭدىن نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا چاچ ـ ساقىلى ئۆسۈپ كەتكەن، خۇنۇك كۆزلىرىدىن جاھانغا بولغان ئاچچىق، سوغۇق مەسخىرە چاچراپ تۇرىدىغان ئېگىز بوي، ئاۋاق بىرى جىنازىدەك ئورۇق گەۋدىسىنى لەپەڭشىتىپ تۇرۇپ سەۋدايىلارچە تۇۋلايتتى.

قەرز... قەرز...
ئەرلەردىكى يوقالغان ئېپپەت...

—غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت: «ئەرنىڭ ئېپپىتى» دىن

ئۇ ئارقىدىنلا مەسخىرىلىك ھىجىيىپ تاشلايتتى. تولىمۇ تار، قاراڭغۇ سولاقمىغا ئوخشايدىغان زەيكەش ئۆيىدىن يۈگرۈپ چىقىپ شەھەر قىزغىنلىقىدا كەلكۈندەك ئېقىۋاتقان، ھەممىنى ئۇنتۇغان خوتەنلىكلەرگە قاراپ:

كۆزۈڭنى ئاچ، قۇياش ساڭا پاتماقتا،

www.uyghurkitap.com

ئۆزۈڭنى تاپ، ئىسمىڭنى ئېيت دۇنياغا.

—غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت «غېرىب» دىن

دەپ توۋلايتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ سوپى چىراي تەلەتىگە قاراپ «ساراڭ» دەيتتى ۋە ئالدىراش كېتىپ قېلىشاتتى. ئۇ بېشىنى چايقاپ قويدى. قارىداپ كەتكەن چىرايىدا ئەلەملىك ھەسرەتنىڭ سوغۇق ئۇچقۇنى قېتىپ قالدى. «ئەمدى ئۆزۈڭگە قالدىڭ ئەر» دېدى ئۇ بوش پىچىرلاپ. نەچچە يىل ئىلگىرى ئۇ توساتتىنلا قەلبىگە پاتماي كۆۋەجەپ تۇرغان ھېسسىياتنى باشقۇرالماي بىر پارچە يىرتىق قەغەزنىڭ بۇرجىكىگە شۇنداق مىسرالارنى پۈتۈپ قويغانىدى:

ئۇدۇن
ئەڭ ئاخىرقى ئەرلەر شەھىرى.

ئۇ ئەمدى بۇ گېپىنىڭ راست ـ يالغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالمىدى. تارىختىكى تەۋەررۇك جاھىللىقىغا مەھكەم يېپىشقان، شۇنداقلا يېڭى مەدەنىيەت ئېقىنىغا ئاچ پاقىدەك تاشلىنىشنىمۇ ئۇنتۇمىغان ساددا خوتەنلىكلەر ئۇنىڭغا يىلىكى قۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىقنى تەڭشەكنىڭ ئىككى ئۇچىغا قوندۇرۇۋېلىپ دەلدۈگۈنۈپ كېتىۋاتقان دارۋازدەك ھالغا قالغان زور بىر خەلق ئۇنىڭ كۆزىنى ھەيرانلىقتىن ھاڭ قىلىپ، يۈرىكىنى زىڭىلداتقانىدى. ئۇ ئەسەبلىرىگە پاتمىغان ھالدا ئۆز باياۋىنىدا جار سېلىپ توۋلاپ ماڭدى. (ئۇ ئىشتىن قالغان) ـ ئۇنى تاشلىۋەتكەن سىيخ ئارقىدا قالدى. ئائىلە ئۇنى تاشلىۋەتتى. ئۇمۇ ئائىلىنى... «يازغان شېئىرىڭدا كۆتۈمنى ئېرتاي. پۇل كېرەك، پۇل!» دېگەنىدى بىر چاغلاردا ئۇ بار مۇھەببىتى بىلەن سۆيگەن ئايالى ئۇنىڭغا غەزەپتىن لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ. «بەكلا يىغلاڭغۇ» دېدى نۇرغۇن زەكىي ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا باھا بېرىپ. نەچچە يىلدىن كېيىن نۇرمۇھەممەت ئۆمەر: «ئەجەبا، بىز ئۇنىڭ سەۋەبىنى سوراشتۇرۇپ، يىغىسىغا ھەمجۇر بولماقتا يوق، يىغلاڭغۇلۇقتا ئەيىبلەپ يۈرەمدۇ» دېدى. سوپى مىجەز يىغلاڭغۇ ئاداشمۇ باشقىلارنىڭ زورى بىلەن ھەپتە دېگۈدەك ئەينەككە قاراپ كۈلۈشنى مەشىق قىپتۇ. «كۈلەلمىدىم، يىغلاپ سالدىم» دېدى ئۇ بىر كۈنى نۇرمۇھەممەتكە. نۇرمۇھەممەت يىغلاپ سالغىلى تاس قالدى. ئۇ، چۈشەنگەنىدى. تۇرمۇشتا يەتكىچە ھەرەج تارتقان، قەلبى دائىم گۇرۇلدەپ كۆيۈپ تۇرىدىغان بۇ شائىرنىڭ قەلبى ئۇنىڭغا يول بەرگەنىدى... شۇندىن كېيىنلا ئۇ «ئىپپەت... ئىپپەت...» دەپ بولۇشىغا جار سالغىلى تۇردى...

«غوجىمۇھەممەت» دېدۇق بىز...

بىر ئاۋاز ئۈررۈمچىدە، بىر ئاۋاز خوتەندە ئىدى...

ئىككى ئاۋازنىڭ نەرىسى شەرقتىن غەرىبكە، جەنۇبتىن شىمالغىچە يېتىپ باراتتى. ئوخشاش بىر روھ، ئوخشاش بىر سادانىڭ ئىككى خىل لەرزىسى دولقۇنلاپ كېلىپ بىر توچكىدا بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلاتتى:

ئەركەكلىك!

* * *

«مەڭگۈ تاشلار» دىن تارتىپ تارىخىي قوشاقلىرىمىز ۋە ئەپسانە ـ چۆچەكلىرىمىزگىچە ھەممىسىدىن قەھرىمانلىق، مەردلىك، ۋاپا تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. قەھرىمانلىقنى كۈيلەش، مەدھىيەلەش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى ئىش ئەمەس. دۇنيا ئەدەبىياتىدىمۇ ھەم شۇنداق. يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ تارىخىمىزدىكى ۋە رېئاللىقىمىزدىكى قەھرىمان تىپلارنى يورۇتۇپ، ئۇلارنىڭ جەسۇر ئوبرازىنى تىكلەش مەلۇم كۆلەم، سەۋىيىدە ئېلىپ بېرىلدى. شېئىرىيىتىمىزدە قەھرىمانلار ھاياتىغا بېغىشلانغان ۋەقەلىك شېئىرلار ۋە باتۇرلۇقنى كۈيلەيدىغان خېلى ـ خېلى لىرىكىلار مەيدانغا كەلدى، ئەمما ئۇ ئىزچىللاشمىدى. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىك ئازابلىق جىمىشىغا ئەگىشىپ بۇ ھەقتە قەلەم تەۋرەتكەن، تەۋرىتىۋاتقان شائىرلىرىمىزمۇ ئاستا ـ ئاستا غايىب بولۇشقا باشلىدى. شېئىرىيىتىمىزدە ئېلىپ بېرىلغان دە ـ تالاشلارنىڭ ئايىغى ئەمدىلا بېسىقىۋىدى، بىر چاغلاردا چوڭ غۇلغۇلىلارغا سەۋەب بولغان شۇ شېئىرلارمۇ، شائىرلارمۇ مەتبۇئاتلاردا تۇساتتىن ئازلاپ كەتتى. شېئىر ئازابلىق سۈكۈتكە پاتتى. ئۇنىڭ جىمىشى شەك ـ شۈبھىسىزكى، تويۇنغانلىقتىن ئەمەس، ھەقىقىي، چىن شېئىرغا بولغان كۈچلۈك ئېچىرقاشتىن ئىدى؛ ئۆزىگە بىردەملىك غىلجىڭ ھېسسىيات بىلەن ئەمەس، تەۋرەنمەس ئەقىدە، ھالال نىيەت ۋە ئېزگۈ قەلب بىلەن ياندىشالايدىغان شائىرلارغا بولغان تەقەززانىڭ سۈكۈتىدىن ئىدى.

راست گەپ قىلغاندا، كېيىنكى كۈنلەردە شېئىرىيىتىمىزدە تېخنىكا، سۆز ئويۇنى ھەددىدىن زىيادە ئېغىرلىشىپ كەتتى. شېئىر پاساھەت، چوڭقۇرلۇق ۋە مەنە ـ ماھىيەتتىن كۆرە چۈشەنگىلى بولمىغۇدەك تۇتۇق تەسۋىر، ئىپادىلەشلەر قايىنىمىغا كىرىپ قالدى. شائىرلىرىمىزمۇ بىر ـ بىرىدىن ئۆتە مەۋقەسىزلەشتى. ئىجادىيەتتە ئۆزلۈكسىز ھالقىش پەيدا قىلىپ ماڭغان شائىرلار بەكلا ئاز بولدى. مېنىڭچە، ئىجادىيەتتە بىر قەدەر خاسلىق ھاسىل قىلغان ياش شائىرلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئادىل تۇنىياز ۋە غوجىمۇھەممەت مۇھەممەتلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە ئايرىم ـ ئايرىم توختىلىش جەزمەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىش. ئەمما بىز بۇ ئىككى شائىرنى بىر نۇقتىغا ئەكېلىشكە تۈرتكە بولغان تېما ئۈستىدە توختىلىشنى بەكرەك مۇھىم بىلدۇق. گەرچە ئىككى شائىرنىڭ زۇۋانى ھەر خىل ياڭرىغان، يەتكەن پەللىسىدە مۇئەييەن پەرقلەر بولسىمۇ، ئەمما ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆزى بىر قۇياشنىڭ ھارارىتىدە يورىغان ۋە شېئىر، مىسرالىرىنى ئوخشاش بىر تىنىق، ئىستەكتە يۇيۇپ چىققان. ھەر ئىككىسىنىڭ شېئىرىيەت ئارقىلىق ئىنسانغا قىلغان، قىلىۋاتقان پىچىر ـ پىكرىدە بۇ قەدىمىي قوۋمنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇدلۇقىدىكى تۈزدەك زۆرۈر نەپەسلەر مۇجەسسەم تاپقان ۋە ئۆزگىچە شېئىرىي يۈكسەكلىكنىڭ كامالىتىدە قايناپ ـ شوخشىغان. بىز شائىرنى تاڭ چىللىغان خورازغا ئوخشاتساق، بۇ بىر جۈپ خورازنىڭ چىللىشىدا شۇنداق بىر ئورتاق سادا ياتىدۇ:

ئەركەكلىك!

* * *

غوجىمۇھەممەت: «ئەرنىڭ ئىپپىتى بولىدۇ، ئۇ ـ ۋەتەن»، دەپ يازىدۇ. بۇ بىزگە ئەرنىڭ ئىپپىتى ـ ئەرلىكى، ئەركەكلىكى ھەققىدە ئىنتايىن قىممەتلىك مەنىلەرگە باي يىپ ئۇچى بېرىدۇ.

ئۇنىڭچە، «ساقال ـ بۇرۇت قويغانلارنىڭ ھەممىسىلا ئەر ئەمەس ئىدى؛ بۇغداي تېرىپ زاغرا ناندا قورساق توقلايدىغانلارمۇ ئەر ئەمەس ئىدى؛ ئاھ، خەلقىم، دەپ دەرد يۇتۇپ مەيخانىدا تۈنەيدىغانلار ئەر ئەمەس ئىدى؛ ‹ئېتىقاد› ۋە ‹توغرا يول› ھەققىدە سۆزلەپ قويۇپ، ئىچ ـ ئىچىدىن قورۇپ ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسىنىلا ئەر دېيىشكە بولمايتتى؛ قىلىچتىن قورقۇپ بېشىنى ئېگىپ، كاستۇم ئىچىدە تىترەپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىلا ئەر دەۋېرىشكە بولمايتتى. ئۇلارنىڭ جاينامازدا ئىمانى، ئەل ئالدىدا ۋىجدانى، يۈرىكىدە يىغانى، سەپ ئالدىدا مەيدانى، تىغ ئالدىدا تەن ـ جېنى، تومۇرىدا دولقۇنلۇق قېنى، ھاياتىدا ئۆلۈم ھەم شان ـ شەرىپى نېسى ئىدى».

بىز باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق ھەققىدە ئېغىز ئاچساقلا، كۆز ئالدىمىزغا دەررۇلا «كۆكسى ئېيىقنىڭكىدەك، مۈرىسى قارا بۇلغۇنىڭكىدەك، بېلى بۆرىنىڭكىدەك، پۇتى بۇقىنىڭكىدەك» يوغان، بەقۇۋۋەت ئەرلەرنىڭ كېلىشى تۇرغانلا گەپ. بىز بۇلارنى ھەقىقىي ۋايىغا يەتكەن ئەردە بولۇشقا تېگىشلىك جىسمانىي شەرت دەپ قارايمىز. ئەمما شائىرچە، بۇنداقلارنىڭ ھەممىسىنى ئەركەكلىكى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغان ئەر دېيىشكە بولمايدىغاندەك قىلاتتى. شائىر «ئەر» دېگەن بۇ ئۇقۇمغا «ئادەم» ئۇقۇمىنى پاراللېل قويۇپ تۇرۇپ، ئادەمىيلىكتىكى بارلىق ئەقەللىي شەرتلەرنى ئۇنىڭ ۋۇجۇد كالامىغا يۈكلىگەندەك تۇراتتى.

بىزنىڭ ئاقىل تەپسىرچىلىرىمىز «ئىنسان»، «ئادەم» ئۇقۇمىغا ھە دېسىلا «ئازغۇچى، خاتالاشقۇچى، سەۋەنلىك ئۆتكۈزگۈچى، ئازغۇن، خام سۈت ئەمگەن» دېگەندەك تەبىرلەرنى بېرىشىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ، باشقىلارنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشىگە، خاتالىق ئۆتكۈزگەندىن كېيىنكى نومۇس تۇيغۇلىرىنى يېپىپ ـ يۆگىشىگە يوچۇق ئېچىپ بېرىدۇ. مەن دۇنيادا بىرەر ئىنساننىڭ «مەن ئادەم، تەبىئەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك سەمەرىسى. مەن ئادەم بولغانىدىكىن مۇنۇ ئىشنى قىلماي» دېگىنىنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ باقمىدىم. ئەمما شائىر «ئادەم»، «ئەر» دېگەن بۇ ئىككى ئۇقۇمنىڭ ۋەزنىنى بىر ئېغىرلىق مەركىزىگە جۇغلاپ تۇرۇپ ئىنسانىي تاكامۇللۇقنى ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى. «ئەر» دىن ئىنسانىيلىققا ۋە ئادەمىي مۇكەممەللىككە يېتىشنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى.

تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر بىر تاش ـ تۇپا، گۈل ـ گىياھقىچە ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە يارىشا مەۋجۇدلۇق قىممىتى ۋە رولى بولىدۇ. جاھاندا ئارتۇقچە يارىتىلغان نەرسىدىن بىرىمۇ يوق. ھەممە ئۆز جىسمى زاتىدا مۇئەييەن سىر ـ ھېكمەتنى مۇجەسسەم قىلغان. ئۇ ئىگە بولغان سىر ـ ھېكمەت ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقى ئۈچۈن جەزمەن بولمىسا بولمايدىغان تەقەززانى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئېشەككە تۆت پۇت، لاچىنغا ئىككى قانات مىسلىسىز ئاقىلانىلىك بىلەن تەقسىملەنگەن. بىزنىڭ بۇ مۆجىزات دۇنياسىدىكى ئۇنى بۇنداق بولسا بوپتىكەن ياكى بۈركۈتتىكى قاناتنى تۆگىگە بەرسە بوپتىكەن دەيدىغانغا ھەققى ـ ھوقۇقىمىز يوق. قۇسۇرغا قىلچىمۇ يوچۇق قالدۇرۇلمىغان. كىمكى دۇنيانىڭ بۇ ئاقىلانە قازىلىقىغا قارشى چىقىپ، ئەزەلىي مۇتلەقتە ئۆزلىرىگە تالىق قىلىپ بېرىلمىگەن نەرسىلەرگە ئىنتىلىدىكەن، ئۇ ھەرقاچان تېگىشلىك جازاغا ئېرىشىپ تۇرىدۇ. بۈركۈتنىڭ ياق، مەن توخۇدەك كاتەكتە تەييار داننى تېرىپ يەپ، توخۇم تۇغۇپ ياشايتتىم، دەيدىغانغا ھەققى يوق. قىلىمەن دېسىمۇ قامالاشتۇرالمايدۇ. ئۇنىڭ قانىتى بىپايان كۆكتە دەخلىسىز پەرۋازغا لايىق يارىتىلغان. ئۇ تاشلاپ بېرىلگەن داننى يەپ مەڭگۈ قانائەت تاپالمايدۇ. بۈركۈتنىڭ كۆڭلى كۆكتە تۇغۇلىدۇ. ئادەممۇ شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئۆزىگە يارىشا تەن، روھ بىلەن يارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ھەر بىر ئەزا، ھەر بىر ھۈجەيرە ئۇنىڭ مەجبۇرىيەت، ئىش ـ ئەمەلىگە يۈكسەك دەرىجىدە ماسلاشتۇرۇلغان. ئەرلەرنىڭ تېنى كۈچلۈك ، قاۋۇل، چىبدەس بولغاچقا ئۇلارنىڭ زىممىسىگە ئائىلىنى قامداش، بېقىش، ئاسراش، قەبىلە ـ قوۋمنى قوغداش، خوتۇن ـ بالىلىرىنى ھىمايە قىلىش ۋەزىپىسى تەبىئىيلا يۈكلەنگەن. ئاياللارنىڭ تېنى بىر قەدەر نازۇك، ئاجىز (بۇنى ئاياللىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى تەن ئېلىشتىن شۇ قەدەر قورقىدۇ. ئەمما، ھەق سىزنىڭ تەستىقىڭىزغا موھتاج ئەمەس. ئۇ بەربىر مەڭگۈلۈك پاكىت). مىجەزى مۇلايىم، ئىللىق، تۇغۇش، پەرزەنت تەربىيىلەشكە مۇۋاپىق قىلىپ يارىتىلغان بولغاچقا ئۆي تۇتۇش، پەرزەنت تەربىيىلەش، ئەرلەرنى كۈتۈش... تەك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ خىل ئىش تەقسىماتى قانداقتۇر ئەرلەر زوراۋانلىق يۈرگۈزۈپ ياكى ئاياللارنى خارلاپ، خورلاپ، قۇل قىلىپ ئايىغى چىقماس ئۆي ئىشىغا بەند قىلىش مۇددىئاسىدا غەرەزلىك شەكىللەندۈرگەن ئىجتىمائىي يوسۇن بولماستىن، بەلكى تەبىئەتنىڭ ئۆز قانۇنىنىڭ ئۆز يولىدا جارى بولۇشى ئىدى. ئۇنى باشقىچە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشمۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەرنى ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ، ئايالنى كۆت دېيىش ئۇنچىۋالا ئەقىلگە ئۇيغۇن كەلمەيتتى. ئۇنىڭ قول ـ پۇتىنىڭ يارىتىلمىسىغىلا ئېغىر ئەمگەك، جىدام، قوپاللىقنىڭ تامغىسى بېسىلىپ كەتكەنىدى. بىر قىزنىڭ تەبىئىتىدە تۇغما ھالدا ئۆي تۇتۇش، ئاش ـ تاماق ئېتىش، باشقىلارغا كۆيۈنۈشنىڭ ئەڭ ئېپتىدا خۇرۇچلىرى تېپىلاتتى. ئاياللار سىرتنىڭ ئىشلىرىغا قېيىقالغاندا كۆچەشكە، ئىنجىقلاشقا توغرا كېلەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇلارنىڭ نازاكىتى، زىلۋالىقى يوقايتتى، نازۇك تېنى مۇكچىيەتتى. ئۇلار ئۆز تېنى، روھىيىتىگە سوۋغا سۈپىتىدە بەخشەندە قىلىنغان ئەڭ مۇقەددەس تۇيغۇ، سۈلكەتنى بېسىپ قويۇپ لەۋ چىشلەپ خىزمەت ئۈچۈن ئالدىرىشى كېرەك ئىدى. مۇكاپات ماختىشى، خىزمەت باھالىشى، مەنسەپدىن قالغان ئالدىراش ئولتۇرۇشلار، ئۇزۇنغا يۈگرۈش مۇسابىقىسى، ئاياللار ھوقۇقى، ئاياللار ئازادلىقى، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش چېمپىيونلۇقىنى تالىشىش... ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز پالاقلىمىسا بولمايتتى. ئاياللار ئاياللىق روھىنىتىدىن ئايرىلىپ قۇرغاقلىشىپ، مەنىسىزلىشىپ كېتەتتى. ھارغىنلىق، زېرىكىش، بىكاردىن ـ بىكار ئىچى پۇشۇش، ئەھمىيەتسىز جېدەللىشىپ، بەسەرەمجان بولۇش... ئاياللارنى قىينايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پۇخادىن چىقىش، روھنى كۆتۈرۈش، تۇرمۇشتىن شادلىق، مەنە ئىزدەش ئۈچۈن كىيىملەرگە يېلىناتتى، گىرىم بۇيۇملىرىغا تەزىم قىلاتتى، بەزمىخانىلارغا قاترايتتى. ئەسەبىيلىك، زوراۋانلىق تۈسىنى ئالغان ئىچ پۇشۇقنى چىقىرىش شەكىللىرى تۇرمۇشنىڭ چىن مەنىسىنى تاپالماي قالغان ئاياللارنىڭ بىردىنبىر تالىشى بوپقالاتتى. شەھەرلەردىكى رېستوران، كۆڭۈل ئېچىش كۇلۇبلىرى، رەستە ـ

بازارلاردا پاتماي دەۋرەپ كېتىپ بېرىشقان ئاياللارنىڭ كۆزلىرىنىڭ تەكتىدە بېسىپ بولغۇسىز يىغا، ھەسرەت، مەنىسىزلىك ياتىدۇ. ئۇلار نېمىگىدۇر تەقەززا بولىدۇ، ئالدىرايدۇ، تاپالمايدۇ. قەلبىدە تولدۇرۇپ بولغۇسىز مەنىۋى ئاچارچىلىق، قۇرغاقچىلىق باردەك سېزىدۇ، ئەمما دورىسىنى قىلىشنى بىلمەيدۇ. ئاياللارنىڭ ساپ خۇشلۇقى ئۇلارغا قورقۇنچلۇق نەرسە دەپ چۈشەندۈرۈۋېتىلگەن. شۇڭىمۇ بۈگۈنكى رەڭگارەڭ دۇنيا رېئاللىقىدا چۈشكۈنلەشكەن بەزى ئاياللار ئۆز جىسمى، قېنىدا، جېنىدا بار خۇشلۇقنى تالادىن، ئاشنا ئويناشتىن، قوش جىنسلىقلار مۇھەببىتىدىن، جىنسىي زوراۋانلىقلاردىن، ئەسەبىيلىكتىن، كىيىمدىن، يالىڭاچلىنىشتىن ئىزدەيدۇ. كۈلىدۇ، ئەمما شۇ قەدەر ھەسرەتلىك. يىغلايدۇ، ئەمما ھېسسىياتسىز. سۆيىدۇ، ئەمما تامدەك...

ئەرلەرنىڭ ئاياللارنىڭ خورلىنىشىغا، جاپا تارتىشىغا قاراپ تۇرۇشقا بولمايتتى. چۈنكى قىز ـ ئاياللار بىر ئۇرۇۋقتىكى مەنىۋى كۈچ، كۆۋرۈك ۋە غۇرۇر ئىدى. ئەرلەرنىڭ تۇرمۇشتىكى يۆلىكى، روھىي تەسەللىسى، ئىپتىخارى، شۇنداقلا نومۇسى ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئايالنى جان تىكىپ قوغداش، ئاسراش، ئار ـ نومۇسىنى، شەرم ـ ھاياسىنى ساقلاش، ئائىلىنى قامداش، قوۋمىنى، مىللەت، ۋەتىنىنى قوغداش ئارقىلىق ئەلگە بەختلىك، پاراۋان تۇرمۇش يارىتىش ئەرنىڭ ئىلكىدىكى مۇقەددەس ۋەزىپە ئىدى. باش تارتىپ بولماس قەرز ئىدى. شۇنى قىلمىسا نېمە قىلىدۇ؟ بالا تۇغالامتى؟ ئېمىتەلەمتى؟ ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرى بىكارغا مەزمۇت، چىڭ، قوپال، يىرىك، قاتقان، روھى ئۇستۇن، بەردەم يارىتىلغانمىتتى؟

بىز غوجىمۇھەممەتنى مۇشۇ مۇقەددەس قانۇنىيەتنى بىلمەيدۇ، دېيەلەمدۇق؟ شۈبھىسىزكى، ئەرنىڭ، ئەركەكلىكنىڭ ئىپتىداسىغا ئۇل قويغان مىزان شائىرغا ئەرلىكنىڭ ئۇلۇغۋار بۇرچىنى كۆز ـ كۆز قىلغانىدى. ئېستېتىكىدا دېيىلىدىغان نەپىسلىك ئۇنىڭ كۆزىگە خانىم ـ قىزلارنىڭ ھايالىق، مېھرلىك تەلپۈنۈشلىرى، ئەرگە بولغان شەرتسىز ساداقىتى، ئىپپەت ئالدىدىكى بوشاشماس مەغرۇرلۇقىنى كۆرسەتكەن بولسا، يۈكسەكلىك دەل ئەرلەردىكى كەم ـ كۈتىسىز جان پىدالىقنى، ۋاپانى نامايىش قىلغانىدى. ئۇ، شېئىرنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلار ئەۋجىدە قايىنايدىغان چوڭقۇر قاينام ئېقىنىدا تۇرۇپ ئەرلەرنىڭمۇ ئىپپەتلىك بولىدىغانلىقىنى خۇلاسىلەپ چىققانىدى. نىكاھتىن كېيىنلا ھالاللاپ بېرىلىدىغان ۋە ئاۋايلاپ ئېلىنىدىغان «ئىپپەت» ئۇنىڭ نەزەرىدە ئىككى جىنسقا باراۋەر تەقسىملەنگەنىدى. قىز ـ ئاياللار ئۇنى يوقاتسا، ئىككى دۇنيالىق ھالال جۈپتىنىڭ توغرا ئىتائىتىدىن چىقسا، ھارامغا يول قويسا ھاياسىز، نومۇسسىز، شەرمەندە، جالاپقا، رەسۋاغا ئايلىناتتى. ئۇنى جانان چىندەك ئەتىۋارلاپ ساقلاپ ئىززىتىنى قىلسا خان ـ ئايال، مەلىكە ـ ئاغىچا، خېنىم ـ جېنىمغا ئايلىناتتى. غوجىمۇھەممەت ئۇنى ئەرگە تەققاسلىۋېدى، ئەرلەرنىڭ ئەخلاقى، ساداقىتى، ئىش ـ ئەمەلىگە يېڭى ئۆلچەم كەلدى: ئۆزىنىڭ ئەرلىك بۇرچىدىن باش تارتقانلارنى نېمە دېيىش كېرەك؟ ۋەتەن، ئەل، ئائىلە، قىز ـ خوتۇنلىرى ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىگە كۆزىنى يۇمۇۋالغانلارنى ئەر، ئادەم دېيىش كېرەكمۇ؟ بىر ئاچچىق سوئال ئۇنى ئەلەم گىردابىغا قىستىغانىدى.

يىگىت، ئەر سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا جەڭچى دېگەن مەنىنى بېرەتتى. شۇ بويىچە بولغاندا، ئەر دېگەن ۋەتىنىنى، ۋەتىنىنىڭ ئار ـ نومۇسىنى قوغدىشى، خەلقى ئۈچۈن ھەر ۋاقىت جان تەسەددۇق قىلىشقا تەييار تۇرالىشى كېرەك؛ ئائىلىسىنىڭ يۈزىنى تۆكمەسلىكى، قىز ـ ئاياللىرىنى تاشلىۋەتمەسلىكى، خارلىماسلىقى، خارلىنىشىغا، ياتلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا يول قويماسلىقى، ئۇلارنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى قوغدىشى، ئائىلىسىنى راۋۇرۇس قامدىشى، قەيسەر، باش ئەگمەس، ئۆزىنىڭ توغرا مەۋقەسىدىن يانمايدىغان بولۇشى كېرەك. بولمىسىچۇ؟ غوجىمۇھەممەت: «ئىپپەتسىز!»، دېدى. دېمەككى، ۋاپاسىز، بۇزۇق، شەرمەندە، نائەھلى، مۇناپىق، خىيانەتكار، ھېچقىز...

شائىر «ئەركەكلىك»نى ئىنسانىي مۇكەممەللىك دەپ قارىغانىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل قارىشىدا ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان بارلىق ئېسىل مەنىۋى، مەدەنىي مىراسلار مۇجەسسەم ئىدى. ئەخلاق، غايە، ئېتىقاد، ھايا، نومۇس... بۇلارنىڭ ھەممىسى «ئەركەكلىك» ـ «ئەرنىڭ ئىپپىتى»گە سىغدىلىپ كەتكەنىدى. ئىپپەتسىز ئەرلەر يامرىغان جەمئىيەتتە ئاياللار باشپاناھسىز قالاتتى، ئۇلارنى ئەيمەندۈرىدىغان، تەپ تارتقۇزىدىغان كۈچنىڭ قەدرى قالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاياللار ۋەھشىيلىشەتتى، تاپتىن چىقاتتى. ئەخلاق يىمىرىلەتتى، ئېتىقاد سۇناتتى. جەمئىيەت بۇقىسى كاردىن چىققان بىر تەلۋە پويىزغا ئوخشاپ قالاتتى. تىزگىنسىز غالجىر ئات ۋەيرانچىلىقتىن بۆلەك نېمە ئەكەلسۇن؟

شائىر كۆزىنى ئۆزىنىڭ ئۆلچەم دۇنياسىدىن ئېلىپ ئەتراپقا باققىنىدا پاجىئە ئالەمنى بىر ئالغانىدى. بەزى ئاياللار يالىڭاچ دېگۈدەك كوچىغا چىقىۋالغانىدى؛ بەزمىخانىلاردا، بۇلۇڭ ـ پۇچقاق، كوچا ـ كويلاردا ئەرلەرگە قىلغان مەسخىرىسىنى پەلەككە يەتكۈزگەنىدى. ئەرلەرنىڭ خېلى كۆپى ۋەتەن، ئەل ئەمەس، بىر خوتۇن ئالدىدىكى قەرز ـ مەجبۇرىيىتىنىمۇ ئادا قىلالماي بارغانچە شۇمشىيىپ، بىچارىلىشىپ كېتىۋاتاتتى. بىر چاغلاردىكى زەبەردەست تۇرقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان، يورۇش ـ كىيىنىشلىرىمۇ ئاياللارنىڭكىدىن پەرق قىلماس ھالغا كېپقالغانىدى. ئۇلۇغ سانىلىدىغان ھايامۇ، نومۇسمۇ مۇھەببەت نامىدا يىرتىلماقتا، چەيلەنمەكتە ئىدى. كوچىلاردا ئاپئاشكارا سۆيۈشۈشلەر، جىنسىي نومۇسسىزلىقلار ئەۋجىگە چىقماقتا ئىدى. بۈگۈنكى دۇنيا رېئاللىقىدا، بولۇپمۇ غەربتە ياراتقۇچىغا ھاقارەت كەلتۈرۈپ ئەرلەر بىلەن ئەرلەرنىڭ، ئاياللار بىلەن ئاياللارنىڭ جىنسىي بۇزۇقچىلىقى باش كۆتۈرگەن، ئۇلار نومۇس قىلماي ئۇنى قانۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن بولۇشىچە جار سېلىشماقتا ئىدى. خەقلەرمۇ ئېغىر ئالماس بوپكەتكەنىدى... ئاشۇ بوشلۇقتا ئەقىدە ـ ئېتىقادسىز كىشىلەر مەدەنىيەت، تەرەققىيات، يېڭىلىق، زامانىۋىلىق دەپ تەنتەنە قىلىشقىنىچە، شاد ـ خۇراملىقتا قايناپ ـ تاشماقتا ئىدى.

ئارىلاپ ئەڭ پەسكەش كوچىلار ئارا،
توۋلايمەن مانا بۇ بىزنىڭ شەھەر دەپ.
مەسخىرە قىلىمەن مەدەنىيەتنى،
قۇسۇقلار ئىچىدىن چىقىپ ئۆمىلەپ.

ـ غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت: «ۋاز كېچىش» تىن

شائىر مەسخىرىلىك ھېجىيىپ قويىدى. ئارقىدىنلا كۆرەڭ مەغرۇر-

لۇق بىلەن: «شەھەرنىڭ يۈزىگە تۆكۈردۈم راسا»، دېدى. ئارقىدىنلا
ئادىل تۇنىياز يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىگە ھەمجۇر بولالايدىغان شېرىك
تاپقىنىدىن خۇشھالدەك ئىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ھەممىلا نەرسە دەۋرەپ،
قۇتراپ تۇرغان ئايالاردەك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. شائىــر دوستى
ئېيتقان ئېيپەتلىك ئەرلەر، ئەركەكلەر ئۇلارنى بېسىقتۇرۇپ، ئالەمنى
يېتىپ كېلىۋاتقان بالا ـ قازادىن ساقلاپ قالالايتتى. جاھانغا ئەردەك
ئەر كېرەك ئىدى. شۇندىلا ئەۋج ئېلىۋاتقان ئايالللىشىش، بۇزۇلۇش،
يىمىرىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىن ئىدى. ئەر ئەردەك بولالمىغان
جايدىن بەرىكەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ۋەھالەنكى، ئەرلەرنىڭ ئەرلىكى
قۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار ئايالارنى ئۆزلىرىدىن تەپ تارتقۇزالمايۋا-
تاتتى، ئەيمەندۈرەلمىگەنىدى. ھەقىقىي ئىشەنچ ھۆرمەت بىلەن قور-
قۇشنىڭ تەگلىكىدىن تۇغۇلىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا ئايالار ئايالغا
ئوخشاپ، ئەرنىڭ ئىتائەتىدىكى مۇلايىم خوتۇن، مۇنەۋۋەر ئانىلار-
دىن بولاتتى. چىن ئادەم، ئايالغا ئوخشايتتى. پاراڭچى خوتەنلىك بو-
ۋايلار ئۇنىڭغا ھېكايە قىلىپ بەرگەنىدى: «ئايالاردا گال ئۈچ: بىرى،
يېمەك ـ ئىچمەك يەنى قورساق، بىرى، كىيىم ـ ئۈستىۋاش، يەنە بە-
رى،...» گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە بوۋايلار خىرىلداپ كۈلۈپ، توخ-
تىۋېلىشقاندى ۋە قوشۇپ قويغانىدى: «باشتىكى ئىككىسى تويمىسى-
مۇ مەيلى، ئەمما ئۈچىنچىسى قانمىسزە... ئىش چاتاق. ئالەمنى ۋەي-
رانچىلىق باسىدۇ».

شائىر ھەممە نەرسىنىڭ ئايالارنىڭ ئۆزلىرىنى ئېچىش، ئاشكارد-
لاش ئۈچۈن بولۇۋاتقىنىنى كۆرەتتى. تەننى يۆگەش ئېھتىياجى ئۈچۈن
كىيىلىدىغان كىيىملەر ئاتايىن تەننىڭ ئەڭ گەۋدىلىك قىسىملىرىنى نا-
مايىش قىلىش ئۈچۈنلا تىكىلىدىغان بولدى. ئېچىلدى، ئەخلاق يىر-
تىلدى، ئەرنىڭ كۆۋەجەپ تۇرغان ھېسسىياتى تىنماي غىدىقلىنىپ،
بىكارغا ئاقتى، تاشتى، ئاندىن يىگىلەپ كەتتى. تويماس ئاچ كۆزلۈك
رەستىلەردە ھاپىلداپ يۈگرۈپ تۇرۇپتۇ. كۆزگىمۇ، ئېغىزغىمۇ، بۇ-
رۇنغىمۇ، سەزگۈگىمۇ، تېرىلەرگىمۇ نەمخۇش بىر شاللاق ھېسسىيات
سۈركىلىپ تۇرسا تاشمايدىغان، ھەددىدىن ئاشمايدىغان نېمــە بــار؟
كىيىم ۋە جان ـ تەن ئىستېلاسى ئەقىدە ـ ئېتىقادى ئۆلگەن ئەرلەرنىڭ
جەسۇر تۇرقىنى ئەۋرىشىملەشتۇرۇپ، خېنىم مىجەز ـ لاتاغىلاپلاشتۇ-
رۇۋەتتى. ئاۋاز، يۈرۈش ـ تۇرۇشىدىكى جاراڭلىق تۇس، ئۆز ـ ئۆ-
زىگە ھۆددە قىلالايدىغان ئىشەنچ، غۇرۇر تەركىبلىرىمۇ سـۇسـلاپ
كەتتى. ئەر بىلەن ئايالدىكى مىجەز ـ خاراكتېر، كىيىنىش، ياسىنىش
پەرقلىرى بارا ـ بارا يوقىلىپ، قېتىلىپ، ئەر بىلەن ئايالنى دەررۇ ئاي-
رىشمۇ تەسكە چۈشكىدەك بىر ھال ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. شۇنداق،
توختاۋسىز غىدىقلىنىش ئەرلەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى. كاللىسىدا شەھ-
ۋەتتىن ئۇماچ قايناتتى، زېھنىنى چاچتى. نومۇس دەرىخىنىڭ ياپراق-
لىرى سارغىيىپ كەتتى...

ئەركەكلەر قېنى سىلەر؟؟؟...

شائىر غەزەپ بىلەن ئوقۇشقا كىرىشتى. نۇرغۇن ئادەم ئاڭلىدى،
جىممىدە تىڭشىدى، ئاندىن ئۈن ـ تىنىسىز كېتىپ قېلىشــتى. ئـۇلار
خورلۇققا قېلىشتىن خېلى بۇرۇنلا بۆرىنى بىلىپ ـ بىلمەي قوتانلىرىغا
باشلاشقانىدى. ئەرلەردىكى بۇلغانغان روھ، ئۆلچىمىنى يوقاتقان تۇر-
مۇش شەكلى مەيدانغا چىقارغان جىسمانىي يىگىلەش، روھىي سولغۇن-
لۇق، پەرۋاسىزلىق ئايالنى قوزغاتقانىدى. ئايالنىڭ ئەمدىكى نەرسىگە

ئەر نېمە دېيىشى، نېمە قىلىشىنىمۇ بىلەلمەي سۆكۈتكە پاتقــانــدى.
جىمىپ قالغان، بويىنى ئېگىلگەنىدى. دوختۇرخانىلاردا، دورىخانىلاردا
ئۇلارنىڭ نائىلاجلىقى، ھەسرىتى پەلەككە يەتتى.

ئىككى شائىر يېگانە قالدى. ئادىلنىڭ ئاۋازى يەنە ياڭرىــغــلى
تۇردى:

ئەرلەر ھاۋادا توپا ـ چاڭدەك،
ئەرلەر خورلۇقتا تۇرىدۇ تامدەك.
ئەرلەر يۇمشاق ئېرىگەن شامدەك...

ـ ئادىل تۇنىياز: «يۇلتۇزلارمۇ ئۆلىدۇ» دىن

ئۇ، ئايالارنىڭ ھەددىدىن ئېشىشىنى ئەرلەرنىڭ بوشاڭلىقــدىن
كۆرەتتى. شېرىكى غوجىمۇھەممەت:

خوتۇنغا قارىيالماي تىك،
ئىككىنچى قۇللۇقنى ھېس قىلغان ئەرلەر.

ـغوجىمۇھەممەت مۇھەممەت: «ئەرنىڭ ئېيپىتى»دىن

دەپ پىچىرلاپ قويدى ۋە بىر كۈچلۈك ھەۋەس بىلەن ئوقۇشقا
كىرىشتى:

جىنسىيەت ئېلانى چاپلانغان تامدا،
قاقاقلاپ كۈلىدۇ رەھىمسىز ئايال.
دەھشەتلىك بوۋامنىڭ يەتتە خوتۇنى،
مەن موماك ئەمەس، دەپ تىترىشەر غال ـ غال.

ـ غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت: «سەرسان كۆڭۈل» دىن

ئەمدى ئادىل چۈشتى. ئۇ ئەرلەرگە قارىماستىن ئايالارغا قادىلە-
ۋالغانىدى.

ئەي غەربتىن كەلگەن يېشىل نۇر،
ئەي، ئايال دەپ ئاتالغان بومبا.
ئەي بۈيۈك ئايال
بىز ئەرلەر ئەما.
بىز قولۇڭدا ئەما نىھايەت،
ھالاك قىلما شەھەرنى ئەمما
ھەممىمىزگە يېقىن قىيامەت.

ــئادىل تۇنىياز: «ئەبۇ زەبى»دىن

ئانا دېسە ئۇنىڭ ئالدىغا
كېلىدۇ ئاياغئاستى قىلىنغان يەرلەر.
ۋەتەن دېسە ئۇنىڭ ئالدىغا،
كېلىدۇ ئېيپىتى بۇزۇلغان ئەرلەر.

ــغوجىمۇھەممەت مۇھەممەت: «غوجىمۇھەممەت» تىن

بۇ كۈنلەردە سۆڭەكسىز ئەرلەر،
سۇدەك ئۈستا يۇمشاق ياشاشقا.

ـ ئادىل تۇنىياز: «سۆزلىگۈم كېلىۋاتىدۇ»دىن

ئەركەك پاشىمۇ تاپىدۇ بالا...

ــئادىل تۇنىياز: «يۇلتۇزلارمۇ ئۆلىدۇ»دىن

غوجىمۇھەممەت ئەسەبىيلەشكەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ مىسرالىرد-
دىكى تىلمۇ بارغانسېرى جەڭگىۋارلىشىپ، ئۆتكۈرلىشىپ، قوپاللە-
شىپ كەتكەنىدى. ھېسسىيات كەلكۈندەك جىددىي، كەسكىن داۋال-
غۇيتتى. شېئىرىي نەپەس ئوت بولۇپ يانماقتا ئىدى. ئۇنىڭچە، ئەر
دېگەن تىنىم تاپماسلىقى، ھەرىكەتتە، ئىش ـ ئەمەلدە؛ جــمــجــت

www.uygurkitap.com

ئەمەس، هاياتلىق ئۈچۈن كۈرەشتە، ئېلىشىپ ـ چېلىشىشتا جان بېرىشى كېرەك ئىدى.

جىنازىنى كۆتۈردى تۆت ئەر
ئارقىسىدىن ئەگەشتۇق يۈز ئەر
يەتتە كەتمەن توپا تاشلىدۇق،
قىلدى روھى دوزاخقا سەپەر.
چۈنكى پىچاق غىلاپتا،
ئۇ ئۆلۈپتۇ كارىۋاتتا.

ــغوجىمۇھەممەت مۇھەممەت: «ئۇ ئۆلۈپتۇ كارىۋاتتا»دىن

شائىر ئادىل بولسا ۋەزمىن، ئېغىر ـ بېسىق كەيپىياتىنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاشنى بىلىۋالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «قەشقەردىكى يەر شارى» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 5 ـ ، 6 (قوشما سان)، «سۈزۈك سەپەر»، «ئەركەكلەر، قېنى سىلەر» ناملىق داستانلىرىدا ۋە هەر بىر شېئىرىدىكى بىر هەرپ، بىر سۆز، جۈملە ئارقىلىقمۇ ئادىمىيلىك، ئەخلاق، ئېتىقاد هەققىدە نازۇك بېشارەتــلــەرنى بەرگىنىچە كېتىپ قالغانىدى. غوجىمۇھەممەت پىكرىنى ئوچۇق، ئاچچىق ئىپادىلەشكە بەكرەك مەپتۇن ئىدى. ئادىل بولسا ئۆز تۇيغۇلىرىنى هەرپلەر، مەنزىرىلەر ۋە تەسۋىرلەرنىڭ قىسىلچىقىغا تاشلاشقا ئامراق ئىدى. ئۇ سەنئەتلىك ئېقىنغا بەكرەك مايىل كۆرۈنەتتى. ئەمما ئۆزى ئەقىدە قىلغان چىن هەقىقەتلەرگە بولغان مەدھىيە ـ ئىخلاسى ئۇنىڭ پۈتكۈل شېئىرلىرىنىڭ تىنىق ـ تىنىقىغا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ناهايىتىمۇ پاكىز ۋە غەرەزسىز سۆيۈش، سۆيۈنۈش، مەستخۇشلۇق، ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇدلۇقى ۋە هالاكىتى ئۈستىدىكى جىددىي ئويلىنىش، ۋەھىملىرى كىشىگە قىسقا ئەمما كۈچلۈك بېشارەت بېرىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا سۇنىڭ ئېقىشى، ئاتنىڭ تۇرقى، يايلى، رەڭلەر... هەممە ـ هەممىلا نەرسە ئۇنىڭ مەنىلەر نەھرىگە باي كۆزىدە تىلغا، دىلغا، دىنغا، تىنغا ئايلىنىپ ئالەمىي مەۋجۇدلۇق ۋە هەقىقەتلەر هەققىدە رىسالىلەر سۆزلەيدۇ. ئۇ بىر زەررە قۇمدىن ئالەمنىڭ يارىتىلمىسىدىن تارتىپ قىيامەتكىچە بولغان تارىخىي جەريانىنى ئايان قىلىپ بېرەلەيدىغان شائىر. تىل، سۆز، گىراماتىكا ئۇنىڭ ئىقلىمىدا تەرتىپ ـ ئىنتىزامىنى يوقاتقان، خالىغانچە پۇۋلىسە بولىدىغان رەڭدار شارلاردەك جىلۋىگەر، مەپتۇنكار. ئۇ سىز، مېنى جۈملىلەرنىڭ قاتتىق قامالىدىن قۇتۇلدۇرۇپ تۇرۇپ راھەتبەخش، يېنىك سىلكىپ، تالاپ قويالايدۇ. سىزنى تۇيدۇرماي تەبەسسۇمغا باشلاپ، يەنە شۇنداق تۇيدۇرماي قانتىدۇ. ئەمما مەيلى ئىقرار قىلىڭ ـ قىلماڭ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى سوزۇلغان بوشلۇقنىڭ چەك ـ چېتى شۇنداق بىر مۇئەللەققە تۇتىشىپ تۇرىدۇ:

ئادىمىيلىك ـ ئەركەكلىك!

غوجىمۇھەممەت ئاشۇ بوشلۇقتا مەشرەپتەك بوغۇلۇپ، ئاچچىق تولاپ، ۋارقىرايتتى. شېئىرىيەتتىن قۇرۇپ چىققان ئۆزىنىڭ روھ دارىغا پولاتلاپ ئېسىلىپ تۇرۇپ تىنىماي شېئىرىي ئىسيان كۆتۈرمەكتە بولاتتى. يايلىنى سىلكىگەن ئەركەك شىردەك ئۈزۈن، قاسماقلىشىپ كەتكەن چاچلىرىنىڭ هەر بىر سىلكىنىشىدە بىر ئاچچىق نىدا ئەتراپقا تارايتتى:

ئېپەت ... ئەر... ئادەم ـ ئىنسانىي كامالەت!!!

بىلىش، ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، «ئادەم» دېگەن سۆزگە ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق ئېسىل پەزىلەت مۇجەسسەملەنگەن. ئەرمۇ، ئايالمۇ ئادەم بولغانىكەن، ئۇنىڭ تۇرغان ـ پۈتكىنىگە پۈتۈلگىنىمۇ شۇ كامالەتنىڭ ئىپتىداسى. ئادەم توغۇلغاندا كەم ـ كۈتىسىز، مۇكەممەل يارىتىلىدۇ، دېيىلىدۇ. هەممەيلەن ئاقۋەتتە بەخشەندە قىلىپ بېرىلگەن نەرسىلەرنىڭ هەقلىق جاۋابكارلىرى. جاۋابىي سىز، بىزنىڭ ئېغىزىمىز ئەمەس، ئەمەلىمىز بېرىدىغان كۈنلەر كېلىدۇ. «ئەركەكلىك» توغرىسىدا ئىككى شائىرنىڭ ئىككى ياندا تۇرۇپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىشىمۇ، بىزنىڭ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئېچىنىپ سۆزلەشلىرىمىزمۇ بىرلا نەرسە ـ ئادەمدەك ياشاش ئۈچۈندۇر.

غوجىمۇھەممەت ناهايىتى توغرا دەيدۇ:
شېئىر يېزىش ئەمەس مۇددىئا.

ـ غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت: «قويىۋەتتىم خىيال قۇشۇمنى»دىن

ئادىلمۇ دۇرۇس گەپ قىلىدۇ:
ئادەم ئۆلدى، قاراپ بېقىڭلار،
ئۆلمەكتە بىر ۋاستىگە مەقسەت.
ئۆلمەكتىمىز هەي ئىنسانىيەت!

ـئادىل تۇنىياز: «سۈزۈك سەپەر»دىن

قاراپ بېقىش، ئوقۇپ قويۇش، تەستىقلاش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ. ئىنسانىي كامىللىقنى قوغلىشىش ـ مانا بۇ مەڭگۈلۈك، ئۆزگــەرمــەس نىشان! ئەمما بۇمۇ ئەركەكلىك تەلەپ قىلىدۇ ـ دە!

2005 ـ يىل 11 ـ يانۋار، قاراقاش ـ باۋا

---

ئاپتور: قاراقاش ناهىيە باۋا يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى (M1)

بۇ سان 2006 ـ يىل 20 ـ ئاپرېل تىزىشقا يوللاندى، 30 ـ ماي باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان ماموت، رىسالەت مۇھەممەت. بېكىتكۈچى: قۇربان ماموت (ئالىي مۇھەررىر)، ئاخىرقى بېكىتكۈچى: ئابدۇكېرىم رەھمان (پروفېسسور، دوكتور ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى).



ئەدەبىياتشۇناس، قىرغىز ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بويىچە تالانتلىق ئوبزورچى، پروفېسسور
مامبەت تۇردى ئەپەندى

قېنىپ كۈلۈش: ئىستېداتلىق يازغۇچىلىرىمىز ئەخەت تۇردى(ئوڭدا) بىلەن جالالىددىن بەھرام قىزغىن پاراڭدا

— ئادىل ئىسمائىل فوتوسى




《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路 16 号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐市胜利路 193 号
邮　　编：830001　电话：（0991）2856942
印　　刷：《新疆日报》印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局

邮发代号：58－22　定价：5 元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2006-يىل 3-سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008－6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65－1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت- ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە تارقىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 193-نومۇرلۇق قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: 2856942(0991)
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-22　باھاسى: 5 يۈەن